2020 مارت -ئاپرېل

ئومۇمىي 8-سان

# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

### ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



سىزمىدىن مەدەنىيەت
25



قۇربان مامۇت
64



قىپقىزىل يالغانچىلىق
1



2020 مارت -ئاپرېل
ئومۇمىي 8-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئومۇمىي ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسى ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.



باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئەنۋەر قاراقۇرۇم

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكتى فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكتى فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇب.**

6009800461091

# مۇندەرىجە

## مىسلىسىز ئويغىنىش


ئۇيغۇرلار سىلماقتا 49

مەڭگۈلۈك يوقۇلۇشمۇ؟ 45

ئالتە خىل تەپەككۇر قالپىقى 42

ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكا 67

ۋەتەن خائىنلىرى ۋە تارىخىمىزدىكى مۇناپىقلار ھەققىدە 101

ھېنرىك شەجەۋىسكى 48


## خىتاي تەتقىقاتى


قىپقىزىل يالغانچىلىق: كوممۇنىست خىتاينىڭ دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇش ئىستىكىنىڭ ئىچيۈزى


## گۈلىستان



سۆز بوشلۇقىدىن ئالەم بوشلۇقىغا 71


## تارىخ ۋە بىز


مىللىي ئارمىيەگە دائىر قىسمەن مەلۇماتلار 80















## ئۇيغۇر مەدەنىيىتى


سىزمىدىن مەدەنىيەت روجەكلىرىگىچە


## كۆپچىلىكتىكى ئۇيغۇرلار


گېرمانىيە ئۇيغۇرلىرى 37


## مەدەنىيەتىمىزدە ئىسلام


مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى باھالىرى 77


## بۈيۈك سىمالار


قۇربان مامۇت

مەننان ئۇيغۇر

# قىيقىزىل ياالغانچىلىق:

## كومموْنىست خىتاينىڭ دۇنياۋى هۆكۈمران بولۇش ئىستىكىنىڭ ئىچىيۈزى

**Deceiving the Sky: Inside Communist China's Drive for Global Supremacy**

بىل گېرتس «ۋاشىڭتون ۋاقتى» دۆلەت بىخەتەرلىكى سەھىپىسىنىڭ داڭلىق مۇخبىرى. هازىر دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپلىك خىتاي ئىشلىرى ئانالىزچىسى. خىتاي تەھدىتى هەققىدە مەخسۇس ئالتە كىتاۋى بار.



بىل گېرتس

Bill Gertz

☆ كىرىش سۆز ☆

# ئاسمانغا تۆيدۇرماي دېڭىزدىن ئۆتۈش

**«مۇنەۋۋەر مۇداپىئەچى توققۇز قات زېمىننىڭ تېگىگە يوشۇرۇنىدۇ؛ مۇنەۋۋەر ھۇجۇمچى توققۇز قات ئاسماننىڭ ئۈستىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇ ئەنە شۇ رەۋىشتە ھەم ئۆزىنى قوغدىيالايدۇ، ھەم تەلتۆكۈس غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ».**

**– سۇنزى ھەربىي ئىشلار دەستۇرىدىن**

**1999** - يىلى، يەنى بۇندىن يىگىرمە يىل بۇرۇن، مەن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئىستىخبارات ئىدارىسىغا (**DIA**) جايلاشقان، بەش بۇرجەكلىك بىنانىڭ ئەڭ سىرتقى ھالقىسىدىكى دېرىزىسى يوق دوكلات بېرىش ئۆيىدە ئولتۇراتتىم. يىغىن ئۈستىلىنىڭ ئۇ بېشىدا **DIA** نىڭ ئىدارە باشلىقى، قۇرۇقلۇق ئارمىيەنىڭ گېنېرال لېيتېناتى ئولتۇراتتى. بىر نەچچە مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەستىن، ئۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر سۆزنى ئېيتتى: «خىتاي تەھدىت ئەمەس، بىل (ئەپەندى)». مەن بۇ ئۈچ يۇلتۇزلۇق گېنېرالدىن نېمىشقا بۇنداق قارايدىغانلىقىنى سورىدىم. بەش بۇرجەكلىك بىنانىڭ ئۇل پرىنسىپىغا بىنائەن، بۇ يەردە ئىسمىنى ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان بۇ گېنېرال خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ خىتاينىڭ تەھدىت ئەمەسلىكىنى جاكارلىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن خىتايلارنىڭ تەھدىت ھېسابلانمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن بۇ جاۋابتىن ھاڭ-تاڭ قالدىم. ئۇ چاغلاردا «خىتاي تەھدىت ئەمەس» تىپىدىكى گەپلەر (ئامېرىكادىكى) مۇلكى سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر ئارىسىدا، ھەتتا يادرو قورالىغا ئىگە بېيجىڭدىكى دىكتاتور ھاكىمىيەتنىڭ خەتىرىنى يىللاردىن بېرى سەل چاغلاپ كەلگەن مۇلكى ئىستىخبارات خادىملىرى ئارىسىدىمۇ ئومۇملاشقان ئىدى. ئامېرىكانىڭ ئەڭ چوڭ ھەربىي ئىستىخبارات ئەمەلدارىدىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدە، شۇنداقلا ئامېرىكا ئارمىيىسىدە دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى سىياسىتى جەھەتتە زور تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بىر شەخستىن بۇنداق سۆزنى ئاڭلاش كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى.

تەجرىبە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى، جۈملىدىن كوممۇنىستىك خىتاي شەكىللەندۈرگەن تەھدىت توغرىسىدا چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇنداقلا، خىتايدىكى سىستېما ۋە خىتاينىڭ قىلمىشلىرى توغرىسىدا خاتا تونۇشلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە ئىدى. ئۈچ يۇلتۇزلۇق پاگون تاقىۋالغان يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ھەربىي ئەمەلدارنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدىغان، ئىستراتېگىيە جەھەتتە كۆز بويامچىلىق قىلىدىغان، ئىلكىدىكى يادرو قوراللىرى ئامېرىكا تۇپراقلىرىغىچە يېتىپ كېلەلەيدىغان بىر دۆلەتنى تەھدىت دەپ قارىماسلىقى راستلا ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى.

**DIA** ئىدارە باشلىقىنىڭ خىتاي ھەققىدىكى خاتا كۆز قارىشىغا رونالد مونتاپېرتو (**Ronald Montaperto**)غا ئوخشاش **DIA** تەھلىلچىلىرى سەۋەب بولغانىدى. رونالد مونتاپېرتو **1980** – يىللىرى **DIA** نىڭ خىتاي ھەققىدىكى باش مۆلچەرلىگۈچىسى ئىدى. ئۇ كېيىن قولغا ئېلىنغان ۋە مەخپىي ئۇچۇرلارنى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئىككى نەپەر ھەربىي خادىمىغا ئاشكارىلاپ قويغانلىق جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلغانىدى. ئۇنىڭ جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىش كېلىشىمىگە ئالاقىدار سوت قىلىش جەريانىدا، **DIA** نىڭ يەنە بىر تەھلىلچىسى لوننى ھېنلېي (**Lonnie Henley**) سوتچىغا يازغان، مونتاپېرتونىڭ خاراكتېرى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرگەن خېتىدە، دوستى مونتاپېرتونى – ئۇنىڭ قىلمىشىنى ئەمەس ئەلۋەتتە – ئاقلىغانىدى. ھېنلېي **DIA** دا خىزمەت قىلغان ۋە شەرقىي ئاسىياغا مەسئۇل مۇئاۋىن دۆلەت ئىستىخبارات ئەمەلدارى بولغان

ئوتتۇز يىل مابەينىدە، ئامېرىكا ئىستىخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ «خىتاي ئامېرىكا بىلەن ئەپ ئۆتۈش تەرەپدارى» دېگەن قاراشنى داۋاملاشتۇرۇشىغا سەۋەبچى بولغان. شۇنداقلا، ئۇ تاكى 2019 – يىلىغىچە **DIA** دىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي مەسىلىلىرى تەھلىلچىسى ئىدى.

**DIA** غا ئالاقىدار كەچمىشلىرىم 2000 – يىلى نەشردىن چىققان «خىتاي تەھدىتى: (خىتاي) خەلق جۇمھۇرىيىتى ئامېرىكانى قانداق نىشانغا ئالدى؟» دېگەن كىتابنى يېزىشىمغا تۈرتكە بولغانىدى. مەزكۇر كىتابتىكى نۇقتىئىينەزەرلەر ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىكىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان «خىتاي ئەپ ئۆتۈش تەرەپدارى» دەيدىغان يۇمشاق كۆز قاراشلارغا تامامەن زىت ئىدى. مەن «21 – ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ تەھدىت خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى يادرو قورالىغا ئىگە كوممۇنىستىك دىكتاتۇرادۇر» دەپ يازغانىدىم. «خىتاي تەھدىتى» دېگەن بۇ كىتابتا كومپارتىيەنىڭ خىتايدىكى بىر مىليارد 300 مىليون — ھازىر بىر مىليارد 400 مىليون (بۇ سانىنىڭ ئەمەلىيەتتىكىدىن خېلى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىغانلىقى ئېنىق) — ئادەمنى قانچىلىك رەھىمسىزلەرچە باشقۇرىدىغانلىقى ئاشكارىلان-غانىدى.مەن (ئۇشبۇ كىتابتا) خىتاي كومپارتىيەسى رەھبەرلىرىنىڭ ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا (ياپونىيەنىڭ) مەرۋايىت پورتى ھۇجۇمىغا ئوخشاش كۈتۈلمىگەن ھۇجۇم قوزغىشى مۇمكىنلىكى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغانىدىم. ئەمما، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى سەرخىللار ئۇشبۇ كۆز قاراشلارنى خىتاينى تۈزۈك چۈشەنمەيدىغان (مەندەك) بىر كونسېرۋاتىپ ژۇرنالىستنىڭ (بىھۇدە) ئاگاھلاندۇرۇشلىرى دەپ ئېتىبارغا ئالمىغانىدى. (ئۇ مەزگىللەردە) ھۆكۈمەتتىكى غايەت زور كۆلەملىك خىتاينى كۆزىتىش ئورگىنى، ئىستىخبارات ساھەسىدىكىلەر، ھەربىيلەرنىڭ بىر قىسمى، پۈتۈن ئىلىم ساھەسى ۋە ئاقىللار ئامبىرى ساھەسىدىكىلەر خىتايغا ئالاقىدار مۇھاكىمە ۋە ھۆكۈمەت سىياسەتلىرىدە (خىتاي تەھدىت ئەمەس دەيدىغان، ت) ئاجايىپ كەسكىن ئۇپچە تەپەككۇرنى زورلاپ تاڭاتتى. خىتاينى «ئاق كۆڭۈل» (تەھدىتسىز) دۆلەت دەپ قارايدىغان بۇ خىل يېتەكچى كۆز قاراشقا قوشۇلمايدىغان ھەرقانداق ئادەم «ئۇرۇشخۇمار» ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يامان ناملار بىلەن ئاتىلىپ، سىياسىي جەھەتتىن ھۇجۇمغا ئۇچرايتتى. مەيلى ھۆكۈمەت سىياسىتى ئورۇنلىرىغا خادىم قوبۇل قىلىش، ياكى كەسپىي – سىياسىي ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەشلەردە بولسۇن، خىتايغا ئىجابىي كۆز قاراشتا بولۇش رەسمىي ھۆججەتكە ئايلانمىغانىدى - يۇ، ئەمما تولىمۇ قاتتىق ئۆلچەم قىلىنغانىدى. مەسىلەن، ھەربىيلەر خىتاي تەھدىتى ھەققىدە راست گەپنى قىلسا، كەسپىي ھاياتى شۇئان ئاياغلىشاتتى.

ۋاقىت «خىتاي تەھدىتى» دېگەن كىتابتىكى ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى، شۇنداقلا مەزكۇر كىتابتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئالاقىدار نۇرغۇن تەشەببۇسلار نۆۋەتتە ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ.

2010 – يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، خىتاي بىلەن چەكلىمىسىز كېلىشىپ ئۆتۈش سىياسىتىنىڭ تەلتۆكۈس مەغلۇبىيەت ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلقئارادا تېخىمۇ مۆتىدىل، تېخىمۇ دېموكراتىك، تېخىمۇ بىر پۈتۈنلەشكەن دۆلەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشنىڭ ئورنىغا، تىنچلىقىقا، بىخەتەرلىككە ۋە ھوقۇق بىلەن گۈللىنىشتىن ئىبارەت ئىككى ئۇللۇق ئەركىنلىككە تېخىمۇ خەتەرلىك تەھدىت سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، خىتاي ئۆزىنىڭ ماۋ زېدوڭچە كوممۇنىستىك ئەنئەنىسىگە قايتتى ۋە دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قولغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت ئىچىدە تېخىمۇ رەزىل دىكتاتۇراغا ئايلاندى.

1999 – يىلىدىكى ئىشلارنىڭ يۈز بەرگىنىگە يىگىرمە يىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە، **DIA** نىڭ يەنە بىر ئىدارە باشلىقى (خىتايغا قارىتا) تامامەن پەرقلىق كۆز قاراشتا بولدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيەنىڭ لېيتېنانت گېنېرالى روبېرت **P** ئاشلېي **(Robert P. Ashley)** ئىلگىرىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ خىتاي ھەققىدىكى مەغلۇبىيەتلىك كۆز قاراشلىرىغا تامامەن زىت قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاشلېي

**DIA** نىڭ بىر دوكلاتىدا خىتاي رەھبەرلىرىگە نىسبەتەن كوممۇنىستىك ئىدىئولوگىيەنىڭ ھېلىھەم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالدى. **1949** – يىلى ماۋ زېدوڭنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا كوممۇنىستلارنى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقارغان ــــ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ۋەھشىي قىرغىنچىلىقلارنىڭ بىرى دەپ قارىلىدىغان ــــ ئىنقىلاب بېيجىڭدىكى خىتاي كاتتىباشلىرىنىڭ ئامېرىكاغا قارشى قوشۇن تارتىشىغا تۈرتكە بولغانىدى. بۇ تۈنجى قېتىم چاۋشىيەندە بولغان (خىتاي چاۋشىيەنگە ياردەم بېرىپ، ئامېرىكاغا قارشى تۇرغان، ت). ئىككىنچى قېتىم ۋېيتنام ئۇرۇشىدا خىتاي خانوينى (ئامېرىكاغا قارشى) ھاۋا ۋە ھاۋا مۇداپىئە ياردىمى بىلەن تەمىنلىگەن.

خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى **(PLA)** نىڭ قوشۇنلىرى **1989** – يىلى بېيجىڭدىكى تيەنئەنمېن مەيدانىدا مىڭلىغان خىتاينىڭ دېموكراتىيەگە بولغان تەلپۈنۈشىنى بەربات قىلىشقا ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئوتتۇز يىلدا خىتاينىڭ چەكلىمىسىز ھالدا ئامېرىكانىڭ ئەڭ قىممەتلىك بەزى تېخنىكىلىرىنى ئوغرىلاش ياكى قولغا كىرگۈزۈش ھەرىكىتىگە ئىجازەت بېرىلدى ۋە خىتايمۇ دەرھال شۇنداق قىلىشقا كىرىشتى. بۇ ئوغرىلىقلار ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىگە يەتكەن بولۇپ، خىتاي ھەر يىلى ئامېرىكادىن ئوغرىلىغان تېخنىكا ۋە ئەقلىي مۈلۈكلەرنىڭ قىممىتىنىڭ **600** مىليارد دوللارغا يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. «بۇ خىل كۆپ قاتلاملىق تېخنىكا ئىگىلەش (ئوغرىلاش) نەتىجىسىدە، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى دۇنيادىكى ئەڭ زامانىۋى قورال سىستېمىلىرىنىڭ بەزىلىرىگە ئىگە بولۇش ئالدىدا تۇرماقتا» دېدى ئاشلېي «خىتاينىڭ ھەربىي كۈچى» ناملىق **DIA** دوكلاتىغا يازغان كىرىش سۆزىدە.

**DIA** يىگىرمە يىلدىن بۇيان بۇ جەھەتتە قانداقسىگە بۇنچە قايمۇقۇپ قالدى؟ (بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى) بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى كەلگەن ھۆكۈمەتلەر ــــ ھەم دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ، ھەم جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ ــــ بىردەك «ئەگەر ئامېرىكا خىتاي بىلەن نوقۇل تىجارەتلا قىلسا، بېيجىڭدىكى كوممۇنىستىك رېجىم ھامان بىر كۈنى ئەركىن بازارغا ۋە دېموكراتىك سىستېمىغا ئايلانماي قالمايدۇ» دېگەن خاتا پەرەزنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمىدى.

ھالبۇكى، نەچچە ئون يىلغا سوزۇلغان مەزكۇر خاتا سىياسەت تۈپەيلى، ماۋ زېدوڭنىڭكىدىن قېلىشمايدىغان، چەكلىمىسىز ھوقۇققا ئىگە «داھىي»، يەنى باش سېكرېتار شى جىنپىڭ باشچىلىقىدىكى كېڭەيمىچى، قاتتىق قول كوممۇنىستىك رېجىم بارلىققا كەلدى. **2012** – يىلى تەختكە چىققان مەزكۇر يېڭى رەھبەر تولىمۇ قاتتىق قوللۇق بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى ۋە كوممۇنىستىك ئىدىئولوگىيەنى خىتاينىڭ ئاسىياغىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولۇش پىلانىنىڭ يادروسى قىلدى.

(ئامېرىكانىڭ خىتايغا قاراتقان سىياسىتىدىكى) بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى «قېپقىزىل يالغانچىلىق : كوممۇنىست خىتاينىڭ دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇش ئىستىكىنىڭ ئىچيۈزى» دېگەن بۇ كىتابىمىزنىڭ باش تېمىسىدۇر.

خىتاي ئۆزىنىڭ قەدىمكى تاكتىكىلىرىنى ئىشلىتىشكە ھېرىس، نۆۋەتتىكى كوممۇنىستىك رېجىممۇ بۇ جەھەتتە (ئۆتمۈشتىكى باشقا خىتاي ھاكىمىيەتلىرىدىن) پەرقلەنمەيدۇ. كىتابىمىزنىڭ ئىسمىدىكى « قېپقىزىل يالغانچىلىق» **(Deceiving the Sky)** دېگەن ئىبارە خىتاينىڭ قەدىمكى قوماندانلىرى تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن «ئاسمانغا تۈيدۇرماي دېڭىزدىن ئۆتۈش» (瞒天过海) دېگەن ئىستراتېگىيەدىن كەلگەن. مەزكۇر ئىستراتېگىيەنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى ئەپسانىدە دېيىلىشىچە، بىر پادىشاھ كوگۇرىيو دېگەن قوشنا ئەلگە، يەنى بۈگۈنكى كورىيەگە ھۇجۇم قىلىشتا ئىككىلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى ئۇنى (سۇ بويىدا ئۆيى بار) بىر باي دېھقاننىڭ ئۆيىگە زىياپەتكە بېرىشقا كۆندۈرىدۇ. پادىشاھ زىياپەت تەييارلانغان ئۆيگە كىرگەن ھامان، ئۆي ئورنىدىن قوزغىلىشقا باشلايدۇ. ئەسلىدە پادىشاھ (قارىماققا ئۆيگە ئوخشاش ياسالغان ) بىر كېمىگە ئالداپ چىقىرىلغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھمۇ كېيىمدىن چۈشۈۋېلىشنىڭ ئورنىغا داۋاملىق ئىلگىرىلەپ قوشنا ئەلگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ ۋە ئاخىرى جەڭدە غەلىبە قىلىدۇ.

مەزكۇر ئەپسانە كېيىنچە خىتايلار تەرىپىدىن ئەسىرلەرچە سىياسەت ۋە ئۇرۇش يېتەكچىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىلغان كىلاسسىك «ئوتتۇز ئالتە تەدبىر»نىڭ ئىچىدىكى تۆنجى تاكتىكىغا ئايلاندى. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرىگە كۆرە، «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئالدى بىلەن رايون (ئاسىيا)نىڭ، ئاخىرىدا دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلىنىش»تىن ئىبارەت مەقسەت – مۇددىئانى يوشۇرۇش ئۈچۈن «ئاسماننى ئالداش» قەتئىي زۆرۈردۇر. مەزكۇر ئىستراتېگىيەگە كۆرە، بىر رەھبەر (قوماندان)نىڭ ئۇرۇشتا يېڭىش ئىرادىسى شۇ قەدەر تەۋرەنمەس بولۇشى كېرەككى، (ئۇشبۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن) ھەتتا خىتاي كۇلتۇرىدە ئاسماننىڭ ئوغلى ( 天 子 ) دەپ قارىلىدىغان پادىشاھلارنى ئالداشتىنمۇ يانماسلىقى كېرەك. بۈگۈنكى خىتايغا نىسبەتەن، مەزكۇر ئىستراتېگىيە «نەتىجە سەۋەبنى قانۇنىيلاشتۇرىدۇ» دېگەن ماركسىزم ئۆگۈتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بېيجىڭ «يالغاننى راست قىلىپ كۆرستىش» دەيدىغان قەدىمىي ئىستراتېگىيەلىك كۆز بوياмچىلىققا تايىنىپ، يالغان نىشانلار ئارقىلىق ھەقىقىي نىشانىنى يوشۇرۇۋاتىدۇ. بۇ خىتاينىڭ «دېڭىزدىن ئۆتۈشى»دىكى ۋە دۇنيا سەھنىسىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتلىك ئورنىدىن ئىبارەت «تېگىشلىك» جايىنى ئىگىلىشىدىكى بىردىنبىر توسالغۇ بولغان ئامېرىكاغا قارشى پۈتۈن ئۇرۇش ۋاستىلىرىنى ئىشقا سالىدىغان كوممۇنىستىك ئىستراتېگىيەسىنى تەسۋىرلەشنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلىدۇر. بۇ تاكتىكا شۇنداق چۈشەندۇرۇلىدۇ:

مەخپىي پىلانلار ئاشكارا ھەرىكەتلەرگە زىت بولماستىن، ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. مۇتلەق ئاشكارىلىققا مۇتلەق مەخپىيلىك يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، بىراۋ «ئاسمانغا تۇيدۇرماي دېڭىزدىن ئۆتۈش» ئۈچۈن دېڭىزدا ئاشكارا يۈرۈشى كېرەك – يۇ، ئەمما دېڭىزدىن ئۆتكۈسى يوقتەك ھەرىكەت قىلمىقى لازىمدۇر.

خىتاي 1970 – يىللاردىكى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ قالايمىقانچىلىرى بېسىققاندىن تارتىپ، زور كۆلەملىك ئىستراتېگىيەلىك كۆز بوياмچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ خىل كۆز بوياмچىلىقلار 1980 – يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى ئاتالمىش «ئېچىۋېتىش» مەزگىللىرىدە تېخىمۇ تېزلىتىلدى. DIA (ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئىستىخبارات ئىدارىسى)دىمۇ ئىسپاتلانغىنىدەك، مەزكۇر كۆز بوياмچىلىقلار ئامېرىكا ۋە دۇنيا مىقياسىدا نۇرغۇن كىشىلەرنى خىتاينىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن تەھدىت ئەمەسلىكىگە ۋە ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىق ئۆتۈش كېرەكلىكىگە ئىشەندۇردى. دۇنيا مىقياسىدا ھۆكۈمەتلەرنى ۋە سەرخىللارنى قايىل قىلغان مەزكۇر (ئىستراتېگىيەلىك) كۆز بوياмچىلىقلارنىڭ يادرولۇق نۇقتىسى ـــ «خىتاي تىنچلىقپەرۋەر دۆلەتتۇر؛ خىتاينىڭ رايون ياكى دۇنياغا خوجا بولۇش خىيالى يوق؛ شۇنداقلا، ئۇنىڭ پۈتۈن ھەرىكەتلىرى، جۈملىدىن ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھەربىي ۋە باشقا پائالىيەتلىرى كوممۇنىستىك بولمىغان باشقا نورمال دۆلەتلەرنىڭكىدىن پەرقلەنمەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن، خىتاي دۇنياغا نىسبەتەن ھېچقانداق تەھدىت شەكىللەندۇرمەيدۇ» دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

گېنېرال ئاشلېينىڭ قەيت قىلغىنىدەك، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى كۆز بوياмچىلىقلار ئارقىلىق كىشىلەرگە سىڭدۈرۈۋەتكەن ئەڭ مۇھىم خاتا چۈشەنچىلەردىن بىرى «ئامېرىكا يەنىلا بېيجىڭنىڭ ھەقىقىي غەرىزىنى چۈشىنىشكە موھتاج» دېگەندىن ئىبارەتتۇر. ھەرقانداق بىرىنىڭ «خىتاينىڭ غەرىزى تېخىچە ئېنىق چۈشىنىلمىدى» دېيىشىنىڭ ۋاقتى ئۆتكىلى نەۋاق. چۈنكى، خىتاينىڭ مەقسەت – مۇددىئالىرى نۇرغۇن يىللاردىن بېرى خىتاينىڭ سىياسىي ھەم ھەربىي رەھبەرلىرى تەرىپىدىن (تولىمۇ ئېنىق قىلىپ) ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئاشكارىلىغان مۇددىئا ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچىسى خىتاينىڭ ئۆزىگە لايىق دەپ قارايدىغان «دۇنيا رەھبەرلىكى» ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىككىنچىسى ئامېرىكانى ۋەيران قىلىۋېتىشتۇر. بۇ ئۇشبۇ خە-

تەرلەرگە ئالاقىدار ئىچكى ۋەقەلەرنى ئاشكارىلىغان «قىپقىزىل يالغانچىلىق» ناملىق مەزكۇر كىتابىمىزنىڭ باش تېمىسىدۇر.

دونالد J ترامپ (Donald J.Trump) پرىزدېنت بولۇپ سايلانغانغا قەدەر، خىتاي خەلق جۇمهۇرىيىتى ئۆزىنىڭ نۇرغۇن نىشانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئازلا قالغانىدى. ئەمما، ئامېرىكا ترامپنىڭ يېتەكچىلىكىدە، خىتاينىڭ ئۆتمۈشتىكى ئىقتىساد، تېخنىكا ۋە تور ساھەلىرىدە شەپىسىزلا قوزغىغان ئۇرۇشىدىكى مېتودىنى تونۇپ يېتىپ، خىتايغا قاراتقان مەيدانىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى (خىتاي تەھدىتىنى تونۇپ يېتىشتە) نېمە ئۈچۈن بۇ قەدەر ئېغىر خاتالاشتى؟ (خىتاي تەھدىتىنى توغرا تونۇيالماسلىقتىن ئىبارەت) بۇ مەغلۇبىيەتكە ھۆكۈمەتنىڭ (خىتاي بىلەن) كېلىشىپ ئۆتۈش ۋە تىنچلاندۇرۇش سىياسىتىگە قەتئىي ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان قاتمال ئويچە تەپەككۇر سەۋەب بولغان. ھالبۇكى، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ خىل سىياسىتىگە كوممۇنىستىك سىستېما (خىتاي)غا سېلىنغان مەبلەغ، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن بولغان تىجارەت ۋە سودا سەۋەب بولغانىدى. ئەمما، (بۇ خىل سىياسەتلەرنىڭ تۈرتكىسىدە) خىتايدا شەكىللىنىشى ئۈمىد قىلىنغان، ئەركىن ۋە ئېچىۋېتىلگەن جەمئىيەت ھېچقاچان بەرپا قىلىنمىدى.

نۇرغۇن كىشىلەر خىتاي خەلق جۇمهۇرىيىتىنى قوللاشنى قانداقتۇر تەرەققىيپەرۋەرلىك ۋە كەلگۈسىگە يۈزلەنگەنلىك دەپ كۆرسىتىلىش ئارقىلىق قايمۇقتۇرۇلدى. ئۇلار خىتاينىڭ كوممۇنىستىك دۆلەت ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە سوئال قويۇشتى. مەزكۇر كىتابىمىز خىتاينىڭ نېمە ئۈچۈن ھەقىقىي بىر كوممۇنىستىك دۆلەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەيلى قانداق تەبىر بېرىشتىن قەتئىينەزەر، (خىتايدىكى) مەزكۇر رېجىم خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ماركسىزمچە – لېنىنىزمچە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سىستېما ئارقىلىق ئايلىنىۋاتىدۇ. (دېمەك، بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، خىتاينىڭ كوممۇنىستىك دۆلەت ئىكەنلىكى شەكسىز، ت).

بەزىلەر خىتاينى ھاكىممۇتلەق دۆلەت ئەمەس دېيىشمەكتە. ئەمما، كارل فرېيدرىچ (Carl Friedrich) ۋە زبىگنىۋ برژېنىسكى (Zbigniew Brzezinski)نىڭ 1965 – يىلىدىكى «ھاكىممۇتلەق دىكتاتۇرا ۋە مۇستەبىتلىك» دېگەن ئەسىرىدە تەبىرلەنگىنىدەك، خىتاي ھاكىممۇتلەق، مۇستەبىت دۆلەتتۇر. مەزكۇر رېجىم ئىنسانىيەتنىڭ (ئاتالمىش) مۇكەممەل بىر دۆلىتىنى روياپقا چىقىرىشنى مەقسەت قىلىدىغان رەسمىي ئىدىئولوگىيەگە كۆرە ھەرىكەت قىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ھازىرقى دەبدەبىلىك ۋارىيانتى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى»دۇر. خىتايدا سەكسەن مىليون ئەزاسى بار، تەبىقىلەشكەن، دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى قاتتىق كونترول قىلىۋالغان يالغۇز پارتىيە (خىتاي كومپارتىيەسى) بار. مەزكۇر پارتىيەنىڭ بىرلا رەھبىرى بار، شۇنداقلا مەزكۇر پارتىيە ئۇنۇملۇك ئاممىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى، يەنى قاتتىق تىزگىنلىنىدىغان خىتاي دۆلەت تاراتقۇلىرىنى مونوپول قىلىۋالغان. خىتاي خەلق جۇمهۇرىيىتى يەنە قانۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان ساقچى ئارقىلىق كونترول قىلىش سىستېمىسىغا ۋە پۈتۈن ئىقتىسادقا قارىتا مۇتلەق باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى نۇقسىدىنمۇ ھاكىممۇتلەق دۆلەتتۇر.

پرىزدېنت بىل كىلىنتون (Bill Clinton) ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەزگىللەردە، خىتايغا بېرىلگەن تېخنىكىلار خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنىڭ قويۇپ بېرىش سۈپىتىدىلا پارتلاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى، شۇنداقلا ئۇلارغا (بىر راكېتا ئارقىلىق) كۆپلىگەن سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش جەھەتتە بېرىلگەن تېخنىكىلىق ياردەمنىڭ تۈرتكىسىدە، بۈگۈن ئۇلار كۆپلىگەن يادرو ئوقبېشى سەپلەنگەن باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ياساپ چىقتى. كىلىنتون خىتايغا ئىنتېرنېت تېخنىكىلىرىنى بېرىش نەتىجىسىدە خىتايدا كۆرۈلۈۋاتقان ئەركىنلىك يۈزلىنىشىنى ھاماقەتلەرچە مەدھىيەلەپ يۈرگەن ۋە «تورلاشقان خىتاي دېموكراتىكلىشىۋاتقان بىر كۈچ دېمەكتۇر» دېگەنىدى. شۇنداقلا، بىر قېتىم «خىتاينىڭ ئىنتېرنېتنى كونترول قىلىمەن دېيىشى مېۋە ئۈيۈتمىسىنى تامغا مىخلايمەن دېگەندەكلا بىر ئىش» دەپ چاقچاقمۇ قىلغانىدى. ھالبۇكى، ئارىدىن يىگىرمە يىل ئۆتۈپ، خىتاي مېۋە ئۈيۈتمىسىنى تامغا مىخلىدى، يەنە تېخى پات يېقىندا ئىنتېرنېتنى كونترول قىلىپلا قالماي، كەلگۈسى يۇقىرى تېخنىكا

بازىرىنىمۇ مونوپول قىلىدىغان، مىسلى كۆرۈلمىگەن تېخنولوگىيە ھاكىممۇتلەقلىقىنى روياپقا چىقىرىش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇ بازار ھەربىي كۈچنى ۋە تالان – تاراج قىلغۇچ سودا ھېرىسلىقىنى كۈچلەندۈرىدىغان، ئىنقىلاب خاراكتېرلىك 5G تورىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەھۋال باراك ئوباما (Barack Obama)نىڭ پرېزدېنتلىق مەزگىلىدە تېخىمۇ ناچارلاشتى. 2016 – يىلىغا كەلگەندە، ئاقساراي خىتاينى رازى قىلىشقا ئۇرۇنۇشتا شۇ دەرىجىدە چەكتىن ئېشىپ، بارلىق ئەمەلدارلارنىڭ خىتايدىن كېلىدىغان ھەربىي ۋە باشقا تەھدىتلەرنى ئاشكارا تىلغا ئېلىشىنى چەكلەيدىغان بىر بۇيرۇقنى ئېلان قىلدى.

ئوبامانىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا، خىتاينىڭ ئامېرىكادىن كەڭ كۆلەمدە تېخنىكا ئوغرىلاش قىلمىشى دەسلەپتە كۆرمەسكە سېلىنىپ، كېيىنچە يوشۇرۇلۇپ، ئامېرىكانىڭ بىخەتەرلىكى ۋەيران قىلىندى. ئامېرىكانىڭ سىرتىدا بولسا، ئوبامانىڭ جىم تۇرۇۋېلىشى خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىغا ئىگە بولۇۋېلىشىنى ئاسانلاشتۇردى. خىتاي 3200 گېكتارلىق يېڭى ئاراللارنى ئۆز زېمىنى دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن، CIA (ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى) تەرىپىدىن «خىتاينىڭ قىرىمى» دەپ ئاتالغان ئارالغا ئۇرۇش پاراخوتلىرىغا ۋە ئاۋىياماتكىلارغا قارشى ئىلغار باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى ئورۇنلاشتۇردى. دېمىسىمۇ خىتاينىڭ بۇ ئاراللارنى ئوغرىلىقچە ئىگىلىۋېلىشى رۇسىيەنىڭ 2014 – يىلى ئۇكرائىناغا تەۋە قىرىمنى يۇتۇۋالغىنىغا ئوخشايتتى.

خىتاي ئۆزىنىڭ ئامېرىكاغا قارشى چەكلىمىسىز ئۇرۇشىدا، ئىقتىسادىي ۋە باشقا غەيرىي ھەربىي ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىۋاتىدۇ. بېيجىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» پروجېكتى ئارقىلىق دۇنيا مىقياسىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان، نامرات دۆلەتلەرنى ئېغىر قەرزگە بوغۇش ئۈچۈن بىر تىرىلىيون دوللاردىن ئۈچ تىرىلىيون دوللارغىچە پۇل خەجلەۋاتىدۇ. قەرزگە بوغۇلغان بۇ دۆلەتلەر خىتاينىڭ ئۆز تۇپرىقى سىرتىدىكى ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرىدىغان ھەربىي بازىلىرىغا ئايلانماقتا.

ئەلۋەتتە، ۋەزىيەت تامامەن ناچارمۇ ئەمەس. شۇنداقلا، بېيجىڭدىكى كوممۇنىستلارغا خىرىس ئېلان قىلىشنىڭ ۋاقتى ئۆتكىنىمۇ يوق. مىلىيادىر دونالد ترامپنىڭ 2016 - يىلى كۈتۈلمىگەن بىر شەكىلدە ئامېرىكا پرېزدېنتلىقىغا سايلىنىشى زور ئىستراتېگىيەلىك ئۆزگىرىشنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. ترامپ 2017 – يىلىدىن باشلاپ، جامائەتچىلىكنىڭ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىتاي تەھدىتىگە ۋە خىتاينىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش ئۇرۇنۇشىغا بولغان خاتا چۈشەنچىسىنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. ئۇ خىتاي كومپارتىيەسى 1949 – يىلى ھاكىمىيەتنى قولىغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، بېيجىڭغا بىۋاستە قارشى تۇرۇپ، نەچچە ئون يىل مابەينىدىكى تەڭسىز سودا ۋە تېخنىكا ئېلىم – بېرىملىرىگە خاتىمە بېرىشكە باشلىغان تۇنجى ئامېرىكا پرېزدېنتىدۇر.

ترامپ خىتايغا قاراتقان يېڭى سىياسىتىنىڭ يادروسى سۈپىتىدە، ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىنى بىۋاستە ئىقتىسادىي بىخەتەرلىككە باغلىدى. ئۇ خىتاينىڭ نەچچە ئون يىل مابەينىدىكى تەڭسىز سودا پائالىيەتلىرى ۋە قانۇنسىز تېخنىكا ئوغرىلىقلىرىغا بېرىلگەن جازا سۈپىتىدە، خىتايماللىرىغا نەچچە مىليارد دوللارلىق تاموژنا بېجى قويدى. 2019 – يىلىغا كەلگەندە، ترامپ شى جىنپىڭ بىلەن تىركىشىشكە ۋە شۇنىڭ نەتىجىسىدە، خىتاي ئىقتىسادى ئامېرىكانىڭ بېسىمى ئالدىدا ئاجىزلىششقا باشلىدى.

«شۇنچە ئۇزۇندىن بېرى، بىز خىتاينىڭ پۇل سېلىنغان چامدانلارنى كۆتۈرۈپ، دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى كارخانىلىرىغا ۋە ئىقتىسادىي كۈچىگە تايىنىپ، دۇنيا مىقياسىدا ئۆز تەسىرىنى كۈچەيتىشكە ئۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۇق» دېدى ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى مايك پومپېيو (Mike Pompeo)[1].

«خىتاينىڭ تالان – تاراج خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى ئۆتمۈشتە خىرىسقا ئۇچرىمىغانىدى. لېكىن ھازىر ئامېرىكا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. ھۆكۈمىتىمىز بۇ ئىشنى روياپقا چىقىرىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ» دېدى ئۇ.

ئامېرىكا يەنە خىتاينىڭ ئىلغار قوراللىرىغا، شۇنداقلا تور ئۇرۇشى - تور ئىشپىيونلۇقى جەھەتلەردىكى ئىقتىدارلىرىغا ۋە بارغانسېرى زورىيى-

رىيىۋاتقان،چارلىغۇچى ۋە ئاۋازدىن تېز سۈرئەتلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئامېرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ.

«ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە خىتاي ھۆكۈمىتى كۈچىنى زورايتىۋالدى ۋە بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئامېرىكانىڭ تېگىشلىك ئىنكاس قايتۇرمىغانلىقىدىن پايدىلاندى. ئەمما بىز ئەمدى ئامېرىكانىڭ ئىلكىدىكى پۈتۈن ئىمكانلارنى ئىشقا سېلىپ، ئامېرىكا خەلقىگە قارىتىلغان بۇ تەھدىتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىنكاس قايتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىۋاتىمىز» دېدى پومپېيو.

ئەمەلىيەتتە، شى جىنپىڭنىڭ «خىتاي چۈشى» دۇنيا ئۈچۈن چوقۇم بەربات قىلىنىشى كېرەك بولغان قاباھەتلىك چۈشتۇر. ترامپ ھۆكۈمىتى (خىتاي چۈشىنى بەربات قىلىشتىن ئىبارەت) بۇ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۇنجى مۇھىم قەدىمىنى باستى. نۆۋەتتە خىتاي **1980** – يىللاردىن بۇيان تۇنجى قېتىم نوقۇل ئىستراتېگىيەلىك رىقابەتچى ئەمەس، بەلكى بارلىق ئۇرۇش ساھەلىرىدە تاقابىل تۇرۇش كېرەك بولغان مەۋجۇت تەھدىت ۋە دۈشمەن دەپ قارالماقتا.

ئامېرىكانىڭ ھۆرلۈك، گۈللىنىش ۋە خۇسۇسىي ئەركىنلىك ئارزۇسىنىڭ كېلەچىكى چوقۇم كوممۇنىستىك خىتاي بىلەن بولغان بۇ دۇنياۋى تىركىشىشتە يېڭىپ چىقىش ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلۈشى كېرەك.

بىرىنچى باب

# كوممۇنىستلار قانداق كاززابلىق قىلدۇ؟

## خىتاينىڭ 2007 – يىلىدىكى سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقى

**«ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا روشەن پەرق ھاسىل قىلىش؛ شۇنداقلا، پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇش ۋە ئىستراتېگىيەلىك كۆز بويامچىلىق ئارقىلىق دۈشمەن ھەربىي كۈچلىرىنىڭ ۋە پۇقرالىرىنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرۇش لازىم» ـــ شېن ۋېيگۇاڭ، دۇنيا ئۇرۇشى، ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ــ ئومۇمىيۈزلۈك ئۇچۇر ئۇرۇشى.**

**2007 - يىلى 1 – ئاينىڭ 11 – كۈنى سەھەر، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ خىتاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ شىچاڭ دېگەن يېرىگە جايلاشقان سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش مەركىزىدە ھاۋا سوغۇق، ئەمما ئوچۇق ئىدى. «شەرق شامىلى» ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ تىجارەت نۇسخىسى، يەنى KT-1 تىپلىق راكېتا، يۆتكىلىشچان قويۇپ بېرىش سۇپىسىغا تىكلەپ قويۇلغانىدى. مەزكۇر باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ باش ھەربىي ھازىرلىقلار بۆلۈمى تەرىپىدىن ياساپ چىقىلغان ئەڭ مەخپىي قورال ـــ SC-19 تىپلىق بىۋاستە ئۆرلەيدىغان، سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان سىنارەد ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.**

**شۇ يەر ۋاقتى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 6:00 دە، راكېتا جايلاشقان يەردىن بىر قانچە مىل يىراقلىقتىكى ۋەنلى دېگەن جايدىكى قوماندانلىق مەركىزىدىن «قويۇپ بېرىلسۇن!» دېگەن بۇيرۇق يېتىپ كەلدى. راكېتا قويۇپ بېرىلىپ بىر نەچچە سېكۇنتتىن كېيىن، ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ ئۈچقۇچىلىرى كولورادو شىتاتىدىكى دېنۋېر شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى باكلېي ھاۋا ئارمىيە بازىسىدىكى 460 – بوشلۇق بىرلەشمە ئەترىتىنىڭ**

دېرىزىسىز، مەخپىي ئۆيدە (خىتاي قويۇپ بەرگەن) باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ئىسسىقلىق سىگنالىنى بايقىدى. ئامېرىكانىڭ يەر يۈزىدىن **22000** مىل (تەخمىنەن **35405** كىلومېتىر، ت) ئېگىزلىكتىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن ئاگاھلاندۇرۇش سۈنئىي ھەمراھلىرىدىكى سەزگۈچلەر (باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ) پەيسىمان ئاپلېسىنرەڭ سىگنالىنى كۆرسەتتى.

ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ كومپيۇتېرلىرى دەرھال مەزكۇر باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ھەرىكەت ئىزىنى سىزىپ چىقتى. شىچاڭ سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش بازىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلگىرىكى سىناقلاردىكىگە ئوخشىمايدىغىنى، بۇ قېتىم قويۇپ بېرىلگەن **SC-19** تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىلگىرىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارغا ئوخشاش گوبى چۆلىنىڭ بىر قانچە يۈز مىل غەربىدىكى قونۇش رايونىغا ئەمەس، بەلكى ئالەم بوشلۇقىغا قارىتىپ قويۇپ بېرىلگەنىدى. مەزكۇر باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ئىز خەرىتىسى ئۇنىڭ **Fengyun-1C** تىپلىق ھاۋارايى سۈنئىي ھەمراھىدىن ئىبارەت غەيرىي نىشانغا سوقۇلۇشتىن ئىلگىرى ئالەم بوشلۇقىغا ئۇچۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

**SC-19** تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىلىپ بىر قانچە مىنۇت ئىچىدە، ئۇنىڭدىكى پارتلىمايدىغان، ھەرىكەت ئېنېرگىيەلىك توسقۇ (**non-explosive kinetic kill vehicle**، بۇ ئالەم بوشلۇقى قوراللىرى ساھەسىدە تېخى ئومۇملىشىپ بولالمىغان، ئۇقۇم ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان قورالنىڭ ئىسمى بولۇپ، مەزكۇر قورال نورمال ۋەيران قىلغۇچ قوراللاردەك پارتلاشقا تايانماستىن، ئالەم بوشلۇقىدىكى ئېنېرتسىيە كۈچىگە تايىنىپ غايەت زور سوقۇلۇش كۈچى ھاسىل قىلىپ، نىشاننى ۋەيران قىلىدۇ، ت) سېكۇنتىغا بەش مىل (تەخمىنەن سەككىز كىلومېتىر، ت) لىق سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، **530** مىل (تەخمىنەن **853** كىلومېتىر، ت) ئېگىزلىكتىكى، قويۇپ بېرىش نۇقتىسى بولغان شىچاڭ قويۇپ بېرىش مەركىزىنىڭ تۆت گرادۇس غەربىگە توغرا كېلىدىغان نۇقتىدىكى سۈنئىي ھەمراھقا سوقۇلغان. ئالەم بوشلۇقىدا بۇ سوقۇلۇشتىن ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىغان. ئەمما، (نىشانغا ئېلىنغان) سۈنئىي ھەمراھمۇ شۇئان پاچاقلاپ تاشلانغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى سائەتلەردە ئۇنىڭدىن چىققان، تېز سۈرئەتتە ھەرىكەت قىلىدىغان نەچچە ئوڭ مىڭ پارچە مېتال قالدۇق يەر شارىنىڭ ئەتراپىدا ئەجەللىك ھالقا ھاسىل قىلىپ، ئادەملىك ۋە ئادەمسىز ئالەم ئۇچقۇلىرىغا قارىتا نەچچە ئون يىلغىچە داۋاملىشىدىغان تەھدىت شەكىللەندۇرگەن.

شۇ كۈنى بىر ئوربىتا سۈنئىي ھەمراھىنىڭ پاچاقلاپ تاشلانغانلىقى **21** – ئەسىردىكى پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان ۋەقە بولغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدە، ئامېرىكا بىلەن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارىسىدا پارتلىغان سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى **2010** – يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە تىرامپ ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى سىياستى ئاستىدا تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ باش ئالەم بوشلۇقى مۇتەخەسسىسى ۋە كېيىنچە ئامېرىكا ئىستراتېگىيەلىك قوماندانلىق شتابى (**US Strategic Command**)نىڭ قوماندانى بولغان گېنېرال جون ھايتېن (**John Hyten**) **2007** – يىلىدىكى شۇ سىناقنى «پۈتۈن ئارمىيەمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بولدى» دېگەنىدى **(1)**.

بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە ئالەم بوشلۇقىدا سۈنئىي ھەمراھنى پاچاقلاپ تاشلاشتىن ئىبارەت مىسلى كۆرۈلمىگەن قىلمىشى ھەققىدىكى ئىنكاسى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانداق سىستېمىلىق يالغان سۆزلەيدىغانلىقىنى ۋە كۆز بويامچىلىق قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرەلەيدۇ. بۇ خىل كاززابلىق ۋە كۆز بويامچىلىق دەل خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ۋە ئۇنىڭ دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ دۆلەت ئۈستىدىكى ئەزگۈچى ھاكىمىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىندۇر.

گەرچە شۇ قېتىملىق سىناق ناھايىتى تېزلا ئامې-رىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرى تەرىپىدىن سېزىلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ۋەقە تاكى **1**- ئاينىڭ **17** - كۈنى «ئالەم بوشلۇقى ھەپتىلىكى» (**Aviation Week**) ژۇرنىلى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغانغا قەدەر، (دۇنيا جامائەتچىلىكى ئۈچۈن) ئالتە كۈن سىر پېتى قالدى.

ۋەقە ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، خىتاي ئامېرىكا ۋە ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى كورىيە، ياپونىيە قاتارلىق

دۆلەتلەرنىڭ شۇ قېتىملىق سىناق ۋە ئۇنىڭ ۋەيران قىلغۇچ قالدۇقلىرى ھەققىدىكى نوقۇل دىپلوماتىك ئېتىرازلار بىلەن چەكلەنگەن تەنقىدلىرىگە ئۇچرىدى. (يەنە كېلىپ) بۇ كوممۇنىستىك دۆلەت (خىتاي) بىلەن بولغان، نۇرغۇن چوڭ شىركەتلەر ۋە ھۆكۈمەتتىكى خىتايغا مايىل ئەمەلدارلار تولىمۇ چوڭ بىلىدىغان مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، (بۇ ھەقتىكى) بارلىق ئېتىرازلار مەخپىي شەكىلدە بىلدۈرۈلدى.

(بۇ خىل) خىتايغا خىرس قىلماسلىق خاھىشىغا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى جون F كېننىدى ھۆكۈمەت ئىنستىتۇتى خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەر بۆلۈمىنىڭ ئومان سۇلتانى پروفېسسورى (1999 – يىلى مەزكۇر ئىنستىتۇتتا ئومان سۇلتانى قابۇس ئىبنى سەئىدنىڭ نامىدا تەسىس قىلىنغان پروفېسسورلۇق ئۇنۋانى، ت) جوسېف ناي (Joseph Nye) نىڭ دائىم نەقىل قىلىنىدىغان خاتا نەزەرىيەسى سەۋەب بولغان. ناي ئامېرىكانىڭ سىياسىي ۋە ئىستىخبارات ساھەسىدىكى ئاكادېمىك ئورگانلارغا يېتەكچىلىك قىلغان ۋە خىتاي ھەققىدە «ئۆز – ئۆزىنى ئىسپاتلايدىغان بېشارەت» دەپ ئاتىلىدىغان، كىشىنى بىزار قىلىدىغان قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشىدۇر. ئۇ «ئەگەر خىتاينىڭ ھاكىمىيەتتىكى كوممۇنىستىك سىستېمىسى، شۇنداقلا مەزكۇر سىستېمىنىڭ بۇ لۈكچەك دۆلەتنى قوللىشى، ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىشى ۋە مەزكۇر سىستېمىنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن بولغان يالغانچىلىقتىن، كۆز بوياماچىلىقتىن پايدىلىنىشى سەۋەبلىك خىتايغا خىرس قىلىنسا، دۇنيا <خىتاي تەھدىتى>نى پەيدا قىلىپ قويىدۇ» دېگەنىدى.

ناي 1990 – يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مۇئاۋىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بولغان مەزگىللىرىدە «ئەگەر سەن خىتايغا دۈشمەن سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلساڭ، ئۇ (مۇھەققەق) بىر دۈشمەنگە ئايلىنىدۇ» دېگەنىدى. نەچچە ئون يىل داۋاملاشقان (خىتايغا قارىتىلغان) سىياسەت ۋە ئىستراتېگىيەنىڭ سىمۇۋولىغا ئايلىنىپ قالغان بۇ سۆز تېخى يېقىندىلا رەت قىلىندى. ھالبۇكى، بۇ سۆز (ۋە شۇنىڭ تۈرتكىسىدە خىتايغا قارىتىلغان بارلىق خاتا سىياسەت – ئىستراتېگىيەلەر) 1922 – يىلى ۋىلادىمىر لېنىن (Vladimir Lenin)نىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇرۇلغان سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېيىنكى ئەڭ زور ئىدىئولوگىيەلىك ۋە ئىستراتېگىيەلىك تەھدىت (خىتاي)نىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ھەسسە قوشقانىدى. ئۇ سىستېما ماركسىزم – لېنىنىزمنى ۋە ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك تارمىقىنى مەجبۇرىي ئىزچىللاشتۇرۇش داۋامىدا نەچچە ئون مىليون كىشىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان قاباھەتلىك رېجىمى ئارقىلىق دۇنيا خەلقىنىڭ خاتىرىسىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى.

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن كېلىدىغان تەھدىتنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ماركسىزم – لېنىنىزمدىن ئىبارەت ئۇللۇق ئىدىئولوگىيەسىنى بىلىش لازىم. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى 1949 – يىلى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن تارتىپ، مەزكۇر ئىدىئولوگىيە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىئولوگىيەسى سۈپىتىدە ئىجرا قىلىنىپ كەلدى. مەزكۇر ئىدىئولوگىيەنى ئېنىق چۈشىنىش خىتايدىكى مەۋجۇت ھاكىمىيەتنىڭ دۇنيا تىنچلىقىغا ۋە مۇقىملىقىغا شەكىللەندۈرگەن تەھدىتىگە يۈزلىنىش ۋە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈردۇر.

ماۋ زېدوڭدىن تارتىپ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن، خۇ جىنتاۋ، شى جىنپىڭغىچە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بىردەك خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئاداققى دۈشمىنى بولغان ئامېرىكانى مەغلۇب قىلىش ئۈچۈن خىلمۇخىل سىياسەتلەرنى قوللىنىپ كەلدى.

گو ۋېنگۈي 2016 – يىلى خىتايدىن قېچىپ كەتكەن مىلياردىر سودىگەردۇر. ئۇ كوممۇنىستىك سىستېمىنى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئىدىئولوگىيەنى ياخشى چۈشىنىدۇ. ئۇ غەرب كۇلتۇرىنىڭ كوممۇنىزمغا ئۇتتۇرۇۋېتىۋاتقانلىقى-نىڭ سەۋەبىنى غەربى كۇلتۇرىنىڭ ئۆزئارا ئىشىنىش ۋە ئومۇمىي ئەخلاق قاراشلىرى ئاساسىدىكى

خىرىستىيان دىنىنى مەنبە قىلغانلىقىدىن دەپ قارايدۇ.

«لېكىن، خىتاي بىر كوممۇنىستىك دۆلەت. كوممۇنىزم بىر غايىۋى دۆلەت (ئۇتوپىيە) قۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ، ئەمما بۇ يالغانچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. (كوممۇنىستلار) ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا كەسپىي يالغانچىلاردۇر. ئۇلار ھەرۋاقىت يالغان سۆزلەيدۇ. ئەگەر ئۇلارغا ئىشەنسىڭىز، ئۇلار بەرگەن ۋەدىسىنى مەڭگۈ ئىشقا ئاشۇرمايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بۇ (نى ۋۇجۇدقا چىقىش) مۇمكىن ئەمەس» دەيدۇ گو ۋېنگۇي (2).

غەرب كۇلتۇرى توغرا – خاتادىن ئىبارەت ئەخلاق قارىشى ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئەكسىچە، كوممۇنىستىك سىستېما راست بىلەن يالغاننى ئوخشاش بىر نەرسە قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ھەقىقەت ئۇلارنىڭ ئىدىئولوگىيەسىگە ئەسقېتىپ قالسا، بۇنىڭدا (ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا) ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئەگەر يالغانچىلىق كارغا كېلىدىغان بولسا، ئۇلار ئۇنىڭدىنمۇ پايدىلىنىۋېرىدۇ. «سىلەر (غەرب) كوممۇنىستىك خىتاي ھەققىدە ئاشۇلارنى چۈشەنمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن ئۇتتۇرۇۋاتىسىلەر» دەيدۇ گو ۋېنگۇي.

«سىلەر خىتايدا كىم بىلەن مۇئامىلە قىلىشىۋاتقىنىڭلارنى بىلمەيسىلەر، ئەسلىدە سىلەرنىڭ مۇئامىلە قىلىشىۋاتقىنىڭلار بۇلاڭچى ھاكىمىيەتتۇر. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە توغرا – خاتا دەيدىغان نەرسە يوق. ئۇلار پەقەت پايدىلانغىلى بولىدىغان نەرسىلەرگىلا ئىشىنىدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، سىلەر قانداقمۇ ئۇتۇپ چىقالايسىلەر؟ سىلەر (خىتاينىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى تونۇپ يەتمىگەن مۇددەتتە، كاززاپ، ۋاستە تاللىمايدىغان، زالىم) بۇ سىستېمىغا داۋاملىق ئۇتتۇرىسىلەر» دەيدۇ ئۇ يەنە.

2007 – يىلىدىن كېيىنكى سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقىدىن كېيىنكى دەسلەپكى كۈنلەردە، خىتاي كوممۇنىستىك رېجىمى تولۇق ئىنكارچىلىق ۋە كۆز بويامچىلىق ھالىتىگە كىردى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خىتاي دىپلوماتلىرى (ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى) چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئالەم بوشلۇقى سىنىقىغا دائىر رەسمىي سوئاللىرىغا ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەقتە ھېچنەرسە بىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنداق بولۇشى (يەنى ئۇلارنىڭ بۇ ئىشتىن بىخەۋەر بولۇشى) ئېھتىمالدىن يىراق ئىدى، ئەلۋەتتە.

پرېزدېنت جورجى w بۇش (George W.Bush) ھۆكۈمىتى 2007 – يىلى 1 – ئاينىڭ 15 – كۈنى خىتاينىڭ سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقى ھەققىدە تۇنجى رەسمىي ئېتىرازنامىسىنى ئەۋەتكەن، ئامېرىكانىڭ بېيجىڭدىكى باش ئەلچىسى كلارك راندىت (Clark Randit) خىتاينىڭ مۇئاۋىن دىپلوماتىيە مىنىستىرى خې يافېيغا بىر دىپلوماتىك نوتا تاپشۇرغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قورال كونترولى ۋە خەلقئارالىق بىخەتەرلىككە مەسئۇل مۇئاۋىن دۆلەت سېكرېتارى روبېرت جوسېف (Robert Joseph) خىتاي باش ئەلچىسى جوۋ ۋېنجوڭنى ۋاشىڭتوندىكى دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىگە چاقىرتىپ، ئەينى نوتا (دىن يەنە بىر نۇسخا)نى تاپشۇرغانىدى.

خىتاي ھۆكۈمەت تەرەپىنىڭ (بۇ ئىشنى) بىلمەسكە سېلىشى بىر ھەپتىدىن ئارتۇقراق داۋاملاشتى. خىتاي كومپارتىيەسى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېتى ـــ مەزكۇر كومىتېتنىڭ توققۇز (ھازىر يەتتە) نەپەر ئەزاسى خىتايغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان كوللېكتىپ دىكتاتۇرانى شەكىللەندۈرىدۇ –بېيجىڭدىكى جوڭنەنخەيدە ئۇن كۈن مەخپىي يىغىن ئېچىپ، بۇ ئىشقا قانداق جاۋاب قايتۇرۇشنى پىلانلاشتى. مەخپىي سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقى ھەققىدە ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەرگە نېمە دېيىش، قانچىلىك ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلاش ھەققىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان مۇزاكىرىلەردىن كېيىن، (ئۇن كۈنلۈك مەخپىي يىغىندا بىر قارارغا كېلىنگەن) بۇ جاۋاب ئاخىرى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى خۇ جىنتاۋ تەرىپىدىن تەستىقلاندى.

مەزكۇر جاۋاب 1 – ئاينىڭ 21 – كۈنى ئېلان قىلىندى ۋە خىتاينىڭ كىلاسسىك ئىستراتېگىيەلىك كۆز بوياmچىلىقى ۋە قەستەن ساختا ئۇچۇر تارقىتىش تاكتىكىسىدىن پايدىلىنىلدى. مەزكۇر جاۋاب بېيجىڭدىكى دىاۋيۇتەي دۆلەت مېھمىنى سارىيىدى-

كى بىر يىغىن جەريانىدا ئېلان قىلىندى. خې يافېي ئامېرىكانىڭ شەرقىي ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن دۆلەت سېكرېتارى كرىستوفېر خىل (Christopher Hill)غا ئۇ سىناقنىڭ «باشقا ھېچبىر دۆلەتكە تەھدىت شەكىللەندۈرمەيدىغانلىقىنى ۋە (ئامېرىكادىن باشقا) ئۈچىنچى بىر دۆلەتنى نىشانغا ئالمىغانلىقىنى» ئېيتتى. ئۇشبۇ كوممۇنىست ئەمەلدار تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كاززابلىق قىلىپ «خىتاينىڭ ۋاقتىنچە (بۇ جەھەتتە) باشقا سىناقلارنى قىلىش پىلانى يوق» دېگەنىدى.

تەجرىبىلىك دىپلومات خىل (Hill) خىتاينى كاززابلىق بىلەن ئەيىبلىگەن – يۇ، ئەمما بۇ ھەقتىكى سۆزلىرىنى دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ خىتاي تىلىدىكى سىلىق – سىپايە دىپلوماتىك بايانىنىڭ ئىچىگە يوشۇرغان. يەنى ئۇ خىتاينىڭ كوممۇنىست كاتتىباشلىرىنى رەنجىتمەسلىك ئۈچۈن ئاجايىپ زور كۈچ چىقارغان. خىل خې يافېيغا ئۇنىڭ يانۋاردىكى ئاشۇ جاۋابىنىڭ خىتاينىڭ «ئالەم بوشلۇقىدا ھەرقانداق قورال – ياراغ رىقابىتىگە ئىشتىراك قىلىشنى خالىمايدىغانلىقى»دىن ئىبارەت ئاشكارا مەيدانىغا تازا ماس كەلمىگەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇ يەنە خې يافېيغا ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ شۇ قېتىملىق سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقىنىڭ مەقسىتىنى تولۇق چۈشەندۈرمىگەنلىكىدىن «ھېلىھەم ئەندىشىلىنىۋاتقان»لىقىنى ئەسكەرتكەن.

شۇ قېتىملىق سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقى ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا نوقۇل ئىستراتېگىيەلىك تەھدىت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەتەرلىك ئاپەتتۇر. چۈنكى، ئوربىتا سۈنئىي ھەمراھىغا قىلىنغان شۇ قېتىملىق ھۇجۇم ئوربىتىدا 2500 پارچىدىن كۆپرەك بايقىغىلى ۋە ئىز قوغلىغىلى بولغۇدەك چوڭلۇقتىكى قالدۇق شەكىللەندۈرگەن. بۇنىڭدىن سىرت، باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ زەربىسىدىن شەكىللەنگەن يۈز مىڭ پارچىدەك كىچىك قالدۇق يەرشارىنىڭ ئەتراپىدىكى بەلباغسىمان ئوربىتىدا يۈز يىلغىچە تۇرۇپ قالىدۇ. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ھەربىي ۋە ئىستىخبارات ساھەسىدە ئىشلىتىلىدىغان نەچچە مىليارد دوللارلىق سۈنئىي ھەمراھلىرىنى (ئالەم بوشلۇقىدىكى بىخەتەر جايغا) يۆتكەپ، (شۇ قېتىمقى سىناقتىن شەكىللەنگەن) قالدۇقلار بىلەن سوقۇشۇپ كېتىشتىن ۋە شۇ سەۋەبلىك ۋەيران بولۇپ كېتىشتىن ساقلاش ئۈچۈن، سۈنئىي ھەمراھلاردىكى تولىمۇ قىممەتلىك يېقىلغۇلارنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدى.

خىتاي بۇ ئىش ھەققىدە بىرەر يىلغىچە گەپ ئۇينىتىپ، راست گەپنى قىلغىلى ئۇنىمىدى. «بېيجىڭ شۇ قېتىملىق سىناقتىن بىر يىل ئۆتەي دېگەندىمۇ، 2007 – يىلى 1- ئاينىڭ 15 – كۈنى (ئامېرىكا تەرىپىدىن) دىپلوماتىك يوللار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان سوئاللارنىڭ نۇرغۇنىغا ئىچكىرىلەپ چۈشەنچە بەرمىدى» دېيىلگەنىدى ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى (US State Department)نىڭ مەخپىي تېلېگراممىسىدا.

خىتاي ھەربىي دائىرىلىرى شۇ قېتىملىق سىناقنى «ئىلمىي تەجرىبە» دېيىش ئارقىلىق ئامېرىكانى ئالدىدى. خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئامېرىكاغا زىيارەتكە كەلگەن ماقامداشلىرىغا سۈنئىي ھەمراھ قالدۇقلىرىدىن ۋە ئۇ شەكىللەندۈرگەن تەھدىتتىن ۋايىم يېيىشنىڭ ئەھۋالنى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتكەنلىك بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقىنىڭ زىلزىلىسى (ئەنە شۇ رەۋىشتە) سۇسلاشتۇرۇلدى. 2007 – يىلى 5 – ئايغا كەلگەندىمۇ، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ گېنېرالى گو بوشيوڭ ئامېرىكانىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تىنچ ئوكيان قوماندانلىق شىتابىنىڭ تۆت يۇلتۇزلۇق گېنېرالى تىموسى J كىتىڭ (Timothy J.Keating)غا ئېنىق بىر جاۋاب بەرگىلى ئۇنىمىغانىدى.

«يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي ئوفىتسېرلىرى يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى (روبېرت) گېيتس (Robert Gates) ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن بىخەتەرلىك دىيالوگلىرىدا، ئامېرىكانىڭ شۇ قېتىملىق سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدى-

غان بومبا سىنىقى ھەققىدىكى ئەندىشىلىرىگە قارىتا ھېچقانداق ئەمەلىي جاۋاب بەرمىدى» دېيىلگەنىدى (يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان) تېلېگراممىدا.

خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى خەلقئارا ئىستراتېگىيە ئىنىستىتۇتىنىڭ ئاكادېمىكى چىن جىلەي 2007 – يىلى 1 – ئاينىڭ 26 - كۈنى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ بىر سىياسىي ئەمەلدارىغا شۇ قېتىملىق سىناقنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى خۇ جىنتاۋنىڭ خەۋىرىسىز ۋە بۇيرۇقىسىز ئېلىپ بېرىلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتقان. دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ 2007 – يىلى 1 – ئاينىڭ 31 – كۈندىكى تېلېگراممىسىدا يۇقىرىدىكى دىيالوگ تىلغا ئېلىنغان ۋە تېلېگراممىا «مەخپىي» دەپ ئەسكەرتىلگەن. (ئامېرىكا دىپلوماتلىرىنىڭ) خىتاي رەھبىرى (خۇ جىنتاۋ)نىڭ شۇ قېتىملىق سىناقتىن خەۋىرى بار – يوقلۇقى ھەققىدە سوئال سورىشى ئامېرىكا دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ خىتايغا مايىل كۆز قارىشىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. (چىن جىلەي بىلەن پاراڭلاشقان، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان) بۇ سىياسىي ئەمەلدار (ئاشۇنداق سوئالنى سوراش ئارقىلىق) خىتاي ھەربىي دائىرىلىرى خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ خەۋىرى ياكى بۇيرۇقى يوق ئەھۋالدا ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىپ كەتكەندەك بىر ھالەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا ئۇرۇنغان. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئارمىيەنى پەۋقۇلئاددە قاتتىق كونترول قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقا نىسبەتەن، بۇ تولىمۇ بىمەنە قاراشتۇر.

تېلېگراممىدا كۆرسىتىلىشىچە، چىن جىلەي خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىدىئولوگىيە لىنىيەسىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا، شۇ قېتىملىق سىناقنى «ھېچقانچە ئىش ئەمەس» دېگەن. پروفېسسور چىن جىلەي پولوفنىڭ «خىتاينىڭ (ئالەم بوشلۇقىدا ھەربىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانماسلىقتىن ئىبارەت) ئاشكارا مەيدانى بىلەن بۇ قېتىملىق سىناقنى ئېلىپ بېرىشى ئارىسىدىكى زىتلىقنى قانداق چۈشىنى-مىز؟» دېگەن سوئالىغا قارىتا، «خىتايدەك قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ بۇنداق سىناقنى قىلىشى تولىمۇ <نورمال> ئىش» دېگەن نۇقتىنى تەكرار تەكىتلىگەن ۋە شۇ قېتىملىق سىناقنىڭ تەھدىت دەپ قارالماسلىقى كېرەكلىكىنى، شۇنداقلا باشقا دۆلەتلەرنىڭ بۇ ئىشقا «زىيادە ئىنكاس» قايتۇرۇپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

شۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئامېرىكا ئەلچىخانىسى بېيجىڭدىن يوللىغان باشقا بىر تېلېگراممىدا يەنە ئوپئوچۇق شەكىلدە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى خىتاينىڭ سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقى ھەققىدە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خاتا ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىنلەۋاتقان خىتاي «ئالىملار» توغرىسىدا دوكلات بېرىلگەن.

خىتاي باش مىنىستىرى ۋېن جىاباۋ شۇ يىلى (2007 – يىلى) ئۈچىنچى ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، خىتاينىڭ شۇ قېتىملىق سىناقتا ئامېرىكانى نىشانغا ئالمىغانلىقىنى ۋە ئامېرىكانىڭ رۇسىيە بىلەن خىتاينىڭ ئالەم بوشلۇقىدا قورال چەكلەش جەھەتتە خەلقئارالىق كېلىشىم ئىمزالاش تىرىشچانلىقىنى قوللىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

قورال – ياراغ كونترول قىلىش كېلىشىملىرى ئارقىلىق رەقىبلىرىنى چەكلەش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋە كېيىنچە رۇسىيەنىڭ ئىستراتېگىيەلىك قورالى ئىدى. خىتايمۇ ئالەم بوشلۇقى مۇداپىئەسى جەھەتتە ئامېرىكانى چەكلەش ئۈچۈن ئوخشاش تاكتىكىنى ئىشقا سېلىۋاتاتتى.

ۋېن جىاباۋ «خىتاينىڭ ئالەم بوشلۇقىدىن تىنچ ئۇسۇلدا پايدىلىنىشنى قوللاش، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى قورال – ياراغ رىقابىتىگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت مەيدانى ئۆزگەرگىنى يوق» دېگەنلەرنى تەكىتلىدى ۋە «ئالاقىدار دۆلەتلەر»نى، يەنى ئامېرىكانى ئالەم بوشلۇقىدىن تىنچ ئۇسۇلدا پايدىلىنىش جەھەتتە مۇمكىنقەدەر بالدۇرراق كېلىشىم ئىمزالاشقا چاقىردى.

خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ (باشقا دۆلەتلەرنى)

ئالەم بوشلۇقى قوراللىرىنى چەكلەش ئۈچۈن كېلىشىم تۈزۈشكە ئالدىرىتىشى كوممۇنىستىك مۇناپىقلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر. بېيجىڭ بىلەن موسكۋا تەلەپ قىلىۋاتقان كېلىشىم خىتاي 2007 – يىلى قويۇپ بەرگەن SC-19 تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا ئوخشاش يەردىن بىۋاستە ئۆرلەيدىغان توسقۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى چەكلەيدىغان مەخسۇس بىر ماددىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ۋېن جياباۋنىڭ «خىتاينىڭ ھەربىي ئىنشائاتلىرىنىڭ كۆلىمى <چەكلىك>، شۇنداقلا <ئۆز بىخەتەرلىكىنى، مۇستەقىللىقىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش>نى مەقسەت قىلغان ۋە <تامامەن ئوچۇق – ئاشكارا>دۇر» دېيىشى خەلقئارانىڭ خىتاينىڭ ھەربىي جەھەتتە دۇنياغا خوجا بولۇش پىلانىغا قايتۇرىدىغان ئىنكاسىنى چەكلەش ئۈچۈن قىلىنغان يەنە بىر كاززابلىقتۇر.

ۋېن جياباۋنىڭ «خىتاي سۇنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقى ئارقىلىق ھېچقانداق كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلغىنى يوق» دېگەن سۆزى خاتا. چۈنكى، 1967 – يىلى تۈزۈلگەن، خىتايمۇ ئىمزا قويغان «تاشقى ئالەم بوشلۇقى كېلىشىمى»نىڭ توققۇزىنچى بابىغا ئاساسەن، بېيجىڭنىڭ «ئالەم بوشلۇقىدىن تىنچ شەكىلدە ئىزدىنىۋاتقان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىۋاتقان باشقا دۆلەتلەرنىڭ پائالىيەتلىرىگە زىيانلىق تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن دەپ قارالغان ھەرقانداق ھەرىكەتنى قوللىنىشتىن ئىلگىرى، مەسىلىنى خەلقئارادا مۇۋاپىق شەكىلدە كېڭىشىش» مەجبۇرىيىتى بار.

خىتاي سۇنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقى جەھەتتە ئىزچىل ئوچۇق – ئاشكارا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئامېرىكا خىتاي بىلەن بولغان ئالەم بوشلۇقىغا ئالاقىدار ھەمكارلىقنىڭ سالمىقىنى تۆۋەنلەتتى – يۇ، تەلتۆكۈس توختاتمىدى.

ئەمما، خىتاي بۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى ۋە ئامېرىكادىن ئالەم بوشلۇقىغا ئالاقىدار تېخنىكىلارنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن شەكىلدە قولغا كىرگۈزۈشنى داۋاملاشتۇردى. ئەنە ئاشۇ تېخنىكىلار خىتاينىڭ ئالەم بوشلۇقىدا ئۈرۈش قىلىش ئىقتىدا-رىنى كۈچەيتكەندى.

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ ئىچكى ھۆججەتلىرىگە كۆرە، خىتاي ئۆزىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا پروگراممىلىرىنىڭ تامامەن ئوچۇق – ئاشكارا ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان. بۇ (باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار) دېڭىز ئارمىيەسى بىلەن بىللە زامانىۋى خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى. دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ 2007 – يىلى 11 – ئاينىڭ 28 - كۈندىكى بىر تېلېگراممىسىدا خىتاينىڭ SC-19 تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىنىڭ ئۇكرائىنا تەمىنلىگەن ئېنېرتسىيەلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى يېتەكلەش سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ ياساپ چىقىلغانلىقى قەيت قىلىنغان. «مەخپىي» دەپ بەلگە سېلىنغان مەزكۇر تېلېگراممىدا «ئامېرىكا 2007 – يىلى 8 – ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۇكرائىنادىكى <قورال – ياراغ ئامبىرى لايىھەلەش ئىدارىسى> (Arsenal Design Bureau)نىڭ 9 – ئاينىڭ باشلىرىدا بېيجىڭ ئالەم بوشلۇقى كونترولى ئەسلىھەلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن ئالەم بوشلۇقىدا يول باشلىغۇچى سەزگۈچ ھەققىدە مۇزاكىرىلەشمەكچى ئىكەنلىكىگە ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى قولغا چۈشۈردى» دېيىلگەندى. ئۇلارنىڭ مۇزاكىرىسى ئۇكرائىنانىڭ كىيېۋ ۋە خاركوۋ شەھەرلىرىدە ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىدى.

(تېلېگراممىدا يەنە شۇنداق دېيىلگەن) «بىز ئۇكرائىنا تەرەپ تەمىنلىگەن ھەرقانداق ئالەم بوشلۇقىدا يول باشلىغۇچى سەزگۈچ تېخنىكىسىنىڭ خىتاي تەرىپىدىن (راكېتا دېگەندەك) ئالەم بوشلۇقى توشۇغۇچىلىرىغا، سۇ ئاستى كېمىسىدىن قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارغا، ياكى خىتاينىڭ بىۋاستە ئۆرلەيدىغان SC-19 تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىغا ئىشلىتىلىشىدىن ئەندىشە قىلىمىز». مەزكۇر سەزگۈچ يەنە «يۇلتۇز قوغلىغۇچى» ياكى گروكومپاس دېگەن ناملار بىلەنمۇ تونۇلغان. ئۇ يۇلتۇزلارنىڭ نىسپىي ئورنىنى سېزىپ ۋە ئۆلچەپ، ئۇنىڭ يۇلتۇزلار توپىدىكى ئېنىق ئورنىنى بەلگىلەيدۇ. مەزكۇر سەزگۈچ ئالەم ئۇچقۇسىغا، ئالەم بوشلۇقى توشۇغۇچىسىغا ياكى

باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا ئورنىتىلغاندا ئېگىزلىكنى توغرا ئۆلچىيەلەيدۇ، بۇ سۈنئىي ھەمراھنى نىشانغا ئېلىشتىكى ھالقىلىق ئىقتىدارلارنىڭ بىرىدۇر.

بۇنىڭدىن سىرت، خىتاينىڭ «تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقى قىلىش پىلانىمىز يوق» دېگەن گېپىنىڭمۇ يالغانلىقى **2010** – يىلى **1** – ئاينىڭ **11** – كۈنى دەلىللەندى. **SC-19** تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ھاۋارايى سۈنئىي ھەمراھىنى پاچاقلىۋېتىشىدىن شەكىللەنگەن ۋەيران قىلغۇچ قالدۇقلار ۋە بۇ جەھەتتىكى كۈچلۈك ئېتىرازلار سەۋەبلىك، خىتاي ئۆزىنىڭ سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىناقلىرىنى باشقۇرۇلىدىغان سىنارەدكە قارشى (مۇداپىئە خاراكتېرلىك) باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىناقلىرىدەك كۆرسىتىپ تۇرۇپ قىلىشقا باشلىدى. **2010** – يىلدىكى سىناقتا، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش ئىشلىرىغا مەسئۇل **63618** – قىسمىنىڭ بازىسى بولغان، (شەرقىي تۈركىستاننىڭ) كورلىدىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىناق مەركىزىدىن قويۇپ بېرىلگەن يەنە بىر **SC-19** تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىشلىتىلدى. مەزكۇر باشقۇرۇلىدىغان بومبا بۇ قېتىم سۈنئىي ھەمراھنى ئەمەس، بەلكى شۋاڭچېڭزى شەھىرىدىكى ئالەم بوشلۇقى ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبا مەركىزىدىن قويۇپ بېرىلگەن **CSS-X-11** تىپلىق ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ئۇچۇشلۇق ھالدا ئېتىپ چۈشۈردى.

ئامېرىكىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن ئاگاھ-لاندۇرۇش سۈنئىي ھەمراھلىرى بۇ ئىككى باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ يەر يۈزىدىن **155** مىل (تەخمىنەن **250** كىلومېتىر، ت) ئېگىزلىكتە سوقۇشقانلىقىنى ۋە بۇنىڭ بوشلۇق ئوربىتىسىدا قالدۇق شەكىللەندۈرمىگەنلىكىنى بايقىغان. مەزكۇر سىناق شۇ كۈنىلا خىتاي دۆلەت تاراتقۇلىرى تەرىپىدىن (تۆۋەندىكىدەك) خەۋەر قىلىنغان: «**1** – ئاينىڭ **11** – كۈنى، خىتاي ئۆز تېررىتورىيەسى ئىچىدە يەر يۈزىدىن قويۇپ بېرىلگەن ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ئېتىپ چۈشۈرۈش تېخنىكىسى سىنىقى ئىشلىدى. سىناقتا كۆزلەنگەن نىشان ئىشقا ئاشۇرۇلدى. مەزكۇر سىناق مۇداپىئە خاراكتېرلىك بولۇپ، ھېچقانداق بىر دۆلەتنى نىشان قىلمىغان».

لېكىن، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى-نىڭ بىر تېلېگراممىسىدا بۇ ھەقتە باشقىچە كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «بۇ قېتىملىق سىناق خىتاينىڭ ھەم سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا تېخنىكىسىنىڭ، ھەم باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش تېخنىكىسىنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى دەپ مۆلچەرلەنمەكتە. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ بۇ خىل مۆلچەرىنى دەلىللەش ئۈچۈن ئاشكارىلىشى زۆرۈر بولغان ئۇچۇرلارنىڭ سەزگۈرلۈكىنى نەزەردە تۇتۇپ، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرىدىغان نوتادا **2010** – يىلدىكى **SC-19** سىنىقىنى ئىلگىرىكى (**2007** – يىلدىكى) سىناق بىلەن باغلاپ تىلغا ئالمايدۇ». بۇنىڭدىن باشقا، **2013** – يىلى ۋە **2014** - يىلى يەنە ھەربىي ھەم پۇقراۋى ساھەدە ئىشلىتىلىدىغان سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىناقلىرى ئېلىپ بېرىلدى، شۇنداقلا بۇلار بىردەك بېيجىڭنىڭ سۈنئىي ھەمراھنى ۋەيران قىلىش ئىقتىدارىنىڭ كۈچەيگەنلىكى دەپ مۆلچەرلەندى.

خىتاي ھەربىي دائىرىلىرىمۇ خەلقئارانىڭ خىتاينىڭ سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقىغا بولغان ئېتىرازلىرىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن پىلانلانغان ئويئوچۇق كاززاپلىق ۋە تەشۋىقاتلارغا ئىشتىراك قىلدى. **2007** – يىلى **1** – ئاينىڭ **19** – كۈنى، يەنى ئالەم بوشلۇقىدىكى ئاشۇ قېتىملىق ۋەيران قىلغۇچ سىناق ئېلىپ بېرىلىپ سەككىز كۈندىن كېيىن، خىتاي ھەربىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىكى خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى گېنېرالى پېڭ گۇاڭچيەن شۇنداق دېدى:

ئامېرىكىنىڭ نېرۋىسى ئاجىزلىشىپ قاپتۇ. خىتاي ئاللىقاچان ئالەم ئۇچقۇچىلىرىنى ئالەم بوشلۇقىغا چىقىرىش ۋە قايتۇرۇپ كېلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلاپ بولدى. تېخنىكىلىق تىل بىلەن ئېيتقاندا، ئالەم ئۇچقۇچىسىنى بۇ قەدەر توغرا كونترول قىلىش ئىقتى-

دارىغا ئېگە بولغان يەردە، بوشلۇقتىكى بىر سۈنئىي ھەمراھنى پاچاقلىۋېتىش ئادەتتىكىلا بىر تېخنىكا، خالاس. لېكىن، يەنىلا تەكىتلەشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، خىتاينىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى ئىزدىنىشلىرى پۈتۈنلەي تىنچلىقپەرۋەرلىك ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلماقتا ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەخت ياراتماقتا. خىتاي ھەرۋاقىت ئالەم بوشلۇقىنى ھەربىيسىزلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ھازىرغىچە خىتاي ئالەم بوشلۇقىدا ھەرقانداق ھەربىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىپ باقمىدى.

پېڭ گۇاڭچيەن شۇ قېتىملىق سىناق توغرىسى-دىكى خەۋەرلەرنى ئامېرىكانىڭ خىتاينى دۈشمەن قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق «دۇنياۋى زوراۋانلىق»نى تېخىمۇ بەك جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن قىلغان ھەربىي ئۇرۇنۇشى دەپ ئىنكار قىلدى.

خىتاي ئۆزىنىڭ سۈنئىي ھەمراھقا قارشى ئۈچ خىل ئوخشىمىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى تەتقىق قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدىمۇ يالغان ئېيتىشنى داۋاملاشتۇردى. بۇ خىل قوراللار خىتاي تەرىپىدىن «قاتىل خەنجىرى» قوراللىرى دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇ ئاجىز تەرەپنى ئۆزىدىن كۈچلۈك رەقىبنى يېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان قوراللارنى كۆرسىتىدۇ.

☆ ئىككىنچى باب ☆

# شەرق قىزىلدۇر

## خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم

**«(خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ) ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىلا ئىسلاھ قىلىپ، سىياسىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلماسلىقنىڭ مۇقەررەر ھالدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان ھاكىممۇتلەق كونترولىنىڭ ئاياغلىششى بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ».**

**ــ «دېڭىز شامىلى»دىن شى جىنپىڭغا يېزىلغان ئىچكى خەت، 2018 – يىلى سېنتەبىر.**

خىتاينىڭ 2007 – يىلىدىكى سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقى ۋە باشقا ئىستراتېگىيەلىك ۋەقەلەرگە قايتۇرغان ئىنكاسلىرىنىڭ كاززابلىق ۋە كۆز بويامچىلىق بىلەن تولغان بولۇشى غەيرىي ھادىسە ئەمەس. بۇ ئادەت (خىتايدا) تامامەن ئومۇملاشقان، شۇنداقلا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بارلىق ئىش – پائالىيەتلىرىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ھالقىلىق خۇسۇسىيەتلەردىندۇر. بۇنى ئامېرىكانىڭ 1970 – يىللىرىدىن بۇيانقى خىتاي بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىش جەريانىدىن ناھايىتى روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. (خىتايدىكى) بۇ ئادەتكە تاقابىل تۇرالماسلىق ئامېرىكا سىياسىي رەھبەرلىرىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مەغلۇبىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بېيجىڭدىكى ھوقۇقدارلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇپ يېتەلمەسلىك سەۋەبلىك، ئامېرىكانىڭ بىخەتەرلىكى ۋە تەرەققىياتى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى.

خىتاي كومپارتىيەسى 1921 – يىلى لېنىننىڭ «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسئونال» (Communist International) نىڭ بىر تارمىقى سۈپىتىدە قۇرۇلغان. مەزكۇر «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسئونال» كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى مەۋجۇت ھاكىمىيەتلەرنى ئاغدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزاقتىن بۇيان ئىشەنچكە ئېرىشەلمەي كەلگەن ماركىسىزم – لېنىنىزم ئىدىيەلىرىنى ئاساس قىلىدىغان سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەت ئورنىتىشنى مەقسەت قىلغان دۇنياۋى ھەرىكەتنىڭ مەركىزى ئىدى.

ماۋ زېدوڭ 1949 – يىلى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ، سوۋېت مەنبەلىك كوممۇنىزمنى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقاردى ۋە ھايالشمايلا خەلقئارالىق كوممۇنىزم ئىنقىلابىنىڭ ئاۋانگارتى دەپ قارىلىدىغان سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. ماۋ زېدوڭنىڭ، شۇنداقلا ماۋ زېدوڭنىڭ ئىدىئولوگىيەسىگە ۋارىسلىق قىل-

غان، نۆۋەتتىكى خىتاي ھۆكۈمدارى (شى جىنپىڭ)نىڭ (كۈرەش) نىشانى خىتايچە ئەسەرلەردە ئوچۇق قىلىپ، ئامېرىكا باشلامچىلىقىدىكى «دۇنيا ئىمپېرىيالىزمى» دەپ كۆرسىتىلگەن.

ماۋ زېدوڭ «ئىدىيەنىڭ توغرا بولۇشى»نى ياكى ئەنئەنىۋى ماركسىزم – لېنىنىزمنى قوغلىشىش جەھەتتە سوۋېتتىكى قەتلىئامچى قاتىل جوسېف ستالىن (Joseph Stalin) بىلەن بەسلەشتى. ئەمما، 1963 – يىلىغا كەلگەندە ماۋ زېدوڭ نىكىتا خىرۇشوف (Nikita Khrushchev)نىڭ ستالىننى ئەيىبلىشىنى كوممۇنىزمدىن تانغانلىق دەپ قارىغاچقا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلدى. خىتاي سىياسىي بيۇروسى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن دۇنيادىكى كوممۇنىستىك ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلماقچى ئىكەنلىكىنى كرېملىن (سوۋېت ھۆكۈمىتى)گە ئۇقتۇردى.

خىتاي كومپارتىيەسى 1960 – ۋە 1970 – يىللاردا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى سوتسىيال دىكتاتۇرا ھاكىمىيەتلەرنى ھەم ماددىي، ھەم ھەربىي جەھەتتىن يۆلەشكە باشلىدى، بولۇپمۇ ۋېيتنامنى ئامېرىكاغا قارشى يۆلىدى. شۇنداقلا، ئامېرىكانىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن كوممۇنىستىك ئىنقىلابنى توسۇش ئۇرۇنۇشى مەغلۇب بولدى.

خىتاينىڭ ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدىكى ئىنقىلابلارنى قوللاش سالمىقى 1966 – يىلىدىن 1976 – يىلىغىچە داۋاملاشقان (ئاتالمىش) «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» سەۋەبلىك تۆۋەنلەپ قالمىدى. بۇ ھەرىكەتتە ماۋ زېدوڭ «قىزىل قوغدىغۇچىلار» دەپ ئاتالغان تەلۋىلەرنى ئۆز پارتىيەسىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا قارشى قۇتراتتى. مەزكۇر ئىنقىلاب تاكى 1976 – يىلى ماۋ زېدوڭ ئۆلگەنگە قەدەر خىتاينى مالىمانچىلىققا پاتۇردى ۋە بۇ جەرياندا ماۋ زېدوڭنىڭ خوتۇنى جياڭ چىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» دەپ ئاتالغان گۇرۇھتىكى (ۋاڭ خوڭۋېن، جاڭ چۇنچياۋ ۋە ياۋ ۋېنيۈەندىن ئىبارەت) ئۈچ نەپەر شېرىكى بىلەن بىللە ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇندى.

ئاخىرىدا يەنە بىر قاتتىق قول كوممۇنىست دېڭ شياۋپىڭ بۇ تەلۋىلىكلەرنى بېسىقتۇردى ۋە خىتاينى تېخىمۇ پراگماتىك ئىدىئولوگىيەلىك يۆنىلىشكە يۈزلەندۈردى.

نەتىجىدە، دېڭ شياۋپىڭ خىتاينى قالاق، ھاكىممۇتلەق بىر دۆلەتتىن 2010 – يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى ھالىتىگە ئەكەلگەن، ئىسلاھ قىلىنغان خىتايچە كوممۇنىزمنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ كوممۇنىزمدىن ئىبارەت بۇ ۋىرۇسنى تېخىمۇ پراگماتىك ھالەتكە ئەكەلگەنلىكىنى ئۇنىڭ «مەيلى قارا مۈشۈك، مەيلى ئاق مۈشۈك بولسۇن، چاشقان تۇتالىسىلا ياخشى مۈشۈكتۇر» دېگەن سۆزىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەڭ ئاشقۇن كوممۇنىستلارغىمۇ «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» دېگەن قالپاق كىيگۈزۈلگەن، پۈتۈن مەملىكەت ئايلىنىشتىن توختاپ قالغان ئاشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە بۇ خىل ئۆزگىرىش ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئىدى.

كوممۇنىستىك خىتاي تارىخى جەھەتتىكى نوپۇزلۇق تارىخشۇناس ۋە ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى ئاكادېمىيەسىنىڭ خىتاي ھەربىي تارىخى پروفېسسورى يۇ ماۋچۈن «دېڭ شياۋپىڭ خىتاي ئىدىئولوگىيەسىنى ھېچقانچە ئۆزگەرتمىگەن» دەپ قارايدۇ.

«بىز دېڭ شياۋپىڭنىڭ خىتاينىڭ ئىدىئولوگىيەسىنى ئۆزگەرتىش سالمىقىنى كۆپتۈرۈۋەتمەسلىكىمىز لازىم. مۇھىمى، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى دېڭ شياۋپىڭ دەۋرىدىمۇ يەنىلا كوممۇنىستىك تۈزۈمنى ساقلاپ قالدى. ماۋ زېدوڭ دەۋرىدىكى نۇرغۇن ئۇلۇق پرىنسىپ ۋە ئادەتلەر ھېلىھەم خىتاينىڭ سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيادىكى دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە خەلقئارالىق بىخەتەرلىك جەھەتلەردىكى ئۇلۇق چۈشەنچىلىرىنى بەلگىلىمەكتە» دەيدۇ ترامپنىڭ پرېزىدېنتلىق مەزگىلىدە دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ خىتاي سىياسىتى جەھەتتە ھالقىلىق رول ئوينىغان يۇ ماۋچۈن (1).

مەسىلەن، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى ئامېرىكا يېتەكچىلىكىدە خىتايغا قارشى خەلقئارالىق سۈيقەست پىلانلانغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. خىتاينىڭ گېپىچە، ئۇنىڭ ئاساسلىق

دۈشمىنى بولمىش ئامېرىكا خىتايىنى چەكلەپ، ئۇنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا ۋە تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلماقچى. نۆۋەتتە خىتاينىڭ ھاكىمىيەت ئىدىيەسى دەپ تونۇلغان ماركسىزم – لېنىنىزم – ماۋ زېدوڭ ئىدىيەسىدىمۇ «دۈشمەن سىياسىتى» ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلەردىن بىرى سانىلىدۇ. مەزكۇر ئۇقۇمدا غەربتىكى دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ ئىدىئولوگىيەلىك بۇزغۇنچىلىقىغا قارشى ئىزچىل سەگەكلىكنى ساقلاش تەلەپ قىلىنىدۇ.

يۇ ماۋچۇن «خىتاينىڭ ماۋ زېدوڭدىن كېيىنكى ئالىي رەھبەرلىرىدىن دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن، خۇ جىنتاۋ، شى جىنپىڭ قاتارلىقلار خىتايدا كوممۇنىستىك تۈزۈمنى ساقلاپ قېلىش ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ۋاشىنگتوننىڭ جوڭنەنخەي بىلەن يېقىندىن باردى – كەلدى قىلىشىغا قارىماستىن، ھەممىسىلا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى ھەرقانداق جەھەتتە خىتايىنى <چەكلەش>كە بەل باغلىغان دەرىجىدىن تاشقىرى ياۋۇز كۈچ قىلىپ سۈرەتلەشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ كەلدى» دەيدۇ (2).

ماۋ زېدوڭدىن كېيىن ھېچبىر خىتاي رەھبىرى قاتمال، ئەنئەنىۋى كوممۇنىستىك ئىدىئولوگىيەگە شى جىنپىڭدەك چىڭ يېپىشىپ باقمىدى. شى جىنپىڭ 2012 – يىلى تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۆزىنىڭ نىسپىي يوشۇرۇن مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى قوزغاپ، ئۆلكە دەرىجىلىك (چوڭچىڭ شەھىرى) پارتكومىنىڭ سېكرېتارى بو شىلەي، ساقچى – ئىستىخبارات ۋە بىخەتەرلىك ساھەسىنىڭ كاتتىبېشى جوۋ يوڭكاڭ، شۇنداقلا مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى گو بوشيوڭ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەچچە مىڭلىغان ئەمەلدارنى سىياسىي جەھەتتىن تازىلىدى.

شى جىنپىڭنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا كوممۇنىزم قايتىدىن جانلاندۇرۇلدى. 2000 – يىللىرىنىڭ دەسلەپكىدىكى ئىنتېرنېتتىكى چەكلىك پىكىر ئەركىنلىكىمۇ تامامەن يوق قىلىندى. خىتاي تور دۇنياسىدا (كارتون فىلىمدىكى) ۋىنىنى ئېيىقنىڭ سۈرىتى ئۇنىڭغا ئانچە – مۇنچە ئوخشاپ قالىدىغان شى جىنپىڭغا كىنايە سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە باشلىغىدى، مەزكۇر ئېيىقنىڭ سۈرىتى خىتايدىكى دۆلەت تاراتقۇلىرىنىڭ ھەممىسىدە بىردەك چەكلەندى.

خىتايدا كىشىلەر شى جىنپىڭغا قارشى گەپ قىلىشتىن قورقىدۇ، شۇنداق بولۇشى ھەم تەبىئىي ئەھۋال. چۈنكى، مەزكۇر رېجىم ئىدىئولوگىيەلىك بىردەكلىكنى زورلاپ تاڭىدۇ. خىتايدىكى دوستلىرى بىلەن دائىم ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغان ئامېرىكالىق بىر پروفېسسور ماڭا ئۆزىنىڭ يۈزلىگەن خىتاي بىلەن بولغان پارىڭىدىن، شى جىنپىڭغا بولغان نارازىلىقنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلغانلىقىنى ئېيتتى. «مەن شى جىنپىڭغا قارشى بارغانسېرى كۆپلىگەن ۋايساش – قاقشاشلارنى ئاڭلاۋاتىمەن. ھالبۇكى، ئۇلار ئىلگىرى سىياسىي كۆز قاراشلىرىنى ھەرگىز باشقىلارغا دەپ يۈرمەيتتى. لېكىن، ھازىر مەن ئۇلارنى دېيىشكە زورلىمىساممۇ، ئۇلار ئۆز دۆلىتىدە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن تولىمۇ پەرىشان ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلار شى جىنپىڭ يوقالسا خىتاينىڭ ھازىرقىدىن ياخشىلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ھەرخىل ئۇسۇلدا ئىپادىلىشىۋاتىدۇ» دېدى مەزكۇر ئاكادېمىك.

خىتاينىڭ مەزكۇر ئالىي رەھبىرى ئاجايىپ ئىش-تىن بىرنى قىلدى، يەنى ئۇ ھازىر جوڭنەنخەي دېگەن نام بىلەن تونۇلغان جايدىكى، ئىلگىرى ماۋ زېدوڭ تۇرغان رەھبەرلەر قورۇسىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ جاي 2013 – يىلى شى جىنپىڭ كۆچۈپ كىرگەنگە قەدەر ماۋ زېدوڭ مۇزېيى قىلىنغانىدى.

شى جىنپىڭ 1953 – يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ بىر مەھەل ماۋ زېدوڭنىڭ يېقىن سەپداشلىرىدىن ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولغان شى جوڭشۈننىڭ ئوغلىدۇر. شى جىنپىڭ ئۆزىنىڭ ئائىلىسى ۋە پارتىيە ئىچىدىكى مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ تەختكە چىققان كوممۇنىست «شاھزادە» دەپ قارىلىدۇ. شى جىنپىڭنىڭ دادىسى 1962 – يىلى ھوقۇقتىن ئېلىپ تاشلانغان ۋە شى جىنپىڭمۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا شەنشى ئۆلكىسىنىڭ چەت بىر يېزىسىغا پالىنىپ، شۇ يەردە يەتتە يىلنى جىسمانىي ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزگەن.

شى جىنپىڭ ئۆزىنىڭ ئىدىئولوگىيەلىك ساداقىتىنىڭ ئەمەلىي پاكىتى سۈپىتىدە 1974-

يىلى 21 يېشىدا خىتاي كومپارتىيەسىگە كىرىپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى زۇلۇملارنىڭ ئۇنى باشقىلارغا ئوخشاش كوممۇنىستىك تۈزۈلمىنىڭ دۈشمىنىگە ئايلاندۇرالمىغانلىقىنى نامايەن قىلغان. ئەكسىچە، چەت يېزىدىكى زۇلمەتلىك يىللار ئۇنىڭ ئىدىئولوگىيەلىك ئاشقۇنلۇقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن.

شى جىنپىڭنىڭ خىتاي ھۆكۈمەت مەنبەلىرىدىكى رەسمىي تەرجىمىھالىدا، ئۇنىڭ چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى ئادىمىيەت پەنلىرى ئىنىستىتۇتىنىڭ ماركسىزم نەزەرىيەسى ۋە سىياسىي مائارىپ كەسپىدە باكالاۋۇرلۇق ئۇنۋانى ئالغانلىقى كۆرسىتىلگەن. مەزكۇر تەرجىمىھالدا يەنە شى جىنپىڭنىڭ قانۇن پەنلىرى دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلىكىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. ھالبۇكى، خىتايدىكى كوممۇنىستىك تۈزۈلمىنىڭ نامىدىلا مەۋجۇت بولغان بىر قانۇن سىستېمىسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئالغاندا، مەزكۇر ئىلمىي ئۇنۋاننىڭ سالمىقىدىن گۇمان قىلماي تۇرغىلى بولمايدۇ. گەرچە خىتايدا ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك ھەققىدىكى دەبدەبىلىك ئىبارىلەر بىلەن تولغان ئاساسىي قانۇن بار بولسىمۇ، لېكىن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا قانۇن تامامەن پارتىيەنىڭ خاھىشىغا بويسۇنىدۇ ۋە بويسۇنماقتا. مەسىلەن، ئاساسىي قانۇندا «خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدە بارلىق ھوقۇق خەلققە مەنسۇپ» دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە بولسا، خىتايدىكى بارچە ھوقۇق خىتاي كومپارتىيەسىگە مەنسۇپ، شۇنداقلا بۇ ھوقۇق خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى، بىخەتەرلىك ئورگانلىرى ۋە ساقچىلار ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي ئاساسىي قانۇندا دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ ماھىيەتلىك تەركىبلىرىدىن ئەمەسلىكى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. خىتاي (ئۆزىنىڭ دەۋا قىلغىنىدەك) جۇمھۇرىيەتمۇ ئەمەس، ئۇنىڭغا ئىشچىلار سىنىپىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلمايدۇ. خىتاي كومپارتىيەسىنى ئىشچى – دېھقانلارنىڭ ئىتتىپاقى سۈپىتىدە كۆرۈپ، ئۇنىڭ دىكتاتۇراسىنى دېموكراتىك دەپ تونۇۋېلىشىمۇ خاتا.

خىتايدا ھوقۇق ھاكىمىيەت بېشىدىكى چېرىكلەشكەن سەرخىللارنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇ (قانداقتۇر جۇمھۇرىيەت ۋەھاكازالاردىن بەكرەك) ئوغرى – قاراقچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۆلەتكە ئوخشايدۇ.

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى شەكىللەندۈرگەن تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئىدىئولوگىيەلىك تەھدىتنى چۈشىنىش ئۈچۈن (ئاۋۋال) شى جىنپىڭنى چۈشىنىش زۆرۈر. شى جىنپىڭ 2012 – يىلى ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىشتىن ئىلگىرى، خىتاينىڭ ئاممىۋى تاراتقۇ ئاپپاراتلىرى ئۆزىنىڭ يېتەكچى ئىدىئولوگىيەسىنى، يەنى خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنغانىدى. ئەمەلىيەتتە، خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئەگىشىۋاتقىنى دەسلەپتە كارل ماركس (Carl Marx) تەرىپىدىن نەزەرىيەلەشتۈرۈلگەن ۋە ۋىلادىمىر لېنىن، جوسېف ستالىن ۋە ئىدىئولوگىيەلىك ماركسىزم – لېنىنىزمنىڭ باشقا مۇرتلىرىغا ئوخشاش ۋەھشىي كىشىلەر تەرىپىدىن ئەمەلىيەتكە چەكتىن ئاشۇرۇپ تەدبىقلانغان ئەنئەنىۋى كوممۇنىزمدۇر.

شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تەرىپىدىن بېكىتىلگەن تەرجىمىھالىدىكىدىن باشقا، ھېچقانچە ئۇچۇرىنى تاپقىلى بولمايدۇ. مەزكۇر كىتابتا ئاشكارىلانغۇسى يېڭى تەپسىلاتلار، ئۇشبۇ دىكتاتۇر ھەققىدىكى ئادەمنى چۆچۈتىدىغان يېڭى ئۇچۇرلارنىڭ تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا چىقىشىدۇر.

شى جىنپىڭنىڭ ماۋ زېدوڭ قوزغىغان مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئامان قالغۇچىلىقتىن ئىبارەت ئارقا كۆرۈنۈشى ئۇنىڭ كوممۇنىزمغا ۋە كوممۇنىزمنىڭ خۇنۇك قىممەت قاراشلىرىغا بولغان ئىشەنچىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈشىگە، شۇنداقلا «(ئىككىلى تەرەپ نەپ ئالىدىغان ئەمەس) چوقۇم مەن پايدا ئېلىشىم، سەن زىيان تارتىشىڭ كېرەك» دەيدىغان ئىدىئولوگىيەلىك ئۇرۇش ئادىتىنىڭ يېتىلىشىگە سەۋەب بولغان. شى جىنپىڭ بىر تەرەپ نەپ ئالسا، يەنە بىر تەرەپ چوقۇم زىيان تارتىدىغان زوراۋانلىق سىياسىيسىغا ئىشىنىدۇ. (ئۇنىڭ دۇنياسىدا) يەڭگۈچى شاھ، يېڭىلگۈچى قاقسەنەم بولىدۇ. ئۇ «يەڭگۈچى ھەممىگە ئېرىشىدۇ» تېپى-

دىكى كوممۇنىزم مېتودىنى قوللىنىدۇ.

شى جىنپىڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان ئۈچ ئادەم، ئۇ ھەممىدىن بەك نەپرەتلىنىدىغان ئىككى ئادەم بار. شى جىنپىڭ ھەممىدىن بەك رۇسىيەنى تىزگىنلەشتە قورقۇنۇش ۋە قەتلىئامدىن پايدىلانغان جوسېف ستالىنغا ھەۋەس قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىشنى ئويلايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ستالىن ئۆزى ياقتۇرمايدىغان قىزىل ئارمىيە گېنېراللىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يوقاتقان بولۇپ، شى جىنپىڭ بۇ جەھەتتىمۇ خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىدىكى كۈشەندىلىرىنى تۈركۈملەپ تازىلاش ئارقىلىق ستالىن بىلەن بەسلىشىۋاتىدۇ.

شى جىنپىڭ ھەۋەس قىلىدىغان ئىككىنچى ئادەم ئادولف ھىتلېر(**Adolph Hitler**)دۇر. چۈنكى ھىتلېردىن ئىبارەت بۇ ناتسىست جاللات يېقىنقى زامان تارىخىدا دۇنيا ھاكىمىيىتىنى قولغا كىرگۈزۈشكە ئەڭ يېقىنلاشقان ئادەم ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، شى جىنپىڭ ھىتلېرنى تالانت ئىگىسى ۋە قەھرىمان دەپ قارايدۇ. ئۇ ھىتلېرنىڭ «كۈرەشلىرىم» دېگەن كىتابىنى ئوقۇغان ۋە ئۇنىڭ كىلاسسىك مۇزىكا دىتىغا ھەۋەس قىلغان. شى جىنپىڭ ھىتلېرغا شۇ دەرىجىدە ھەۋەس قىلىدۇكى، ئۇ ھىتلېرنىڭ ھەيكىلىنى ياساتقان ۋە بىر مەھەل تۈرالغۇسىدا ناتسىستلارنىڭ ھەربىي فورمىسىنى ساقلاپ يۈرگەن. بۇنىڭدىن سىرت، شى جىنپىڭ مۇزىكا مەستانىسى ۋە كەسپىي مۇزىكانت، دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئايالىمۇ خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ناخشىچىسىدۇر.

شى جىنپىڭ ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيلارنى قىرغىن قىلغانلىقىغا ۋە بارلىق گېرمانىيە شىركەتلىرىنى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋالغانلىقىغا تولىمۇ ھەۋەس قىلىدۇ. ئالدىنقى قىلمىش (ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيلارنى قىرغىن قىلغانلىقى) شى جىنپىڭنىڭ خىتاي ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنى ئېزىشىدىكى ئۆرنەكتۇر. نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر «مۇسۇلمانلارنىڭ تېرورلۇقىدىن ئەندىشە قىلىش» باھانىسىدە يى-

غىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولانغان.

شى جىنپىڭ ھەۋەس قىلىدىغان ئۈچىنچى ئادەم ماۋ زېدوڭدۇر. ماۋ زېدوڭنىڭ سابىق ياردەمچىسىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، مىليونلىغان خىتاي پۇقراسى خىتاي كومپارتىيەسى سەۋەبچى بولغان ئاچارچىلىقنىڭ دەردىدە ئىڭراۋاتقاندا، ماۋ زېدوڭ تولىمۇ ئىسراپچىلىق بىلەن زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، يەپ – ئىچىپ يۈرگەن ۋە (ژۇرنىلىمىزنىڭ بەشىنچى سانىدىكى <سىز تونۇمايدىغان ماۋ زېدوڭ> دېگەن ماقالىدىمۇ تىلغا ئېلىنغىنىدەك) تولىمۇ ئەيش – ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن. ماۋ زېدوڭ داۋجياۋ تەرىقىتىنىڭ «ئاشنا قانچە كۆپ بولسا ئۆمۈر شۇنچە ئۇزىرايدۇ» دەيدىغان (مەينەت، بىمەنە) ئېتىقادىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ۋايىغا يەتكۈزۈپ، بىخەتەرلىك خادىملىرى تۇتۇپ كەلگەن قىزلار بىلەن كۆڭلىنى ئاچاتتى. «ماۋ زېدوڭنىڭ خۇسۇسىي دوختۇرىنىڭ ئەسلىمىسى» دېگەن كىتابنى يازغان لى جىسۇينىڭ بايانىچە، ماۋ زېدوڭ يەنە ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئاشنىلىرىغا جىنسىي كېسەل يۇقتۇرۇپمۇ ئۇلگۇرگەن.

شى جىنپىڭ ماۋ زېدوڭغا ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ رەسىملىرىنى خىتاي تاراتقۇلىرىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ پۈتۈن بۇلۇڭ – پۇچقاقلىرىغا ئاسقۇزدى. شۇنداقلا، ئۇ يەنە ماۋ زېدوڭغا ئوخشاشلا **31** مىليون خىرىستىيانىنى (ۋە پۈتكۈل مۇسۇلمان ئۇيغۇر قەۋمىنى، ت) ئۆز ئىچىگە ئالغان دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى كەڭ كۆلەمدە باستۇردى. شى جىنپىڭ يەنە كوممۇنىستلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارسلىق قىلىپ، خىرىستىيانلارنىڭ دىنىسىز خىتاي ھاكىمىيىتىدىن يوشۇرۇن ياسىۋالغان ئۆي ئىچى چېركاۋلىرىنى تولا تۇرتۇش ماشىنىسى بىلەن تۈزلەتكۈزۈۋەتتى.

تىبەتتىكى كەڭ كۆلەملىك باستۇرۇش شى جىنپىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ يەنە بىر بەلگىسىدۇر. تىبەت بۇددىستلىرى دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قايتىدىن قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن دائىم ئۇستىبېشىغا بېنزىن چېچىپ، ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋېلىۋاتىدۇ.

شى جىنپىڭ تەختكە چىققاندىن بۇيان ئىزچىل

ستالىن، ھىتلېر ۋە ماۋ زېدوڭغا ئوخشاش جاللات پادىشاھلىق ئوبرازىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ھازىر مۇشۇ ئۈچ مۇستەبىت قاتىلنىڭ بىرىكمىسىگە ئايلاندى.

شى جىنپىڭ نەپرەتلىنىدىغان ئىككى ئادەمنىڭ بىرى (ماۋ زېدوڭدىن كېيىنكى كوممۇنىست ئىسلاھاتچى) دېڭ شياۋپىڭ، يەنە بىرى ئامېرىكا پرېزىدېنتى رونالد رېگان (Ronald Reagan)دۇر.

شى جىنپىڭنىڭ دېڭ شياۋپىڭدىن نەپرەتلى-نىشىدىكى سەۋەب، شى جىنپىڭ 15 ياشقا كىرگەن يىلى ئۇنىڭ دادىسى (شى جوڭشۈن) دېڭ شياۋپىڭ تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان ۋە ئىنسانىنىڭ نىجاستىنى يېيىشكە مەجبۇرلانغانىدى. شۇ ۋەجىدىن، ئەمدى خىتايدا ئالىي ھوقۇقنى قولىغا كىرگۈزگەن شى جىنپىڭ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەمەتىدىكىلەردىن ئۆچ ئالماقتا. بۇنىڭغا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەنباڭ سۇغۇرتا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنى پېچەتلەپ، جىنايىتىنى بېلدۇرمەستىنلا شىركەت مۇدىرى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ نۇغقىنى ۋۇ شياۋخۇينى قولغا ئالغانلىقىنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن.

شى جىنپىڭنىڭ ئامېرىكا پرېزىدېنتى رېگانغا ئۆچ بولۇپ قېلىشىغا، رېگاننىڭ پرېزىدېنتلىق مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەيران بولۇشى ئۈچۈن كۈچ چىقارغانلىقى سەۋەب بولغان. رېگان 1982 – يىلىدىكى نۇتقىدا «ھازىر گېپىنى قىلىۋاتقىنىم ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيەنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانى ۋە ئۈمىدىدۇر. ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە ئۆتمۈشتە ئەركىنلىكنى بوغۇپ، كىشىلەرنى ئۆزىنى ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلغان باشقا مۇستەبىتلەرنى تارىخنىڭ كۆل دۆۋىلىرىگە كۆمۈۋەتكىنىدەك، ماركسىزم – لېنىنىزمنىمۇ ئوخشاش تەقدىرگە دۇچار قىلىدۇ» دېگەنىدى. شى جىنپىڭ رېگاننىڭ پۈتۈن كوممۇنىستىك سىستېمىنى ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكى سەۋەبلىك، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ. يۇقىرىقى ماۋ زېدوڭ، ستالىن ۋە ھىتلېردىن ئىبارەت ئۈچ شەخسكە بولغان مەپتۇنلۇق ۋە دېڭ شياۋپىڭ بىلەن رېگاندىن نەپرەتلىنىش خىتاينىڭ مەزكۇر ئالىي رەھبىرىنىڭ پۈتۈن سىياسىي ھاياتىنىڭ تۈسىنى بەلگىلىگەن.

1980 – يىللاردىن باشلاپ ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىلدا، خىتايدا «ئىسلاھات – ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» سىياسىتى يولغا قويۇلغان بولغاچقا، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسىنى يوشۇرۇشقا پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلدى. ئىدىئولوگىيەلىك نۇتۇقلار پارتىيە ئىچى يىغىنلىرىدىلا ۋە ئۈچ سائەتتە ئاران ئوقۇپ تۈگىتىلىدىغان كومپارتىيە تۆھپىنامىسى (ھۆكۈمەت خىزمىتى دوكلاتى)دىلا سۆزلىنىدىغان بولدى. دۇنيا مىقياسىدىكى غەيرىي كوممۇنىستىك دۆلەتلەردىن كېلىدىغان كەڭ كۆلەملىك ياردەمگە ئېرىشىش ئىستراتېگىيەسىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، خىتاينىڭ تەشۋىقات ئاپپاراتلىرى خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ماركسىزم – لېنىنىزمنىڭ ئورنىغا قەستەن مۆتىدىلراق ئاڭلىنىدىغان سوتسىيالىزم ئۇقۇمىنى ئىشلەتتى. شۇنداقلا، بۇ ئىستراتېگىيە خېلى زور دەرىجىدە ئۇتۇقلۇق بولدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى شى جىنپىڭنىڭ قولىدا ئۆزگەردى. 2018 – يىلى، خىتاي كومپارتىيەسى يەنە بىر قېتىم ماۋ زېدوڭچە داھىي يارىتىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك غايىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شى جىنپىڭ ماۋ زېدوڭدىن كېيىنكى ھەرقانداق خىتاي رەھبىرىنىڭكىدىن كۈچلۈك ھوقۇقنى قولىغا كىرگۈزدى. دېڭ شياۋپىڭ ماۋ زېدوڭنىڭ دۇنيا كوممۇنىزم ئىنقىلابى ھەققىدىكى ئاشقۇن كۆز قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىش كېرەك دېگەن ۋە ماۋ زېدوڭچە يولنى بىكار قىلىدىغان، ئەمما كوممۇنىزمدىن ۋاز كەچمەيدىغان «ئىدىئولوگىيەدىن ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن ھالقىغان» يېڭى ئىستراتېگىيەنى شۇنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەنىدى. دېڭ شياۋپىڭ دۇنيا تىنچلىقىنىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىغا ۋە خىتاينىڭ بۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىشى كېرەكلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۇ خىتاينى كاپىتالىستىك دۇنيا بىلەن زور كۆلەملىك تىجارەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ مەبلىغىگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان پراگماتىك ئىستراتېگىيەنى ئوتتۇرىغا قويدى. «ئۆزىمىزنى كۈچەيتىپ، پۇرسەت كۈتەيلى» دېگەن بۇ چاقىرىق دېڭ شياۋپىڭ ئىدىيەسىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى ئىدى. ھالبۇكى، دۇنيا تىنچلىقى بۇزۇلغاندا،

خىتاي ھەم ئىقتىسادىي، ھەم ھەربىي جەھەتتىن دۇنياغا خوجا بولۇشقا تەييارلىنىپ بولغان بولاتتى.

خىتاي تانكىلىرى 1989 – يىلى ئىيۇندا تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى ئۈمىدكە تولغان دېموكراتىكلىشىش ھەرىكىتىنى بېتچىت قىلغاندىن كېيىن، خىتاي قارارمۇقارار ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئۆزىگە قارىتا تىنچلاندۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈپ كەلگەنلىكىگە قارىماستىن، يەنىلا «ئامېرىكا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلىمەكچى ۋە ئۇنى (خىتاي كومپارتىيەسىنى) ئاغدۇرۇۋەتمەكچى» دېگەن سۇيىقەستچىلىك نەزەرىيەسىدىن ۋاز كەچمىدى.

شى جىنپىڭنىڭ ئىدىئولوگىيەسى «خىتاي چۈشى»دۇر. مەزكۇر «خىتاي چۈشى» ئۇقۇمى تۇنجى قېتىم خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئامېرىكاغا پەۋقۇلئاددە قارشى ئىكەنلىكى بىلەن داڭ چىقارغان مايور گېنېرالى لىو يۈەن تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. لىو يۈەن 2013 – يىلى تۆتىنچى ئايدا ئۆزىنىڭ «خىتاي چۈشى ۋە قۇدرەتلىك ئارمىيە چۈشى» ھەققىدىكى تەرغىباتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «<خىتاي چۈشى> كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلىنىش چۈشىدۇر. كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلىنىش ئۈچۈن كۈچلۈك ئارمىيەنىڭ بولۇشى زۆرۈر. كۈچلۈك ئارمىيەسى يوق دۆلەت باي دۆلەت بولالايدۇكى، ھەرگىز كۈچلۈك دۆلەت بولالمايدۇ» دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، خىتاينى قورشاپ تۇرغان دۈشمەن كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ھەربىي كۈچنى زورايتىش ئىختىيارلىق ئەمەس، بەلكى زۆرۈرىيەتتۇر. ئۇ (بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق) خىتاينىڭ تىنچ قەد كۆتۈرۈشى ھەققىدىكى تىنىمسىز تەشۋىقاتلارنىڭ غەربنىڭ نەزىرىدە «خىتاي ھەرگىز ئۇرۇش قىلمايدۇ» دەپ خاتا چۈشىنىۋېلىنغانلىقىنى دەلىللىگەنىدى.

ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنى ئاساس قىلغان ئاشكارا مەنبەلەر مەركىزى لىو يۈەن يۇقىرىدىكى ماقالىسىنى ئېلان قىلغان ۋاقىتتا، «خىتاي چۈشى»نىڭ توردا خىتاي پۇقرالىرى ئارىسىدا ئالقىشقا ئېرىشەلمىگەنلىكىنى بايقىغان. مەسىلەن، خىتاينىڭ سىنا بىلوگىدىكى ئىنكاسلارغا كۆرە، كۈندىلىك دائىمىي ئابونت سانى 445 مىليونغا يېتىدىغان مەزكۇر ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىسىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا بۇ پىكىرنى قوللايدىغانلارنىڭ نىسبىتى ئوتتۇز پىرسەنتتىن تۆۋەن بولغان. تەخمىنەن يەتمىش پىرسەنت خىتاي تورداش ھەربىي كۈچنى زورايتىشنى تەرغىب قىلىدىغان خىتاي چۈشىگە قوشۇلمىغان. مەزكۇر مەركەزنىڭ بىر دوكلاتىدا «نۇرغۇن كىشىلەر شەخسنىڭ بەخت – سائادىتى، ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسەت ياكى پاك (چىرىك ئەمەس) ھۆكۈمەت تەكىتلەنگەن <خىتاي چۈشى> ئىدىيەسىگە باشقىچە تەبىر بېرىشتى» دېيىلگەن. بىر خىتاي تورداش «ئاددىي پۇقرالارنىڭ چۈشىچۇ؟ بىزگە يەنە داۋاملىق ۋەكىللىك قىلىنىۋېرەمدۇ؟ (يەنى بىز ئوي – خىيال، ئارزۇ – ئارمانلىرىمىزنى ئۆزىمىز ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئورنىغا، بىزگە نېمە لازىملىقىنى ھەرزامان كومپارتىيە بەلگىلەمدۇ؟ ت) دۆلەت كۈچىيىپ، خەلق ئاجىز قېلىۋېرەمدۇ؟» دەپ سورىسا، يەنە بىر تورداش «قۇدرەتلىك ئارمىيەگە ئىگە بولۇش بالىلىرىمىزنىڭ ساغلام سۈت ئىچەلەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟» دېگەن. سوڭ زىشيوڭ ئىسىملىك بىر ئادۋوكاتمۇ «خىتاي چۈشى ئاساسىي قانۇنلۇق دېموكراتىيە چۈشىدۇر» دېگەن. يى چېڭشەن ئىسىملىك يەنە بىرەيلەن لىو يۈەننىڭ قۇدرەتلىك ئارمىيە تەرغىباتىنى «ئاۋام خەلقنى ھەربىي ھاكىمىيەتنىڭ قۇللىرىغا ئايلاندۇرىدىغان، ئارمىيەنى ھەممىدىن مۇھىم بىلىدىغان سىياسەت» دەپ تەنقىدلىگەن. خىتايدىكى «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى خۇ شىجىن لىو يۈەننىڭ خىتاي چۈشى ھەققىدىكى بۇ تەبىرىنى ئۆزىنىڭ سىنا مىكروبىلوگىدا قاتتىق تەنقىدلەپ، دۆلەتنىڭ قايتىدىن گۈللىنىشى «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن دېموكراتىيەنى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈش»نى تەقەززا قىلىدۇ، دېگەن.

خىتاينىڭ بۇ ئالىي رەھبىرى (شى جىنپىڭ)گە نىسبەتەن، «خىتاي چۈشى» دېموكراتىيە، ھوقۇق، ھۆرلۈك، پۇرسەت ۋە باراۋەرلىكنى تەكىتلەيدىغان «ئامېرىكا ئارزۇسى»دىن ئۆرنەك ئېلىش ئۇرۇنۇشىدۇر. بۇ شى جىنپىڭنىڭ «مىللىي گۈللىنىش ۋە چەتئەللىكلەرنىڭ ئۆتمۈشتىكى خورلىشىدىن قۇتۇلۇش»تىن ئىبارەت، خىتاي رەھبەرلىرىنى دۇنياغا خوجا بولۇشقا ئۈندەيدىغان، ھەممە يەرنى قاپلىغان تەشۋىقات تېمىسى ئارقىلىق كوممۇنىزم تەرغىباتىنى سىناش ۋە يېيىش ئۇرۇنۇشىدۇر.

شى جىنپىڭ 2017 – يىلى ئۆنىنچى ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 19 – قۇرۇلتىيىدىن كېيىن «خىتاي چۈشى»نى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرغاندەك قىلىدۇ. شى جىنپىڭ ئاشۇ قېتىملىق قۇرۇلتايدا خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ۋەزىپە مۇددىتىگە قويۇلغان يىل چەكلىمىسىنى بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلىدى، بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ خىتاينىڭ ئالىي رەھبىرلىك ئورنىدا مەڭگۈ قالالايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ماۋ زېدوڭنىڭ ۋەيران قىلغۇچ ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنۇش ئەسەبىيلىكى ئاياغلىشىپ قىرىق يىل ئۆتكەندە، شى جىنپىڭ خىتاينى ئىككىنچى قېتىملىق شەخسكە چوقۇنۇش يولىغا باشلىدى.

19 – قۇرۇلتايدىن كېيىن، شى جىنپىڭنىڭ ئىدىئولوگىيەسى «شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى» دېگەن نامدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ نىزامنامىسىگە كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە «خىتاي چۈشى» تەشۋىقات لوزۇنكىلىرىنى، ئېلان تاختىلىرىنى، مەكتەپلەرنى، گېزىتلەرنى، دۆلەت كونتروللۇقىدىكى تېلېۋىزىيە قاناللىرىنى، تور دۇنياسىنى ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنى قاپلىدى. «شى جىنپىڭ ئىدىيەسى» ماۋ زېدوڭنىڭ بارلىق كوممۇنىستىك ئەسەبىيلىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، ئەمما ئېلېكترونلۇق تاراتقۇدىن ئىبارەت يېڭىچە تارقىتىش ۋاسىتىسىغا ئىگە بولغان ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقتى.

خوڭكوڭدىكى تەجرىبىلىك خىتاي ۋەزىيىتى كۆزەتكۈچىسى ۋىللىي لام (Willy Lam) شى جىنپىڭنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى شەخسكە چوقۇنۇش دولقۇنى يىللار بويى داۋام قىلىدۇ، دەپ مۆلچەرلىمەكتە. «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى خىتايچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ نىزامنامىسىغا كىرگۈزۈلۈشى شى جىنپىڭنى ماۋ زېدوڭ بىلەن ئوخشاش ماقامغا ئىگە قىلدى» دەيدۇ ئۇ.

«بۇ يەنە شى جىنپىڭنىڭ تەختتە يىگىرمە يىل ئولتۇرالىسىمۇ، 15 يىل ئولتۇرۇشىنى قانۇنىيلاش-تۇرىدۇ. تەنقىدچىلەر <شى جىنپىڭ ئۆمۈرلۈك پادىشاھ بولماقچى> دېيىشمەكتە. ھازىر شى جىن-پىڭمۇ پەقەت ئۆزىنىڭلا (رىقابەت، خىرىس ۋە پۇرسەتكە تولغان) 2030 – يىللاردا خىتاينى يېتەكلىگۈدەك يىراقنى كۆرەرلىك ۋە قابىلىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلماقتا» (3).

(ئاتالمىش) «شى جىنپىڭ ئىدىيەسى» قانداقتۇر يېڭى نەرسە بولماستىن، «خىتاي 2050 – يىلىغا بارغاندا ياكى شۇنىڭدىن بۇرۇن، دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچكە ئايلىنىشى كېرەك» دەيدىغان «خىتاي چۈشى»نىڭ ئازراقلا پەردازلانغان نۇسخىسىدۇر. نۆۋەتتىكى خىتاي مەركىزىي سىياسىي بيۇروسىدا 1960 – يىللاردا تۇغۇلغان، شى جىنپىڭنىڭ ئورۇنباسارى دەپ قارىغىلى بولىدىغان ھېچكىم يوقلۇقىغا كۆرە، شى جىنپىڭنىڭ كەم دېگەندە 2027 – يىلىدىكى 21 – قۇرۇلتايغا قەدەر تەختتە ئولتۇرىدىغانلىقىغا جەزم قىلىشقا بولىدۇ.

شى جىنپىڭنىڭ ئىدىئولوگىيەسى 2018 – يىلى ئۆكتەبىردە بىمەنىلىكتە تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. ئەينى ۋاقىتتا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ گېزىتى بولغان «خەلق گېزىتى»دە «شى جىنپىڭ ئىدىيەسى»نىڭ كەلگۈسى ئوتتۇز يىلغا ئالاقىدار قىسمى ئاددىيلاشتۇرۇلۇش مەقسىتىدە رەڭلىك شەكىلدە گرافىكلاشتۇرۇلۇپ كۆرسىتىلدى. لېكىن، بۇ گرافىكلار ئاددىيمۇ ئەمەس، چۈشىنىشلىكمۇ ئەمەس، ئەكسىچە ئىتالىيە چۆپىسىمان تەشۋىقات داشقايىنىقىغا ئوخشايتتى.

خىتاينىڭ كوممۇنىستىك دورامچىلىق دىنى — قۇتۇلۇش مۇساپىسى تارىخنى تاللانغان تىللار بىلەن تولغان بابلار ئارقىلىق نامايەن قىلىدۇ. بۇ خىل كوممۇنىزم دىنىدا، ئۇلارنىڭ پوپلىرى، يەنى ھەممە يەرنى قاپلىغان سىياسىي ھەيئەتلىرى ۋە رەھبەرلىرىنىڭ خاتالىقتىن خالىي ئىكەنلىكى ھە دەپ كۆپتۈرۈلىدۇ. بۇ «دىن»نىڭ «پەيغەمبەر»لىرى، «شەيتان»لىرى ۋە كوممۇنىزمچە تارىخنى خالىغانچە ئۆزگەرتىش ياكى قايتىدىن شەرھلەش ھوقۇقىغا ئىگە مويسىپىت «ئايەتۇللاھ»لار (شىئەلەرنىڭ ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋالغان، دىنىي يېتەكچىلىرىگە بېرىدىغان دىنىي ئۇنۋانى) كومىتېتى بار. (مەزكۇر كوممۇنىزم «دىنى»دا) پارتىيەگە بولغان سادىقلىق ئەخلاق – پەزىلەت؛ تارىختىن گۇمانلىنىش بىھۆرمەتلىك، «مۇرتەد»لىك ۋە ساتقىنلىق دەپ قارىلىدۇ. (مەزكۇر كوممۇنىزم

دىندا يەنە) دۇنيادا تاللانغان ئىنسانلار، يەنى خىتايلار؛ ۋەدە قىلىنغان (مۇقەددەس) زېمىن، يەنى خىتاي زېمىنى؛ ئىبادەتگاھلار، تاۋاپ قىلغۇچىلار، بىر – بىرىگە زىت رېئاللىقلارغا بولغان ئېتىقاد، ھەربىر كىشىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا چوڭقۇر دەخلى قىلىش، شۇنداقلا باللارغا خىتايچە كوممۇنىزمنىڭ ئەقىدە پىرىنسىپلىرىنى ئۆگىتىش قاتارلىقلار بار.

خىتاي كوممۇنىستىك رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ خاتاسىزلىقىنى ئىسپاتلاش ھەلەكچىلىكىدىلا يۈرىدۇ. پارتىيەدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلار دائىم جازا، تەربىيەلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇش قىسمىتىگە دۇچ كېلىدۇ – يۇ، رېجىم پىرامىداسىنىڭ يۇقىرى قەۋىتىدىكى پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ خاتاسىزلىقى دەۋا قىلىنىدۇ. (خىتايدىكى) بۇ تۈزۈلمىگە كۆرە، پارتىيەنىڭ قىلمىش – ئەتمىشلىرى ھەرۋاقىت توغرا بولىدۇ، شۇنداقلا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ **89.5** مىليون ئەزاسىنىڭ مەغلۇبىيەتلەرنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈش بىلەن مەشغۇل بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

خىتايدىكى بىر مىليارد **400** مىليون ئادەمگە نىسبەتەن، ھۆكۈمدارلار ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر توپ ئوغرى – قاراقچىلار ئىكەنلىكى، شۇنداقلا (خىتايدىكى) تۈزۈلمىنىڭمۇ ھەممە ئادەم يالغاندىن ئىشەنگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىشى كېرەك بولغان كۆز بوياමچىلىق ئىكەنلىكى بارغانسېرى ئايدىڭلاشماقتا.

مەزكۇر كۆز بويامچىلىق خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك تەشۋىقات، خاتا ئىستىخبارات تارقىتىش، خۇپىيانە ھەرىكەت قىلىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئاپپاراتى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان زور كۆلەملىك جامائەت پىكرىنى باشقۇرۇش پروگراممىسىغا تايىنىپ، خىتاينىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن ئورۇن ئالدى.

بۇ كۆز بويامچىلىقنىڭ نىشانى خىتاي خەلقىنى ۋە دۇنيانى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ «مۇقەددەس»-لىكىگە، خاتادىن خالىي ئىكەنلىكىگە ۋە «نىجادكار» ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان ھاكىممۇتلەقلىق چۈشىنى ئىشقا ئاشۇ-رۇشتۇر.

شى جىنپىڭنىڭ ھاكىمىيىتى مەزگىلىدە جاكارلانغان يەنە بىر پىلان دۇنيادىكى بارلىق ئىلغار تېخنىكا ساھەلىرىنى تىزگىنلەشنى نىشان قىلغان «خىتاي ياسىمىچىلىقى **2025**» پىلانىدۇر. بۇ خىتاينىڭ ئىقتىسادىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە تاشيول، ئايرودروم ۋە تۆمۈر يوللارنى ياساشنى كۈچ ۋە تەسىرنى زورايتىش، شۇنداقلا شى جىنپىڭنىڭ شەخسىي كۆز قارىشى بولغان «خىتاي چۈشى»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىدىغان «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا ياندىشىپ كېلىدۇ.

شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «خىتاي چۈشى» ماھىيەتتە ئامېرىكانى ۋەيران قىلىش چۈشىدۇر. مەسىلەن، شى جىنپىڭ خەلقئارالىق تىجارەتتە دوللارنىڭ ئورنىغا خىتاي پۇلىنى، يەنى «يۈەن»نى دەسسەتمەكچى ۋە دۇنيا تىجارىتىنى خىتاي پۇلىغا يۆزلەندۈرۈش ئارقىلىق ئامېرىكانى ئىقتىسادىي جەھەتتىن گۇمران قىلماقچى. ئامېرىكانىڭ بۇ خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشتىكى بىردىنبىر ئۈمىدى خىتاي كومپارتىيەسىنى خىتاي تەختىدىن غۇلىتىپ تاشلاشتۇر.

(داۋامى كېلەر ساندا ئۇلاپ بېرىلىدۇ)

ئېنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچىلار:

**ھېكمەتيار ئىبراھىم , ئەنۋەر قاراقۇرۇم**

Introduction: Deceive the Sky to Cross the Ocean

1  Interview with the author_

Chapter 1: How Communists Lie L  Interview with the author.

2 Interview with the author,

3. Xi n hua News Agencyj,anuary 11, zinc..

4 "Dgmarche following China's January 2010 Intercept Flight Test,'" State Department cable. January 12,2010, SECRET, published by

5.S Li Wen min  Chang The, Zhang Xuefeng, Duan Congcong, and 5h Hue. "Rash US Conjectures on China's Antisatellite Weapon," Huargim sitiliao, January 19, 2007.

Chapter 2: The East Is Red

1.L Maochun Yu, "Marxist Idealogy, Revolutionary Legacy and Their Impact on China's Security Policy" in. M A tledge Handbook of Chinese

SrCLI rity, S. Etvweil Dittraer and Maoc him Yu (Palm Beach, FL: Rout ledge liandbooks Online. 2015), 44.

2 ]bid, 45.

3 In enkaii to the author.


سىزمىدىن
مەدەنىيەت
روجەكلىرىگە

بىر مەدەنىيەتنىڭ ئۇزۇنغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ نامايانداسىنى يارىتىپ كەلگەن مىللەتتۇر.

قازاقىستانلىق داڭلىق ئۇيغۇر رەسسامى ھاشىم قۇربان ئەسەرلىرىدە قويۇق مىللىي پۇراق بىلەن مودېرنىزىملىق ئۇسلۇب يارىتىش بىرىككەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ۋە تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتى ئاساسىي تېما قىلىنغان.

رەسسام ھاشىم قۇربان رەسىم ئىجادىيىتىدىن باشقا يەنە قاپاق سەنئىتى ئىجادىيىتىنىڭمۇ ئاۋانگارتلىرىدىن بىرى بولۇپ، كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى ۋۇجۇتقا چىقارغان . رەسسامنىڭ قاپاق سەنئىتى ئىجادىيەت ئەسەرلىرى نەپىس ۋە كۆركەم بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەتىنىڭ كۆركى بولغان ئۆرپ ئادەت،ئېتىقادلىرىمىزنى قاپاق ئۈستىگە مۇجەسسەملىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەركىن تەپەككۇرى ۋە يۇكسەك ماھارىتى بىلەن ، ئاددىي قاپاق ئۈستىگە ئۇيغۇرلارنىڭ  دىنىي ئېتىقادى، تارىخىي قەھرىمانلىرى، ياشاش مۇھىتى قاتارلىق مەزمۇنلارنى قوندۇرۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان.رەسسامنىڭ بۇ خىل ئۆزگىچە قاپاق سەنئىتى ئىجادىيىتى قازاقىستان«گىننىس» رېكوردى قامۇسىغا تاللانغان.

ھاشىم قۇربان 1957 - يىلى تاشكەنتتە تۇغۇلۇپ، كېيىن ئۆزبېكىستان سەنئەت ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاماملىغاندىن كېيىن، 1961 - يىلىدىن ئېتىبارەن قازاقىستاندا ياشاپ كەلمەكتە. رەسسام 2005- يىلى قازاقىستان بويىچە «ئىلھام» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۆپ قېتىم دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا مۇكاپاتلانغان. رەسسام يەنە 2013 -يىلى، لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرگەزمىسىدە 3 -دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ شەرەپ قۇچقان. ئۇ قازاقىستان رەسساملار ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەزاسى، قازاقىستاننىڭ «تۆھپىكار» شەرىپىگە مۇۋەپپەق بولغان. رەسسامنىڭ ئەسەرلىرى قازاقىستان مۇزېيى، ئامېرىكا، گېرمانىيە، ياپونىيە، فرانسىيە، شۋېتسىيە ۋە شۋېتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە بەزى شەخس ۋە مۇزېيلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ساقلانماقتا.

2020 -يىلى ئاپرېلدا رەسسامنىڭ يەنە بىرقانچە پارچە يېڭى ئەسىرىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇق . يېڭىدىن ئۇيغۇر سەنئەت ئالبۇمىغا قوشۇلغان بۇ ئەسەرلەرمۇ رەسسامنىڭ يۇكسەك تەسەۋۋۇرى ۋە يۇقىرى ماھارىتىدىن روياپقا چىققان ئەسەرلەر بولۇپ، مېنى ئىختىيارسىز ھالدا ۋەتەننىڭ قوينىغا تاشلاپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەتىنىڭ ھەر بىر روجەكلىرىگىچە باشلاپ باردى. بۇ بىر يۈرۈش سېرىيە رەسىملەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق، هويلا –ئارام مەدەنىيەتى، تۇرالغۇ ، يېمەك –ئىچمەك، كىيىم-كېچەك مەدەنىيەتى شۇنىڭدەك ئېلىم –بېرىم ، مۇراسىم ،ئۆرپ-ئادەتلىرى مۇجەسسەملىنىپ ياسالغان دۇنيانىڭ مىكرو ھالىتىنى كۆز ئالدىمدا نامايان قىلدى:

شەھەر-يېزا، كوچا- كويلىرىمۇ خۇددى خەلقىدەك بەرداش بۇ يۇرتىمىزنىڭ  ھەر بىر مەھەللىسى، ئىماملارنىڭ مەسچىت قۇببەلىرىدىن كېلىۋاتقان زىكىر-تەلقىنلىرى، مېھىرلىك پىشايۋانلاردىن كېلىۋاتقان سەبىي باللارنىڭ قوڭغىراقتەك كۈلكىلىرى،مۇشۇ مەھەللىلەردىن يېتىشىپ چىققان زاتلارنىڭ سەمەرىلىك ئىزلىرى، ھەسرەتتە ئۆتكەن جاپاكەشلەرنىڭ  غېرىپ كۈلبەلىرى، بىرلىكتە غازاڭدا كاۋاپ قىلىشىپ يېگەن دوستلارنىڭ تونۇش ئېرىقلىرى، ئاشىق –مەشۇقلارنىڭ سېھىرلىك دۆڭلىرى ، غەزەلچىلەرگە سايىۋەن بولۇپ كەلگەن چىنار دەرەخلىرى ، ساتار ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان دەرتمەنلەرنىڭ پىنھان ئۆگزىلىرى ئىشقىلىپ ھەممىسى رەسسامنىڭ قولى بىلەن ئۆزىگە تەئەللۇق جايىنى تاپقان ئىدى.

2018 -يىلى رەسسام ھاشىم قۇربان شۋېتسىيە پايتەختى ستوكھولمدا بىر قېتىملىق رەسىم كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ، شۋېتسىيەدە بىر ھەپتىلىك زىيارەتتە بولدۇ. مەن بۇ جەرياندا رەسسام بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئۇنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم. شۇ ۋاقىتتا، رەسسام ماڭا ئۆزىنىڭ ئىلھام بۇلىقىنىڭ كۆپىنچە ۋەتىنىمىزنىڭ شەھەر-يېزىلىرىدىن، تاغۇ-دەريالىرىدىن كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. شۇڭا ئەسەرلىرىدە "ئوتۇن يۇدۇپ كېتىۋاتقان دېھقان"،

ھېيتكاھ مەسچىدىنىڭ ئالدىدا" دوغاپ ئىچىپ ئولتۇرغان شاپ بۇرۇت يىگىت" ياكى " تونۇر بېشىدا نان يېقىۋاتقان ئانا"لارنى ئۇچراتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.

«مېنىڭ يېزام» ناملىق رەسىمدە ھەممىمىزگە ئۆزىمىز ياكى ئەجداتلىرىمىز تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان يېزىلارنى ئەسلىتىدىغان ، قەشقەر ئۆيلىرىگە تەقلىد قىلىنغان بىر مەنزىرە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، رەسىمدىكى ئاددىي ئۆيلەر، شالاڭ ئاھالىلەر، پاكىز ۋە رەتلىك ھويلىلار ئادەمگە ھۇزۇر بەخش ئېتىدۇ ۋە بىزنى ئىختىيارسىز ھالدا بۈگۈنكى دۇنيادىكى شاۋقۇن-سۈرەندىن مۇستەسنا، جىنايەت ياكى زۇلۇمدىن خالى، روھى ۋە جىسمى پاكلىق بابىدا تاۋلانغان ئىنسانلار ئارىسىغا باشلاپ بارىدۇ.

بىر ئەل، بىرەر شەھەردىكى مەدەنىيەت ئاۋۋال شۇ يەردىكى بىناكارلىقتا ئىپادىلىنىپ دىققەتكە سازاۋەر بولىدۇ.

ۋەتىنىمىز ئەزىزانە قەشقەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىزلار ، تارىخىي تۇرلار ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، قەشقەرنىڭ قەدىمىي ئاھالىلىرى مىلادىيەنىڭ ئالدى-كەينىدە كۆچمەنلىكتىن ئولتۇراقلىشىپ ياشاش دەۋرىگە كىرىپ بولغان . بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قەشقەرنىڭ بىناكارچىلىقى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگىدۇر. قەشقەردىكى ئۈچ مىرۋان مىڭ ئۆيى، يەنى توققۇز ھوجرا-قەشقەر قەدىمكى زامان بىناكارچىلىقىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەڭ تىپىك نامايەندىدۇر. [1] (قارا قۇتلۇق :47) شۇ زامانلاردىكى ئۇيغۇر بىناكارلىقى شۇ دەۋرلەردىكى دىنىي ئېتىقاد بىلەن زىچ باغلىنىشلىق، چۈنكى بىناكارلىقتا دىنىي ئېتىقاد ئامىللىرى ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتكەن بولىدۇ.ئەلۋەتتە يەنە سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئامىللارمۇ قوشۇمچە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ۋەتىنىمىز ئەزىزانە قەشقەرنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى ھويلا- ئاراملىق، باغ- ۋارانلىق، پىشايۋان –سۇپىلىق، دەھلىز- دالانلىق، ئايۋان سارايلىق، كۆپ خانىلىق، ئەۋرەز- قازناقلىق، تۆر-پەگاھلىق، تەكچە- مېھرابلىق، ۋاساجۇپ- ۋاسادەميانلىق، لىم- ناۋالىق، ئەگمە ئىشىك- دېرىزىلىك، كۆركەم نەقىشلىك، سوقما تاملىق، سىلىق سۇۋاقلىق، ئېغىل- قوتانلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ،[2] ( راھمان: 101) بۇ خىل ئۇسلۇبلارنىڭ شەكىللىنىشىدە جۇغراپىيەلىك شارائىت، ئىقلىم كىلىمات، ئانتروپولوگىيەلىك مەنبە يەنى كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتەك ئالاھىدىلىكلەردىن باشقا، يەنە شۇ خەلقنىڭ گۈزەللىك قارىشى، تەبىئەت ۋە ئالەم چۈشەنچىلىرى، مىللىي سەنئەت ماھارەتلىرى ئىستىخىيلىك ھالدا كىرىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ئىسلام ئۇسلۇبى ۋە باشقا ئۇسلۇبلارنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتەك ئۇسلۇبلار يارىتىلىپ ، تارىختىكى ئەڭ شاۋكەتلىك دەۋرلىرىنى تارىخ بېتىگە يازدى. قاراخانىلار دەۋرىدە ، زور تۈركۈمدە بىناكارلىق ئۇستىلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىپ ، يىپەك يولىنى بويلاپ، ئەتراپتىكى ئەللەرگە بېرىپ بىناكارلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى مەلۇم. پارس خەلقىنىڭ جاھانكەزدى شائىرى شەيخ سەئىدى(1203-1293) نىڭ ئەينى ۋاقىتتا قەشقەرگە كەلگىنىدە شەھەرنىڭ مەدرىسە-مەسچىتلىرىنى ئارىلاپ، ئوردا ئىشكى جامىئە مەدرىسەسىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانلىقى ۋە تالىبىل ئىلىملەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغانلىقىدەك بىر ۋەقە بىزگە قەشقەرنىڭ قەدىمكى بىناكارلىق مەدەنىيىتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سەئىدىيە خانلىقى ۋە ياقۇپبەگ دەۋرىدىمۇ شەھەر قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، نۇرغۇنلىغان ھەشەمەتلىك ئوردا-سارايلار، مەدرىسە-مەسچىتلەر، مونچا، رابات ۋە تۇرالغۇ ئۆيلەر بەرپا قىلىنغان. شۇ ۋاقىتتىكى قۇرۇلۇشلاردىن پەخر بىلەن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان مەشھۇر ھېيتكاھ جامىئەسى، ئافاق خوجا مازىرى، ھەزرەت مەدرىسەسى، ئەنجان مەسچىتى ، ئىسكەندەر ۋاڭ گۈمبىزى قاتارلىقلار.

1 ئوسمان مۇھەممەدى قارا قۇتلۇق،« قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋي بىناكارچىلىقى» ، "شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 2015-يىل 1-سان

2 ئابدۇكېرىم راھمان، «قەشقەر بىناكارلىق مەدەنىيىتى»، 2012

ۋېنتسيەلىك ساياھەتچى ماركو پولو **1271**-يىلى ۋېنىيسىيەدىن يولغا چىقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق **1275**-يىلى قەشقەرگە سەپەر قىلىدۇ. شۇندىن كېيىن

تارىختا ئاز بولمىغان سەيياھلار، تەۋەككۇلچىلەر، تىل تەتقىقاتچىلىرى، مىسسىئونېرلار، جاھانكەزدىلەر ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئارقا-ئارقىدىن بۇ زېمىنغا ئاياق باستى. قەشقەر بەزىدە ئەجنەبىيلەرنىڭ شەرقتىكى "جەننىتى" گە ياكى "بوستانلىقتىكى گۆھىرى" گە ئايلانسا، بەزىدە رەقىپ مەيدانىغا ئايلاندى. ھەر خىل كىشىلەر قەشقەرنى ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىشتىكى ئوخشىمىغان قورال قاتارىدا كۆرۈپ ، ئوخشىمىغان نەتىجىلەر بىلەن خۇلاسىلاندى. ماركو پولودىن كېيىن چوقان ۋەلىخانوف، كوروپاتكىن، روبېرت شاۋ، سۋېن ھېدىن ، كاتارىن ماكارتنىي، گۇننار ياررىڭ، نوشرۋان نائوشېۋ... قاتارلىق تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالغان كىشىلەرمۇ قەشقەر ھەققىدە چوڭقۇر يالدامىلارنى قالدۇرۇپ، قەشقەرنىڭ تارىخى، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئاۋامنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە قىممەتلىك خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

**19-20**-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردىن بىناكارلىق مۇتەخەسسىلىرى ۋە ئۇستىلىرى يېتىشىپ چىقىپ، روسىيە، ئەنگلىيە، شىۋېتسىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىلىرىنى ياساش قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان. بۇ ئىمارەتلەر ھازىر قەشقەر چىنباغ ۋە سەمەن مېھمانخانىلىرىدا تىپىك ئابىدە بولۇپ ساقلانماقتا.

شىۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ قەشقەر ۋە يەكەندىكى پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن «ئەگرى – توقاي يوللار-شەرقىي تۈركىستاندىكى 25 يىل» ناملىق كىتابدا قەيت قىلىنىشىچە، مىسسىئونېر جون ھېگبېرىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرىگە ئاساسەن، ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ قايتا قۇرۇلۇشىدا پۈتۈنلەي ئۇيغۇر ئۇستاملار ياردەم قىلغان ئىكەن.

"قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ قۇرۇلىشى پۈتۈپ قالاي دېگەن چاغلار بولۇپ، . بۇ ۋاقىتتا ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىدە بولىۋاتقان ۋېنگرىيەلىك داڭلىق ئارخېئولوگ، ئوتتۇرا ئاسىياشۇناس سىر ئاۋرېل ستەيىن قەشقەرگە كېلىپ بۇ يېڭى سېلىنغان كونسۇلخانىغا چۈشىدۇ.ئۇ بۇرۇن بىر قېتىم بۇ كونسۇلخانىغا كەلگەندى.ئۇ ھازىر بۇ قۇرۇلۇشنىڭ بۇرۇنقىدىن ياخشى سېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ ماڭمۇ كۆپ ياخشى تەرىپىنى قىلدى.

ئۇنىڭ بۇ ھەقتە ھىندىستان ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقلەر ئۈستىدىكى سېلىشتۇرمىسى ۋە خۇلاسىسى مېنى ھەيران قالدۇردى.ئۇ ئۇيغۇرلار ھەققىدە مۇنداق باھالارنى بەرگەن ئىدى:

''ئۇيغۇرلاردا ئىپتىدائىيلىقنىڭ بارلىق شەكىللىرى مەۋجۇت بولۇپ،تىرىشچان ۋە تەرەققىيپەرۋەر كېلىدۇ، بۇ خىل خاراكتېرنى ھىندى خەلقى ئارىسىدىن ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.مەسىلەن، مەن سەپەردە بىرەر يەرلىك ئۇيغۇرنىڭ ئائىلىسىدە قوناقتا قالسام، ئۆزۈمنى ناھايىتى بەھۇزۇر ھېس قىلىمەن، تاماقلىرىنى بىمالال يېيەلەيمەن، بىر ياۋروپالىق ئۈچۈن ھىندى ئائىلىسىدە تۇرغاندا بۇ خىل شارائىتتىن ھوزۇرلانغىلى بولمايدۇ.

گەرچە قۇرۇلۇش ئەڭ ئىپتىدائىي ئەمگەك ۋاستىلىرى ۋە ئاددىي ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلسىمۇ، بۇ زېمىندىن قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىزنالىرىنى تاپقىلى بولىدۇ.ئۇيغۇرلار پەقەتلا تەربىيلەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇھتاج.[3] ''(ھۆگبېرىي:**85**)

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغىنىمىزدا ھەممىمىزنىڭ بىراز چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋېلىپ ئاندىن ئويلىنىپ بېقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. گەرچە ئەجنەبىيلەرنىڭ بىر مىللەتكە بەرگەن باھاسى بىر تەرەپلىمىلىك بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى بىر قىسىم مىللىي خاراكتېرنى يورۇتۇپ بەرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغما ئەقىللىق، ھۈنەر – كەسىپنى سۆيىدىغان، كەڭ

3
<<På obanade Stigar-25år i Öst-Turkestan>>,1917





قوساق ۋە مېھماندوست تەرەپلىرى بىلەن بىرلىكتە ، ئاسان قانائەت تاپىدىغان، ھورۇن ۋە ئالغا ئىلگىرلەشنى خالىمايدىغان بەزى پاسسىپ خاراكتېرلىرىمۇ تارىخىي خاتىرىلەردىن ئورۇن ئالغان.

ئۇيغۇرلار تارىختا دېھقانچىلىقتا ئەڭ بالدۇر قەدەم قويغان مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مەيلى تېرىم مەدەنىيەتىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن بولسۇن، ئەڭ بۇرۇن تۇرالغۇ مەدەنىيەتىنى شەكىللەندۇرۇپ، ئۆزىگە خاس شەكىلدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلار تارىختا چېدىر، گەمە، كەپە، ساتما، ، كېمىر ئۆي قاتارلىق تۇرالغۇ ئۆيلەرنى ياساپ، ئۆز ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇپ كەلگەنلىكى مەلۇم.

قەشقەر ئۆيلىرى تىلغا ئېلىنغاندا ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىنىنىڭ مۇنۇ ساتىرلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈش كۇپايە:« قەشقەر ئىمارەتلىرىدىكى ھەر بىر خىش ئۆتمۈش قىسمەتلىرى قاچىلانغان تۆت چاسا پىلاستىنكا، ئۇنى ئىماندىن پۈتكەن قۇلاق بولمىسا، ھېچكىم ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولالمايدۇ....قەشقەر ئىمارەتلىرىدىكى ھەر بىر خىش بىر يۈرەكتۇركى، بىر-بىرى بىلەن جىپسىلىشىپ زور بىر قەسىرنى بەرپا قىلىشقىنىدا، تۇتاش ھالدا سوقۇپ تۇرىدۇ....»

ئۇيغۇر تۇرالغۇلىرى يالغۇز بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتىلا بىزگە مىراس بولۇپ قالماي، بەلكى پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ جۇغلانمىسى ، پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ ئەدەپ-ئەخلاق مىزانلىرى ۋە ئادىمىلىك پىرىنسىپلىرىنىڭ كۆزنىكىدۇر. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە ئېتىقاد، غۇرۇر ۋە كىملىك ئەقدىسى ساقلانغان. مەنىۋىيەت ۋە روھىيەتتىكى بايلىقىمىز جەۋلان قىلىپ تۇرىدۇ.



رەسىمدىكى قوش قاناتلىق دەرۋازىلارنى كۆرگىنىمدە «بۆكۆخان رىۋايىتى» دىكى :

«... قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان تۇغلا، سېلىنگا دەريالىرىنىڭ قوشۇلىدىغان جايىدا قاملانجۇ دەيدىغان بىر جاي بار ئىكەن. ..كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇشتۇمتۇتلا دۆڭدىن بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ.ئۇ ئىشىكتىن قارىسا دۆڭنىڭ ئىچىدە خۇددى ئوتاۋ (كىگىز ئۆي) گە ئوخشاپ كېتىدىغان بەش ئېغىز ئۆينىڭ بارلىقىنى، ھەر بىر ئۆيگە بىردىن كۈمۈش سەگەنچۈكنىڭ ئېسىلغانلىقىنى ...كۆرگىلى بولىدىكەن» دەپ تەسۋىرلەنگەن مەنزىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

ئۇيغۇرلارنىڭ **11**-ئەسىردە يېزىلغان، تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ قامۇسى سانالغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ ئىشىك ،دەرۋازا ھەققىدە ئىزاھاتلار بېرىلگەن بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرى دەرۋازىنى ھازىرقى تۈرك تىلىدىكى "قاپى" سۆزىدىن پەرقلىق ھالدا "قاپۇغ" دەپ ئاتىغان. ئىشىكنى بولسا "ئەشىك" دەپ ئاتىغان. ئىشىك ۋە بوسۇغا قىلىنىدىغان ياغاچنى "ئەشىكلىك يىغاچ" ، دەرۋازىنىڭ يان ياغاچلىرىنى "قاپۇغ ياڭاقى" دەپ چۈشەندۈرگەن.

مەھمۇد كاشغەرى يەنە **11**-ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ياسىلىشى ،ئۆيلەرنىڭ بۆلەكلىرى، ئورۇنلاشتۇرۇلىشى، بېزىلىشى، سەرەمجانلاندۇرۇلىشى ھەققىدىمۇ چۈشەنچە بەرگەن **(394**:گەنچ**:2010)** [4] .

خىتايلارنىڭ سېپىل ۋە دەرۋازىغا بولغان ئىشتىياقى تا ھۆن دەۋرىدىن تارتىپ ، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن سەددى چىن سېپىلىنى ياساشتىن باشلانغان بولۇپ، ئۇزۇن تارىخ مابەينىدە ئۆزلىرىنى تۈرك قەۋملىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش ۋە ئۆز تېررىتورىيىسىنى مۇستەھكەملەش، ئىگىلىۋالغان زېمىنلىرىنىڭ قولدىن چىقىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىزچىل تۈردە ئۆز شەھەر دەرۋازىلىرىنى چىڭىتىپ ۋە يېڭىدىن قۇرۇپ تۇردى.

قەشقەر خىتايلار تەرىپىدىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ ، خىتايلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونغا دەرۋازا بېكىتىلىپ ، يەرلىك شەھەر خەلقىگە بولغان كونتروللۇقىنى تېخىمۇ چىڭىتىۋاتقان دەۋردە ، شۇ خەنچېك دەپ ئاتالغان يېڭى شەھەر دەرۋازىسى بارلىققا كېلىدۇ. قەشقەر شەھىرىنىڭ ھەر قايسى تارىخي دەۋرلەردە تۇتقان ئورنى ۋە نامى ھەرخىل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شەھەرنىڭ كۆلىمى، سېپىل دەرۋازىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نامىمۇ ھەر خىل بولۇپ كەلدى. قەشقەر شەھىرى بىنا بولغان **1000** نەچچە يىلدىن بۇيان، «كۈيبالىق»، «ئوردا كەنت»، «سۇلى»، «كاشغەر»، «قەشقەر» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلدى. شەھەر «ئىچكىرىدىكى شەھەر»، «تاشقىرىقى شەھەر»، «يۇملاق شەھەر»دىن ئىبارەت **3** بۆلەككە بۆلۈنگەنىدى.

مىلادى **893**- يىلى چاقماق دەرياسىغا كەلگۈن كېلىپ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى خانئۆيىنى ۋەيران قىلىۋەتكەندىن كېيىن، سۇتۇق بۇغراخان ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئورنىنى پايتەخت قىلىشقا تاللىغان ۋە بۇلاق بېشى دېگەن جاينىڭ جەنۇبىدىكى دۆڭلۈكتە ئوردا قۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇ جاينى مەركەز قىلىپ ئوردىنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ **4-5** كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئايلانما سېپىل سوقتۇرۇپ شەھەر بىنا قىلغان. بۇ شەھەرنىڭ نامىنى ئوردا كەنت دەپ ئاتىغان. ئوردا كەنت دەپ ئاتالغان بۇ شەھەرنىڭ غەرب، شەرق، شىمال، جەنۇب تەرەپلىرىدىن **4** دەرۋازا ئېچىلغان، بۇ دەرۋازىلار ئوردا ئىشىكى، قاراقىر دەرۋازىسى، سۇ دەرۋازىسى ۋە توققۇزئاق دەرۋازىسى دەپ ئاتالغان. دەرۋازا نامى بىلەن ئاتالغان يەر نامىلىرىدىن يەنە قۇم دەرۋازا، تۆشۈك دەرۋازا قاتارلىقلار بار.

تارىختا چىڭ سۇلالىسى قەشقەرنى ئالغاندىن كېيىن مەخسۇس قوشۇن تۇرغۇزۇش ئۈچۈن يېڭىدىن بىر شەھەر بىنا قىلىش زۆرۈر بولۇپ قېلىپ سېپىل سوقتۇرۇپ، ھازىرقى يېڭىشەھەرنى بىنا قىلغانلىقى دەلىللەنگەن .بۇ رايوننىڭ ئەسلى ئىسمى قاراقىر بولۇپ ، مۇسۇلمانلار شەھىرى يەنى ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ يەتتە چاقىرىم غەربىگە (خىتاي شەھىرى) سېلىنىدۇ. بۇ شەھەردە ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئولتۇراقلاشتى،

[4] رىشات گنچ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن **11**-ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر ، **2010**، بېيجىڭ

سودا رايونلىرى بەرپا قىلىندى. كونا شەھەر بىلەن يېڭىشەھەر ئايرىلغانلىقتىن، ئۇيغۇرلار قەدىمكى قەشقەر شەھىرىگە ئۇدۇل قارىتىپ بىنا قىلىنغان بۇ شەھەرنى ‹يېڭىشەھەر›دەپ ئاتىدى.

دەرۋازىلارنى ئەينى چاغدا ھۆكۈم سۈرگەن ئىستىبدات ھۆكۈمران-ئەمەلدارلارنىڭ ئۆزلىرىنى قوغدىشى ۋە ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. دەرۋازىنىڭ ئېچىلىش-تاقىلىش ۋاقتىنى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بەلگىلەيتتى. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېيىن قالغان كىشىلەر دەرۋازىدىن كىرەلمەيتتى ياكى چىقالمايتتى، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلاردىن جەرىمانە ئېلىناتتى ھەتتا ئۇلار دەرۋازا يېنىدىكى قاراڭغۇ ئۆيلەرگە سولاپ قويۇلاتتى. **1953**-شۋېتسىيەلىك مىسسىيونېر جون تۆرنكۋىست قالدۇرغان كۈندىلىك خاتىرىگە ئاساسەن،شەھەر دەرۋازىلىرى قەشقەر ئەتراپىدىكى**18** چوڭ كىچىك بازارلارغا تۇتىشاتتى.ئادەتتە ھەر پەيشەنبە كۈنى بازار كۈنى بولاتتى. ۋە ئومۇمەن كەچ سائەت **9** دىن كېيىن شەھەر دەرۋازىلىرى تاقىلىپ كېتەتتى.يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى دەرۋازىلارنى ئېلىپ تاشلاپ، سېپىللارنى چېقىشقا باشلىدى، **1960**- يىللارغا كەلگەندە قەشقەر شەھىرىنى ئوراپ تۇرغان ئايلانما سېپىل ئاساسەن تۈگىدى، سېپىل ئورنىغا ھەر خىل قۇرۇلۇشلار، زامانىۋى بىنالار سېلىندى.

جون تۆرنكۋىست خاتىرىسىدە پۈتۈن قەشقەر شەھىرىنى خۇددى چۆمۈلە ئۇۋىسىغا ئوخشىتىپ تەسۋىرلەيدۇ. سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى **10-12** مېتىر ئەتراپىدا،تام تېگىنىڭ قېلىنلىقى **12-18**مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، تامنىڭ ئىككىلا تەرىپى ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى رىشاتكىلار بىلەن تورالغان. ئارىسىدا زەمبىرەك توپى پاتقۇدەك جاي بولۇپ، پۈتۈن شەھەرنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرالغانىدى.شەھەر دەرۋازىسى پىششىق ۋە تۆمۈردىن ياسالغانىدى.ھەر بىر دەرۋازا تۆت چاسا شەكىللىك قوش ئىشىكلىك دەرۋازا ئىدى.لېكىن دەرۋازىلار ئۆزارا بىر-بىرىگە قارىمايتتى ۋە پاراللېل ھالدا جايلاشمىغانىدى.بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ سەۋەبى ئەمەلىي ۋە يەنە خىتايلار ئارىسىدىكى بەزى ئەقىدە ئېتىقادلارنى كۆزدە تۇتقانلىقتىن ئىدى. ئەمەلىي بولۇشىنىڭ سەۋەبى، ئەگەر ئۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللىنىپ قالغاندا، دەرۋازىلارنىڭ كۆزگە ئاسان چېلىقىشى ئۈچۈن بىر بىرىگە پاراللېل جايلاشتۇرۇلماي، بومباردىماندىن قېچىشقا قولاي بولۇشى ئۈچۈن، كۆزگە چېلىقىدىغان يەرگە _ بۇلۇڭغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.يەنە بىر سەۋەبى خىتايلار يامان روھتىن قورقىدىغان بولۇپ، ھېچقايسى دەرۋازا بىۋاستە كىرىش ئېغىزىغا تۈز جايلاشمىغان.گۈللۈككە تۇتىشىدىغان دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بىر بۇتخانا بار.خىتايلارنىڭ چۈشەنچىسىدە يامان روھلار بۇلۇڭ پۇشقاقلاردا ياشىيالماسمىش، شۇڭا يامان روھلار كەلگەندە دەرۋازا ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يولىنى توسايدىكەنمىش. قاتمۇ قات دەرۋازىلارنى قۇرۇپ ، شەھەرنى شۇنداق قورقۇنچ ۋە دەككە دۈككىدە قولىغا ئالغان بولۇپ، شۇندىلا خەنچېڭنى تارىختىكى ياقۇپ بەگ بىلەن بولغان ئۇرۇشقا ئوخشاش ئۇرۇشلاردا مۇستەھكەم قوغداش ئۈچۈن شەھەر دەرۋازىسىنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ دەپ ھېس قىلاتتى. 5 ( تۆرنكۋىست: **53**) شۇ قاناتلىق دەرۋازىلاردىن ھاسىل بولغان مەھەللىلەر قانچىلىغان بەرنا يىگىت ، ئۆز قىزلارنى قوينىغا ئېلىپ پەپىلەپ يېتىشتۈرگەن بولغىيتتى؟ ئەركىن ئۆسۈپ چوڭ بولغان يۇرتىدا ئەسكەرلەر، ساقچىلار يېغىپ كەتكەن كۆرۈنۈشلەرنى ۋە خەلقىنىڭ بوزەك قىلىنىۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈپ، گەرچە سەبىي قەلبىگە داغ چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئوتنى ئۆچۈرەلمەيتتى، غۇرۇرىنى سۇندۇرالمايتتى.

شۇ قاناتلىق دەرۋازىلار ئالدىدا بېشىغا ئاق لېچەك سالغان، پۈتىغا مەسە كىيگەن ئانا ئاززۇ دەريالىرىغا مۇشتاق بولۇپ، يىراق قىرلارغا ماڭغان ئوغلىنى قۇچاغلاپ تۇرۇپ ئۇزىتىپ قويغان. شۇ ئوغۇلمۇ يەنە شۇ دەرۋازا ئالدىدا پوتىسىغا قىسىۋالغان قىزىل گۈلنى شەھلا كۆزلۈك، يېپەك روماللىق مەشۇقىنىڭ چېكىسىگە قىسىپ قويۇشقا نائىل بولۇپ ۋىسال قۇچقان. بۇ مەھەللىدىكى كوچىلاردىن زامانىسىدىن بېرى ھۈنەرۋەن – كاسىپلارنىڭ جار سېلىشلىرى، مۇڭلۇق دۇتار، راۋاپ سادالىرى، ئاشىقلارنىڭ

5
John Törnquist,<< Kashgar>>, 1925

يېقىملىق كۈيلىرى، ئانىلارنىڭ ئىللىق ئەللەي ناخشىلىرى ئۇزۇلۇپ قالمىغان.بۇ كوچىلار ئالەمگە مەشئۇل ئالىم – ئۆلىمالارنى قۇچىقىغا ئالغان، قوڭغىراق جاراڭلاتقان كارۋانلارنى باشقا ئەللەرگە ئۇزۇتۇپ مەدەنىيەت تارقاتقان، قانلىق جەڭلەردە ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن سادالىرىنى ئاڭلىغان ۋە غەلىبىلەرگە گۇۋاچى بولغان، ئارماندا كەتكەنلەرنى ئۇزۇتۇپ، يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقانلارنى پەپىلىگەن كوچىلار ئىدى.

سۈبھى دەملىرىدە رەيھان پۇرايدىغان دىل ئارامى هويلىلار ئەۋلادتىن –ئەۋلادقا ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋي مەدەنىيەتىنى ئۇچراشتۇرىدىغان سەينا بولۇپ كەلمەكتە ۋە نۇرغۇن مەدەنىيەت ئىختىرالىرىنى هويلا ئارقىلىق گەۋدىلەندۇرۇپ كەلمەكتە.

بۇ سېرىيە رەسىملەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك مەۋجۇت بولغان هويلا چىتلاقلىرىغا نەزەرىم چۈشكەن دەملەردە ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بەزى ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا هويلا ياكى كىچىك باغچىلىرى بولىدىغانلىقى، بوشلۇق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان "ئەل" سۆزىدىن ئېلىنغان "قاپۇغ ئەلى" دېگەن سۆز "هويلا " دېگەن سۆزنى ئىپادە قىلىدىغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتتۇم. بۇ هويلىلار ئېھتىمال **11**-ئەسىردىمۇ هازىرقىدەك "چىت" دەپ ئاتالغان ۋە قاشا بىلەن قورشالغان ئىكەن.[6] ( گەنچ: **398**) ئۇيغۇرلارنىڭ هويلا ئاراملىرىغا گۈل-چېچەك ، باراڭ، دەل-دەرەخ بەرپا قىلىش ئادىتى قەدىم تارىختىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيەتى ھەققىدە مۇپەسسەل تەتقىقاتلارنى يۈرگۈزگەن ئۇيغۇرشۇناس گابائىن فون خانىم ئۇيغۇر هويلا –ئاراملىرى ھەققىدە ئۆز خاتىرىلىرىدە قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆي-ماكانلىرىنىڭ تولىراق ئىككى قانات ئىشىكلىك، ئىشىكنىڭ تۆپىسىدە كىچىك راۋاقنىڭ بولىدىغانلىقى، هويلىلار يېرىم تام بىلەن قوپۇرۇلىدىغانلىقىنى،ئۆيلەرنىڭ تاملىرىنىڭ ناھايىتى مۇستەھكەم بولۇپ، **50** سانتىمېتىر ئەتراپىدا خىش ئۇل سېلىپ قوپۇرۇلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. يەنە بۇ خىل ئۆيلەرنىڭ پوللىرىنىڭ گۈللۈك ياغاچتىن قىلىنىدىغانلىقى ياكى گىلەم سېلىنىدىغانلىقى ، كىشىلەرنىڭ **30**سانتىمېتىر ئېگىزلىكتىكى سۇكە (بۇگۇنكى كۇندىكى سۇپىنىڭ باشقا شەكلى)دەپ ئاتىلىدىغان ئۇزۇن ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدىغانلىقىنىمۇ خاتىرىلەيدۇ. گابائىن خانىم يەنە«قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» ناملىق كىتابىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ هويلىلىرىدا دەل- دەرەخلەر گۈللەرنى ئۆستۈرۈشتىن باشقا يەنە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ۋە پىياز، سامساق، كەرەپشە قاتارلىق كۆكتاتلارنىمۇ تېرىيدىغانلىقى، هويلىلىرىدا ئات ئېغىللىرىنىڭ بارلىقى ، ئات، تۆگە قاتارلىق ئۆي هايۋانلىرىنى باقىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

«3 دەرۋازا» ناملىق رەسىمدە دەرۋازا تەمبەل بىر كىشىنىڭ ئىت يېتىلەپ تۇرغان هالىتىنى كۆرىمىز. مەھمۇد كاشغەرى يەنە **11**-ئەسىردىلا ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئۆيىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ ، ئەينى ۋاقىتتا ئىشىكلەرنىڭ قۇلۇپلىنىدىغانلىقى ۋە بەزىدە ئوغرى –يالغاندىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىلىتلەرنىڭمۇ كار قىلماي ، بەزى ئۆيلەردە ئىتلارنىڭ بېقىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان ۋە ئىتى بار ئۆيلەرنى "ئىتلىق ئەۋ" دەپ ئىزاھلىغان.[7] (**417**: گەنچ:**2010**)

خىيال قەترەمدىكى **11**-ئەسىرلەردىكى قەدىم ماكانىمىزنىڭ بىناكارلىق ئىشلىرىنى هازىر دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان ياۋروپا ئەللىرى بىلەن سېلىشتۇرساق، شۋېتسىيەدە تۇنجى چېركاۋ **1100**-يىللىرى سېلىنغان بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ بىناكارلىق تارىخلىرىدا پەخىرلىك هالدا تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇلاردا تېخى **1300**-يىلغا كەلگەندە ئاندىن مۇكەممەل شەھەرلەردىن ئۈچى بەرپا قىلىنغان. بىزنىڭ تارىخىمىزنى ۋاراقلايدىغان بولساق، **3000** يىل بۇرۇنلا ھەربىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى باشقۇرۇشلىرى مۇكەممەل بولغان يارغول قاتارلىق شەھەرلىرىمىزنى بارماق بىلەن سانىيالايمىز. **1483**-يىلى ياۋروپادا گېرمانىيىلىك گۇتېنبېرىنىڭ باسما تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، باسما تېخنىكىسى ئاندىن ياۋروپاغا تارقالغان. ئۇندىن بۇرۇن، ئۇلار تاش ئويما سەنئىتىنى قوللانغان

[6] پشات گنچ، «تۈركىي تللار دىۋانى» دىن **11**–ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر ، **2010**، بېيجىڭ

[7] پشات گنچ، «تۈركىي تللار دىۋانى» دىن **11**–ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر ، **2010**، بېيجىڭ

بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتىكى ئەسەرلىرى پەقەتلا دىنىي ئابىدىلەردىن ئىبارەت بولۇپ كەلگەن. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلاردىكى تۇنجى باسما ئەسەر مىلادى **868**-يىلى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، قەغەزنى يۆگەپ تۇپلەش ئۇسۇلىدا باسما كىتاپ قىلىپ ئىشلەنگەن. ئەمدى ئەدەبىيات مىراسلىرىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق ،ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپادا ئاساسەن مۇھەببەت داستانلىرى، قەھرىمانلىق قامۇسلىرى، دىنىي شېئىرلار ۋۇجۇتقا كەلگەن . بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرساق ، بۇ دەۋردە بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىللىرى بولۇپ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى ئىككى مۇقەددەس ئەسىرىمىز شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغان. ”قۇتادغۇبىلىگ” نى ئالىدىغان بولساق، ئۇ مۇھەببەت ياكى قەھرىمانلىق داستانى ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي هايات، دۆلەت قۇرۇلمىسى قاتارلىقلار بىلەن لىرىكىلىق ۋاستىلەر، پەلسەپىلىك تەپەككۇر ئۆزارا بىرىككەن دىداكتىك داستاندۇر.

ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇن ئىجتىمائىي ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىگە خاتىمە بېرىپ، تېرىقچىلىق هاياتىنى باشلىغان مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرى هېسابلىنىدۇ. مۇقىم ئولتۇراقلاشقان مەھەللە ئىگىلىكى ئائىلە جەمەتچىلىكى ئارىسىدىكى قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇق بولۇشىنى تەقەززا قىلغان. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوشنىدارچىلىقنى ئالاھىدە قەدىرلەيدىغان بىر خىل پىسخىك هالەت يېتىلدۈرگەن. ئۇيغۇرلار قوشنىدارچىلىقنى ئۆزلىرىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرۇپ ، ھەتتا تۇققانچىلىقتىنمۇ بەك مۇھىم بىلىپ ، قوشنىدارچىلىقنى ئەۋلاتمۇ ئەۋلات داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. «يىراقتىكى تۇققاندىن ، يېقىندىكى قوشناڭ ياخشى»، « قولۇڭ مايلاشسا قوشناڭنىڭ ئۆتۈكىگە سۈرت»، «قوشنام ياخشى مەن ياخشى، تونۇر قىززىق نان ياخشى» دېگەندەك ماقال-تەمسىللەرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك هاياتىدا ئەكس ئېتىپ كەلگەن. قوشنىلار ئارا "سېنىڭ مېنىڭ " دېيىشمەيدۇ، تۆشۈك جابدۇقلىرى، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى كەم بولۇپ قالسا، ئۆزائارا ئۆتنە بېرىشىدۇ. پەرزەنتلەرمۇ بىر ئۆينىڭ بالىلىرىدەك چوڭ بولۇشىدۇ.

بۇ مەھەللىلەردە كىشىلەر هاياتىدىكى ئەڭ بەختلىك ياكى قايغۇلۇق كۈنلىرىنى قوشنىلار بىلەن بىرگە ئۆتكۈزىدۇ. توي-تۆكۈن، ئۆلۈم –يېتىم ئىشلىرى قوشنىلارسىز بولمايدۇ. ئايااللار ئەتكەن تاماقلىرىنى ياكى يېمەكلىكلەر-نى تاۋاققا سېلىپ ،ئۈستىدىن چىرايلىق داستىخانلارغا ئوراپ "تاۋاق" ياسىشىدۇ ۋە بۇ "تاۋاق" لار ئۆيدىن ئۆيگە سۇنۇلۇپ، مېھىرلەر يۈرەكتىن يۈرەكلەرگە تارىلىدۇ . ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تاۋىقى " شۇنچىلىك قۇدرەتلىككى، مۇزلارنى ئېرىتىپ ، كۆڭۈللەرنى خۇشنۇت قىلىدۇ، ئاداۋەتلەرنى يۇيۇپ، دوستلۇقنى چىڭىتىدۇ. بىرەرسى ساقىسىز بولۇپ قالسا قوشنىلار دەرهاللا "تاۋاق" كىرگۈزۈپ قوشنىدارچىلىقنى يەتكۈزىشىدۇ، بۇ تاۋاقلار ھەرگىزمۇ قۇرۇق قايتمايتتى. "بار تاۋىقىم يان تاۋىقىم، بارمىساڭ، يانمىساڭ، ئوتتۇرىسىن سۇن تاۋىقىم" دېگەن سۆزلەرمۇ بىكارغا ئېيتىلغان ئەمەس؛ " نورۇز بايرىمىدا "9 خىل زىرائەت" تىن نورۇز ئېشى ئېتىش، 9 تاۋاقتا يېمىش كەلتۈرۈش؛ توي مۇراسىمىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئادەتلەر، "چوڭ چاي"، "كىچىك چاي"، "مەسلىهەت چاي" "ئىسسىقلىق"، " چىللاق" ؛ ئۆلۈمنىڭ ئالدى –كەينىدىكى ئادەتلەر، نەزىر تاۋىقى قاتارلىق ئۆرپ-ئادەت ۋە مۇراسىملىرىمىزنىڭ ھېچقايسىسى"تاۋاقسىز" بولمايدۇ.

گۈگۈم ۋاقتىدا ، كىشىلەر ئىشتىن ياكى ئەمگەكتىن قايتىپ، ئۆيلىرىگە كەلگەن ۋاقتىدا، ئۆي-ئۆيلەردىن باللار يۈگۈرۈپ چىقىپ " ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟" دەپ ناخشىلارنى توۋلىشىپ، ئارقىدىن ئويۇنلىرىنى باشلىشىدۇ ياكى ھېكايە چۆچەكلەرنى ئېيتىشىپ ئۆزلىرىنىڭ دۇنياسىغا غەرق بولىشىدۇ.

دىققەت بىلەن قارايدىغان بولساق، هاشىم قۇربان ئاكىنىڭ تۇرمۇش كارتېنىلىرى ئاساس قىلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك تونۇرنى ئۇچرىتىمىز. ئەلمىساقتىن بېرى ، خەلقىمىز ئىچىدە يىقىلغانغا جان، ئاچقانغا دەرمان، يۈگۈرگەنگە كۈچ –قۇۋۋەت ئاتا قىلىپ كەلگەن نان ، نەسلىدىن نەسلىگە بىزگە ئۇزۇق بېرىپلا قالماي، بەلكى يەنە بىزنىڭ روھىيىتىمىزنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، تىنىپ كەتكەن. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋىي ئائىلە

مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان تونۇر_ ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئەقىل- پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيەتىدە مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك خاسلىقىنى مۇجەسسەملىگەن بىر مىراسىمىزدۇر.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يېمەك-ئىچمەككە ئائىت بايانلاردا،**101** خىل يېمەكلىكنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە **39** جۈملىدە نانغا ئائىت ئىزاھلار بېرىلگەن. نان يېقىشتا قوللىنىلىدىغان بەزى ئەسۋاپلار ۋە ناننىڭ چۆقمىن، قاقۇرغان، پوشكال ،كۆمەچ، چۆرەك ، ئاۋزۇرى، توقۇچ ، كۆۋشەك دەپ ئاتالغان تۈرلىرى چۈشەندۈرۈلگەن. (ئەزىزى:**81**) 8

تارىم ۋادىسىدىكى كىروران، نىيە خارابىلىرى ۋە تۇرپان، لاپچۇق ، ئىدىقۇت قەدىمي شەھىرى قاتارلىق جايلاردىن كۆپلەپ بۇغداي، ئارپا ، تېرىق ئۇنلىرىدىن قىلىنغان توقاچ نانلار تېپىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەدىمكى بۇغداي ئەۋرىشكىسى كۆنچى دەرياسى بويىدىكى قەۋرىستانلىقتىن تېپىلغان بولۇپ، يىل دەۋرى **4000** يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ.(**80**: ئەزىزى) 9

ئۇيغۇرلار ياشىغان ھەرقانداق بىر يۇرتتا تونۇرنىڭ سىماسىنى ۋە بىز ئۈچۈن ئۇلۇغ بولغان ناننى تاپقىلى بولىدۇ. تونۇر ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا يالغۇز نان ، گۆش قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇش قورالى بولۇپلا قالماي بەلكى ئۇنىڭغا يەنە قەدىمدىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ ئېتىقاد-ئەقىدىسى، ئۇدۇم ئادەتلىرى سىڭدۈرۈلگەن . نان مۇقەددەسلىكنىڭ ، پاكلىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلگەن. خەلقىمىز ئىچىدىكى" يامان بولىدۇ" لارنىڭ ئىچىدە ناننى ئۇلۇغلاش مەقسىدىدە ناننىڭ ئۈۋاقلىرىغا دەسسىسە كۆزى كور بولۇپ قالىدۇ، تونۇرنىڭ يېنىدا تەرەت قىلىشقا بولمايدۇ ؛ تونۇردا كۆيۈپ كەتكەن ناننى ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر يېسە كور قىزغا ئۆيلىنىپ قالىدۇ دەيدىغان قاراشلار بار. ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز مىنۇتلار-نىكاھ مۇراسىمىدا، ھالال جۈپلەرنىڭ ساداقىتى، سەمىمىيلىكى ۋە ۋىسال تېپىشىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قىز- يىگىتكە تۇزغا چىلانغان نان يېگۈزىدىغان ؛ بىرى سەپەرگە چىقسا، نان يوللۇق قىلىدىغان ، سەپەردە يېنىدىن ناننى ئايرىمايدىغان ئادەتلەر بار. ناننى يەنە ئىنسانلار بىر-بىرىگە بولغان ۋەدىسىگە گۇۋاھچى قىلىپ قەسەم ئىچىشنى "نان دەسسەپ بېرىش " دەپ ئاتايدىغان ئۇقۇممۇ بار. يەنە ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، "ۋاپاغا جاپا " قىلىدىغان كىشىلەرنى "نانكورلۇق قىلدى" دەپ ئاتايدىغان ئادەتمۇ بار. تونۇر ۋە نان ھەققىدىكى ماقال- تەمسىللەرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ھەر بىر ئۇششاق دېتاللارغىچە سىڭىپ كەتكەن:

ناننى تونۇر بېشىدا كۆرمەڭ، جۇۋاننى مەشرەپتە.
ناننى ئوخشاتقان تونۇرى، ئاشنى ئوخشاتقان ھۈنىرى.
ئاچنىڭ كۆزى ئەكمەكتە، توقنىڭ كۆزى ھېكمەتتە.
بىكار گەپتىن ئۇيقۇ ياخشى، ئارپا ناندىن زاغرا ياخشى.
ساما ناغرا بىلەن، قېتىق زاغرا بىلەن.
مالسىز ئەر بولماس، نانسىز ئۆي بولماس.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «نان تېپىپ يېمەك»، «نېنىنى تارتقۇزۇپ قويماق»، «نان بەرگەن قولنى چىشلىمەك» قاتارلىق ئىدىيوملارمۇ ئۇچرايدۇ.

رەسسامنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قايناق ھاياتى، تىرىكچىلىك ئۇسۇللىرىنىڭ جانلىق كارتېنىسى بولغان ئەسەرلىرىدىنمۇ ھۇزۇر ئالغان بولدۇق. نۆۋەتتىكى مىللىتىمىزنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان پاجىئەلەر ۋە ئۆز تىلىمىز ، دىنىمىز ۋە كىملىكىمىزنىڭ قىرغىنچىلىققا ئۇچراش خەۋپى ئالدىدا، ئاشۇ مېھىرلىك ھويلىلىرىمىزدا ئەۋلادتىن –ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كەلگەن ئۆرپ- ئادەتلىرىمىزنى، قائىدە يوسۇن، ئۇدۇملىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇش، ياش ئەۋلادلىرىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىنى ئۇيغۇر روھى بىلەن قوراللاندۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي مىزانلىرىمىز ، ئىنساپ- دىنيانەت قاراشلىرىمىزنى ئۆگىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق ئېتنىك تەركىبىنى تېخىمۇ

8مۇرات ئەزىزى، "تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى نان مەدەنىيىتىمىزگە ئائىت بايانلار ھەققىدە مۇلاھىزە، « شىمجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، **2006** –يىل **1**-سان

9مۇرات ئەزىزى، "تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى نان مەدەنىيىتىمىزگە ئائىت بايانلار ھەققىدە مۇلاھىزە، « شىمجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، **2006** –يىل **1**-سان

يورۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشتا مۇئەييەن رول ئوينايدۇ دەپ قارايمەن.

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**


ئوسمان مۇھەممەدى قارا قۇتلۇق،« قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋي بىناكارچىلىقى» ، "شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 2015-يىل 1-سان

ئابدۇكېرىم راھمان، «قەشقەر بىناكارلىق مەدەنىيىتى»، 2012

**På obanade Stigar-25år i Öst-Turkestan>>,1917>>**

رېشات گىنچ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن 11-ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر ، 2010، بېيجىڭ

**John Törnquist,<< Kashgar>>, 1925**

مۇرات ئەزىزى، "تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى نان مەدەنىيىتىمىزگە ئائىت بايانلار ھەققىدە مۇلاھىزە، « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 2006 –يىل 1-سان



# گېرمانىيە ئۇيغۇرلىرى

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەر «گېرمانىيە» دېگەن ئىسمىنى تىلغا ئالسا، ئالدى بىلەن مېرسىدىس، **BMW** قاتارلىق گېرمانىيەنىڭ داڭلىق ماشىنىلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى، مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بولسا گېرمانىيەنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدىن بىرى بىلغان مىيۇنخېن شەھىرىنى، شۇنىڭدەك غەرب ئەللىرىدىكى نوپۇزلۇق تەشكىلاتىمىز بولغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى ئېسىگە ئېلىشى مۇمكىن.

گېرمانىيە زېمىنى **357.582** كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، **83** مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە، شەرقتە پولشا، چېخ جۇمھۇرىيتى ۋە ئاۋىستىرىيە بىلەن، جەنۇبتا شېۋىتسارىيە، غەربتە فرانسىيە، ليۇكسېمبۇرگ، بېلگىيە، گوللاندىيە، دانىيە بىلەن، شىمالدا بالتىق دېڭىزى ئارقىلىق سىكاندىناۋىيە دۆلەتلىرى بىلەن چېگرىداش. **1990** –يىلى **3**- ئۆكتەبىر «بېرلىن تېمى» يىقىلىپ غەربىي گېرمانىيە بىلەن شەرقىي گېرمانىيە بىرلەشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گېرمانىيە **16** جۇمھۇرىيەتتىن تەركىب تاپقان، غەربىي ياۋروپانىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان دېموكراتىك فېدرال دۆلەت بولۇپ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ سىياسى يېتەكچىسى، ئىقتىسادى پاراۋۇزى بولۇپ كەلمەكتە. ياۋروپا مەركىزى بانكىسى گېرمانىيەنىڭ فرانكفۇرت شەھىرىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ خەلقئارا پۇل-مۇئامىلە مەركەزلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. گېرمانىيە سانائەتلەشكەن يەتتە دۆلەتنىڭ بىرى. بۇ كىچىك زېمىندا ئون ئۈچ مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق تېز سۈرئەتلىك تاش يول بولغاندىن سىرت، يەنە ئۆزىنىڭ ھەر ساھەدىكى سۈپەتلىك مەھسۇلاتلىرى، داڭلىق ساياھەت ئورۇنلىرى، ئۆتكۈر پەن–تېخنىكا ساھەسىدىكى كەشپىياتلىرى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر.

گېرمانىيە بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا ئىككى ئەسىرگە يېقىن بىر تارىخى مۇناسىۋەت بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەتلەر 1860- يىللاردىن باشلانغان. ئۇ گېرمان ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە ئارخولوگىيەلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشىدىن باشلانغان بولسا، كېيىنچە ئۆز-ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ئىقتىسادى، تىجارەت ۋە بۈگۈنكى شارائىتتا سىياسى جەھەتتىن ئۇيغۇرلارنى كۈچلۈك رەۋىشتە قوللاۋاتقان ۋەزىيەتكە تەرەققىي قىلغان.

1862- يىلىدىن 1868 –يىلىغىچە ۋە 1868- يىلىدىن 1872- يىلىغىچە بولغان جەرياندا فېردىناند فرەھېر ۋون رىچتهوفېن دىگەن كىشى پرېئۇسسەن ۋە گېرمانىيە تاموژنا ئىتتىپاقىنىڭ توختامى بىلەن ئويلېنبۇرگ ئېكسپېدىتسىيە، دېپلوماتىيە ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، شەرقىي ئاسىيادا ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ كىشى قۇرۇپ كەتكەن لوپنۇر كۆلىنى بايقىغان تۇنجى گېرمانىيەلىك بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر تۈركۈم گېرمانىيەلىك گىئولوگ، ئارخىئولوگلار 1900- يىللىرىنىڭ باشلىرىغا قەدەر ۋەتىنىمىزدە تۈرلۈك ئارخىئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق، بىزدىكى قەدىمىي قولىيازمىلار، تۇرپان ۋە بايدىكى مىڭ ئۆي تام رەسىملىرى قاتارلىق ئاسارە-ئەتىقىلەرنى گېرمانىيەگە قايتۇرۇپ كەلگەن. ۋەتىنىمىزنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى، تارىخى، ئۆرپ- ئادەتلىرى قاتارلىق مەزمۇنلاردا بىر قاتار تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ نەتىجىلەرنى مەتبۇئات ئارقىلىق يورۇقلۇققا چىقارغان. ھازىر ئۇ تارىخى يادىكارلىقلارنى بېرلىن مۇزېيىسى، گېرمانىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىلىرىدىن كۆرۈش مۇمكىن.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ 1920- يىللاردىن باشلاپ 1940 –يىللارغىچە بولغان جەرياندا ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن گېرمانىيەگە ئوقۇشقا كەلگەن. 1940- يىللاردا ۋەتىنىمىزدىكى بايلاردىن مۇسابايلار ئائىلىسى گېرمانىيەدىن تېرە- خورۇم پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىپ، غۇلجىدا زاۋۇت قۇرغان.

1950- يىللارنىڭ ئاخىرى پېشقەدەملىرىمىزدىن ھازىر ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان غۇلامىدىن پاختا ئەپەندى تۈركىيە ئارقىلىق گېرمانىيەگە ئوقۇشقا كەلگەن. ئۇرۇشتىن كېيىنكى گېرمانىيەنى قۇرۇپ چىقىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، تۈركىيەدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئىشچى سالاھىيىتى بىلەن گېرمانىيەگە كەلگەن. كوممۇنىزم لاگېرىغا قارشى دولقۇن، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر دەۋرىدە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىدە «ئازاتلىق رادىئوسى»نى قۇرغان بولۇپ، بۇ ئىستانىسىدا ئۇيغۇر بۆلۈم تەسىس قىلىنغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، 1960- يىللاردىن باشلاپ ئىلگىرى-كېيىن تونۇلغان شائىر، ئەدىب، تارىخچى، سىياسى پائالىيەتچىلەر، زىيالىلىرىمىزدىن ئابدۇساتتار بۇلبۇل، پولات قادىرى تۇرپانى، ئەركىن ئالپتېكىن، ئەنۋەرجان قاتارلىق كىشىلەر بۇ رادىئودا خىزمەت قىلغان بولۇپ، ئەينى يىللاردىكى گېرمانىيە ئۇيغۇر جامائىتىنى مىيۇنخېن شەھىرىدە شەكىللەندۇگەن. 1970- يىللاردىكى ئابدۇساتتار بۇلبۇل ۋە پولات قادىر تۇرپانىلارنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپاتىدىن كېيىن، ئەركىن ئالپتېكىن رادىئونىڭ باش مەسلىھەتچىسى، ئەنۋەرجان ئەپەندى ئۆزبېك بۆلۈمىنىڭ، ئۆمەر قانات ئەپەندى قىرغىز بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن. 1980- يىللارنىڭ بېشىدىكى ئامېرىكا خىتاي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ ،بۇ رادىئونىڭ ئائىلىتىشى توختىغان. ئەمما بۇ رادىئودا خىزمەت قىلغان پېشقەدەملىرىمىزنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرى، سىياسى تەسىرىنىڭ تۈرتكىسىدە ياۋروپاغا كەلگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېرمانىيە، جۈملىدىن مىيۇنخېن شەھىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گېرمانىيەدە كېيىنكى يىللاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىيىشى، سىياسى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ھازىرقى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ شەكىللىنىپ، تەدرىجى تەرەققى قىلىپ ھازىرقى سەۋىيەگە كېلىشى ئۈچۈن تارىخىي ئاساس سېلىنغان.

1990- يىلى مايدا «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» تەشكىلاتى، 1996- يىلى «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيى»، 1999- يىلى «شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى»، 2004- يىلى «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيى» بىلەن «شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى» شەرقىي تۈركىستان

داۋاسىنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، بىرلەشكەن ۋە ھازىرقى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

1990 – يىلى 5 – ئايدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ بارىن يېزىسىدا، 1997 – يىلى 2- ئايدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھرىدە ۋە 2009 – يىلى 7 – ئاينىڭ 5 – كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىدە، شۇنىڭدەك ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان كەڭ كۆلەملىك ئېرقىي قىرغىنچىلىق سەۋەبلىك، زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار چەت ئەللەرگە قېچىپ چىقىپ پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى گېرمانىيە جەمئىيىتىدىمۇ بارغانچە كۆپەيمەكتە.

1980- يىللاردىن باشلاپ خىتاينىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە بىلىم ئېلىش ئىستىكى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، بىلىم ئاشۇرۇش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن غەرب دۇنياسى جۈملىدىن گېرمانىيەگە كېلىپ ئوقۇيدىغان، ئۆز ساھەسىدە بىلىم ئالىدىغان، تەتقىقات تۈرلىرى بويىچە ھەمكارلىشىپ ئىشلەيدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىمۇ خېلى كۆپەيدى. 1989- يىلى كۈزدە داڭلىق يازغۇچىلىرىمىزدىن مەرھۇم زوردۇن سابىر ئەپەندى تەكلىپ بىلەن گېرمانىيەگە كېلىپ، گۆتتەڭىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئىلمىي خىزمەت زىيارىتىدە بولغان.



بېرلىن- براندېن بورگ ئاكادېمىيەسى، بېرلىن تېخنىك ئۇنىۋېرسىتېتى، گۆتتەڭەن ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق گېرمانىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى داڭلىق بىلىم يۇرتلىرىدا ھەرقايسى ساھە بويىچە ئاكادېمىك سەۋىيەدە يېتىشكەن ئۇيغۇرلار بۇ ئورۇنلاردا 14- ئەسىردىن باشلاپ تۇرپان ئويمانلىقىدىن بايقالغان بىزگە ئائىت ھەر خىل تارىخى يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىش، قەدىمىي يېزىقتىكى تارىخى قولىيازمىلارنى تەرجىمە قىلىش، ئۇيغۇرلارغا ئائىت نۇرغۇنلىغان ئارخىئولوگىيەلىك قېزىلمىلارنىڭ سىرىنى ئېچىش قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن مەشغۇل بولغاندىن سىرت، يەنە تەبئىي پەن ساھەسىدە يېتىشكەنلەر گېرمانىيەدىكى نوپۇزلۇق چوڭ شىركەتلەردە تەتقىقاتچى، ئېنژېنېر، دوختۇر بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقانلارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىمۇ كۆپىيىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرلار تىرىشچان مىللەت بولغاچقا، گېرمانىيە جەمئىيىتىدە تېزلا ئۆز ئورنىنى تېپىپ، ئىقتىسادى جەھەتتە مۇستەقىل ياشاش يولىغا قەدەم قويغان. ھازىر گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر رېستوران- ئاشپۇزۇللىرى ئوتتۇزدىن ئاشىدۇ. گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇرلار ۋەتەن داۋاسى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يۇقىرىدا ئىسمى قەيت قىلىنغان تەشكىلاتلاردىن باشقا يەنە ئاياللار كومىتېتى، ئانىلار بىرلىكى، مەشرەپ، پۇتبول كوماندىسى قاتارلىق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇپ، ياش- ئۆسمۈرلىرىمىزنى ياش پەرقى بويىچە ئانا تىل، دىنىي ئېتىقاد، ئۇيغۇر تارىخ بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەش، گېرمانىيە ئۇيغۇر ئانسانبىلى ئارقىلىق مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت- سەنئەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ غەرب دۇنياسىدىكى «كىچىك ۋەتەن»نى شەكىللەندۈرگەن.



نۆۋەتتە مىيۇنخېن شەھىرىنى مەركەز قىلغان گېرمانىيەنىڭ ھەرقايسى چوڭ- كىچىك شەھەرلىرىدە 1800 دىن كۆپرەك ئۇيغۇر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇش سەۋەبى بىلەن كېلىپ ئوقۇۋاتقانلار 150 ئەتراپىدا.

2000 –يىللارنىڭ ئالدى- كەينىدە گېرمانىيەگە كەلگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پەرزەنتلىرى ھازىر ئۇنىۋېرسىتېتلارنى تاماملاپ ھەر ساھە بويىچە ئۆز كەسپلىرىنى باشلىدى. گېرمانىيە ئومۇمى نوپۇسىغا نىسبەتەن سانىمىزنىڭ ئىنتايىن ئاز بولۇشىغا قارىماي، گېرمانىيە جەمىيىتىدە ئۇيغۇرنىڭ تەسىرى ئىنتايىن ياخشى. گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرنىڭ سىياسى دەۋاسىنى قىلىشتا بولسۇن ياكى مەدەنىيەت، ئۆرپ–ئادەتلىرىنى غەرب ئەللىرىگە تونۇشتۇرۇشتا بولسۇن ئالدىنقى سەپتىن قالماي، چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر جامائىتىگە ئۈلگە بولغىدەك رولىنى ئويناپ كەلمەكتە.



گېرمانىيەدىن ئەنۋەر ئەھمەد تەييارلىغان

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**

**http://turfan.bbaw.de/projekt/turfanbroschuere?set_language=de**
**http://scihi.org/ferdinand-freiherr-von-richthofen-silk-road/**
**https://opac.sub.uni-goettingen.de/DB=1/FKT=1016/FRM=zentralasien%2Binstitut/IMPLAND=Y/LNG=DU/LRSET=1/SET=1/SID=6cbc61b7-1/SRT=YOP/TTL=1/CMD?ACT=SRCHA&IKT=1016&SRT=YOP&TRM=%C3%BCber+xinjiang&MATCFILTER=N&MATCSET=N&NOSCAN=N&ADI_BIB=**
**https://de.wikipedia.org/wiki/Autobahn_(Deutschland)**




# ئالتە خىل تەپەككۇر قالپىقى

سىزنىڭ ئادەتتە قايسى شەكىلدە قارار چىقىرىشقا مايىل؟ ئەگەر سىز ئۈمىدۋار بىرى بولسىڭىز، ئۇنداقتا يوشۇرۇن، پايدىسىز ئامىللارنى ئانچە كۆپ ئويلاپ يۈرمەسلىكىڭىز مۇمكىن. شۇنىڭدەك، ئەگەر سىز زىيادە ئېھتىياتچان، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشنى خالىمايدىغان بىرى بولسىڭىز، زېھنىڭىزنى قولغا كەلگۈسى پۇرسەتلەرگە مەركەزلەشتۈرمەسلىكىڭىز ئېھتىمالغا يېقىن.

ئادەتتە، ئەڭ ياخشى قارار تەپەككۇر ئۇسۇلىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىز ۋە ئۇلارنى ئوخشىمىغان نۇقتىئىينەزەرلەردىن كۆزىتىشىڭىز ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

«ئالتە خىل تەپەككۇر قالپىقى» سىزنىڭ مەسىلىلەرگە ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن قارىشىڭىزغا تۈرتكە بولىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەپەككۇرىڭىزنىڭ زىيادە كۆپ تەرەپكە چېچىلىپ كېتىشىنىڭمۇ ئالدىنى ئالىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ھەركىم ئوخشاش بىر ئەھۋالنى خىلمۇخىل نۇقتىلاردىن كۆزىتىدىغان كوللېكتىپ مۇھىتتا، قارارنىڭ توغرا – خاتالىقىنى تەكشۈرىدىغان كۈچلۈك قورالدۇر.

«ئالتە خىل تەپەككۇر قالپىقى»ئۇسۇلىنى ئېدۋارد دې بونو **(Edward de Bono)** ئىجاد قىلغان ۋە 1985 – يىلىدىكى شۇ ناملىق ئەسىرىدە ئېلان قىلغان.

مەزكۇر ئۇسۇل سىزنى ئادەتلەنگەن تەپەككۇر ئۇسلۇبىڭىزدىن ھالقىغان ھالدا ھەرىكەت قىلىشقا، شۇنداقلا ئىشلارغا بىر قانچە خىل پەرقلىق نۇقتىدىن قاراشقا قىستاپ، سىزنى ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئادەتتە سىز ئەقلىي ۋە ئاكتىپ نۇقتىئىينەزەر ئارقىلىق ئۇتۇقلۇق ھەل قىلىش چارىسىگە ياكى نەتىجىگە ئېرىشەلەيسىز، لېكىن مەسىلىگە باشقا نۇقتىلاردىن قاراپ باقسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، سىز مەسىلىگە ھېسسىي، ئىجادىي ياكى خەۋپ – خەتەرنى تىزگىنلەش نۇقتىئىينەزىرىدىن قارىسىڭىز بولىدۇ. بۇ خىل نۇقتىئىينەزەرلەر ھەققىدە ئويلاشماسلىق نەتىجىسىدە، سىز كىشىلەرنىڭ پىلانىڭىزغا بولغان قارشىلىقىنى تۆۋەن مۆلچەرلىۋېلىشىڭىز، ئىجادىي ھالقىشنى قولغا كەلتۈرەلمەسلىكىڭىز ياكى زۆرۈر ئورۇنباسار پىلانلارنى تۈزۈشكە سەل قارىشىڭىز مۇمكىن.

مەزكۇر ماقالىدە بىز «ئالتە خىل تەپەككۇر قالپىقى» ئۇسۇلىدىن قانداق پايدىلىنىش ھەققىدە ئىزدىنىمىز ۋە بۇ ھەقتە مىساللارنى بېرىمىز.

## «ئالتە قات تەپەككۇر قالپىقى» مودېلىدىن قانداق پايدىلىنىمىز؟

سىز «ئالتە قات تەپەككۇر قالپىقى»نى يىغىنلاردا ياكى ئۆزىڭىز يالغۇز قارار چىقارغاندا ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ. يىغىنلاردا، مەزكۇر ئۇسۇل تەپەككۇر ئۇسلۇبى ئوخشاشمايدىغان كىشىلەر بىر مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەرقانداق سۈركىلىش يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، چۈنكى بۇ خىل ئۇسۇلدا بارلىق نۇقتىئىينەزەرلەر ئوخشاشلا كۈچكە ئىگىدۇر.

ھەربىر «تەپەككۇر قالپىقى» بىر خىل پەرقلىق تەپەككۇر ئۇسلۇبىدۇر، بۇنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

- «ئاق قالپاق»: سىز بۇ خىل تەپەككۇر قالپىقى ئارقىلىق، دىققىتىڭىزنى ئېرىشكىلى بولىدىغان ئۇچۇرلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆزىڭىزدە بار ئۇچۇرلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۆتمۈشتىكى يۈزلىنىشلەرنى تەھلىل قىلىسىز ۋە ئۇلاردىن نېمىلەرنى ئۆگەنگەنلىكىڭىزگە قارايسىز. بىلىم قۇرۇلمىڭىزدىكى يوچۇقنى ئىزدەيسىز ۋە بۇ يوچۇقنى تولدۇرۇشقا تىرىشىسىز.
- قىزىل قالپاق: «قىزىل قالپاق»نى كىيگەندە، مەسىلىلەرگە ھېسسىي مۇئامىلە قىلىڭ ۋە باشقىلارنىڭمۇ قانداق ھېسسىي ئىنكاس قايتۇرۇشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاڭ. سىزنىڭ تەپەككۇر جەريانىڭىزدىن تولۇق خەۋەردار بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئىنكاسىنى چۈشىنىشكە تىرىشىڭ.
- قارا قالپاق: «قارا قالپاق»نى كىيگىنىڭىزدە، مەسىلىلەرنىڭ كۆرۈلگۈسى پاسسىپ ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە، تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن، پۇختا ئويلىنىڭ. پىلانىڭىزنىڭ نېمىشقا كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى تېپىشقا تىرىشىڭ. بۇ پىلانىڭىزدىكى ئاجىز نۇقتىلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن مۇھىمدۇر. بۇ سىزنى پىلانىڭىزدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تۈگىتىش، ئۆزگەرتىش ياكى ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئورۇنباسار پىلان تۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.
- «قارا قالپاق» تەپەككۇرى پىلانىڭىزنىڭ تېخىمۇ پۇختا ۋە ماسلىشىشچان بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. شۇنداقلا، ئۇ يەنە سىز ھەرىكەتكە ئۆتۈشتىن ئىلگىرى ئەجەللىك يېتەرسىزلىك ۋە خەۋپ – خەتەرنى بايقىشىڭىزغا ياردەم قىلىدۇ. بۇ مەزكۇر مودېلنىڭ ھەقىقىي پايدىلىق تەرەپلىرىدىن بىرىدۇر، چۈنكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان نۇرغۇن كىشىلەر ئىشلارنى ئىجابىي ئويلاۋېرىپ، مەسىلىنى ئالدىن بايقىيالماس بولۇپ قالىدۇ – دە، قىيىنچىلىقلارغا تەييارلىقسىز قالىدۇ.
- «سېرىق قالپاق»: مەزكۇر قالپاق سىزنىڭ مەسىلىگە ئىجابىي قارىشىڭىزغا ياردەم قىلىدۇ. بۇ سىزنىڭ چىقارماقچى بولغان قارارىڭىزدىكى بارلىق پايدىلارنى ۋە ئۇنىڭ قىممىتىنى بايقىشىڭىزغا ياردەم قىلىدىغان ئۈمىدۋار نۇقتىئىينەزەردۇر. «سېرىق قالپاق» تەپەككۇرى ھەممە ئىش ئۈمىدسىز ۋە مۈشكۈلدەك كۆرۈنگەن ئەھۋاللاردا، بوشىشىپ قالماسلىقىڭىزغا تۈرتكە بولىدۇ.
- «يېشىل قالپاق»: بۇ ئىجادچانلىققا ۋەكىللىك قىلىدۇ. سىز بۇ ئارقىلىق مەسىلىلەرنى ئىجادىي شەكىلدە ھەل قىلىسىز. بۇ بۇركۈتنىڭ كۆكتىكى پەرۋازىدەك ئەركىن تەپەككۇر شەكلى بولۇپ، بۇ جەرياندىكى ئوي – خىياللىرىڭىزنى تەنقىدلىمەيسىز.
- «كۆك قالپاق»: بۇ جەرياننى كونترول قىلىشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ يىغىن (مۇھاكىمە، مۇزاكىرە)لارغا رىياسەتچىلىق قىلىدىغان كىشىلەر كىيىدىغان قالپاقتۇر. مەسىلەن، (مۇھاكىمە داۋامىدا) ئوي – پىكىر تۇرغۇنلۇقى كۆرۈلگەندە، ئۇلار مۇھاكىمە يۆنىلىشىنى يېشىل قالپاق تەپەككۇرىغا بۇرىسا بولىدۇ. ئورۇنباسار پىلانغا ئېھتىياج تۇغۇلغاندا، كىشىلەرنى قارا قالپاق تەپەككۇرىغا يېتەكلىسە بولىدۇ.

«ئالتە خىل قالپاق» تەپەككۇرىغا بىر ئۆرنەك:

مەلۇم بىر ئۆي – مۈلۈك شىركىتىنىڭ دىرېكتورلىرى يېڭىدىن خىزمەت بىناسى سېلىش – سالماسلىقنى

ئويلىشىۋاتىدۇ. ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ياخشى، شۇنداقلا ئۇلار تۇرۇشلۇق شەھەردىكى خىزمەت بىناسى سېلىشقا بولىدىغان يەرلەر بەس – بەستە سېتىۋېلىنىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار قارار چىقىرىش جەريانىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، «ئالتە خىل قالپاق تەپەككۇرى» ئۇسۇلىنى ئىشقا سالدى.

ئۇلار «ئاق قالپاق»نى كىيىپ، ئۆزلىرىدە بار ئۇچۇرلارنى تەھلىل قىلىشىپ، شەھەردىكى خىزمەت بىناسى سېلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان يەرلەرنىڭ بارغانسېرى ئازىيىۋاتقانلىقىنى بايقىدى، شۇنداقلا ئۇلار يېڭى خىزمەت بىناسى پۈتكەن چاغدا، شەھەردىكى خىزمەت بىناسىغا ئىشلەتكىلى بولىدىغان بوشلۇقنىڭ پەۋقۇلئاددە قىسلىشىپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ ھېسابلاپ چىقتى. ئۇلار يەنە ئىقتىسادىي يۈزلىنىشنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرۈپ، نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ئېشىشنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقى مۆلچەرلىدى.

«قىزىل قالپاق»نى كىيىپ تەپەككۇر قىلغاندا، دىرېكتورلاردىن بەزىلىرى سېلىنىماقچى بولغان بىنانىڭ سەت ۋە خۇنۇك كۆرۈنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خېرىدارلارنىڭ بۇنى ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان ياكى چۈشكۈنلەشتۈرىدىغان بىنا ئىكەن دەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشتى.

ئۇلار «قارا قالپاق» بىلەن تەپەككۇر قىلغاندا، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي يۈزلىنىش ھەققىدىكى مۆلچەرىنىڭ خاتا بولۇپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى ھەققىدە ئويلاندى. ئۇلار «بەلكىم ئىقتىساد تۆۋەنلەش ئالدىدا تۇرغان بولۇشى، بۇ خىل ئەھۋالدا سېلىنغان خىزمەت بىناسى ئۇزاققىچە بوش تۇرۇپ كېتىشى ياكى ئاز بىر قىسمىلا سېتىلىشى (ياكى ئىجارىگە بېرىلىشى) مۇمكىن» دېيىشتى. ئەگەر سېلىنغان بىنانىڭ جەلىپ قىلىش كۈچى يېتەرلىك بولمىغان تەقدىردە، شىركەتلەرنىڭ شارائىتى تېخىمۇ ياخشى باشقا خىزمەت مۇھىتىنى تاللىشى ئېنىق ئىدى.

ئاندىن ئۇلار ئاكتىپ «سېرىق قالپاق»نى كىيدى. دىرېكتورلارغا شۇ نەرسە ئايان بولدىكى، ئەگەر ئىقتىساد مۇقىم ھالىتىنى ساقلىسا ۋە ئۇلارنىڭ پەرىزى توغرا بولسا، شىركەت راۋۇرۇس كىرىم قىلالايدۇ. ئەگەر تەلىيى ئوڭدىن كەلسە، ئۇلار ئىقتىساد چېكىنىشتىن ئىلگىرى بىنانى سېتىۋېتەلىشى ياكى ھەرقانداق ئىقتىسادىي چېكىنىشتىن ئۆتۈپ كېتەلىگۈدەك ئۇزاق مۇددەتلىك توختاملار بىلەن شىركەتلەرگە ئىجارە بېرەلىشىمۇ مۇمكىن.

ئاندىن ئۇلار «يېشىل قالپاق»نى كىيىپ، سېلىنغۇسى بىنانى تېخىمۇ كۆركەم كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇنى قايتىدىن لايىھەلەش كېرەكمۇ، يوق دېگەن مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىشتى. بەلكىم ئۇلار كىشىلەر (ياخشى – يامان) ھەرقانداق ئىقتىسادىي شارائىتتا ئىجارىگە ئېلىشنى خالايدىغان ئىشخانىلارنى پۈتكۈزەلىشى مۇمكىن. ياكى، ئۇلار تېزدىن بۇ تۇرگە مەبلەغ سېلىپ، كېلەر قېتىملىق ئىقتىسادىي چېكىنىش كۆرۈلگەندە، ئەرزان باھادا ئۆي – مۈلۈك سېتىۋالسىمۇ بولىدۇ.

يىغىن رىياسەتچىسى «كۆك قالپاق»نى كىيىپ، مۇزاكىرىنىڭ داۋاملىشىشىغا ۋە يېڭى ئوي – پىكىرلەرنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى ۋە باشقا دىرېكتورلارنى ئوخشىمىغان نۇقتىدا تۇرۇپ، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

دىرېكتورلار ئۆز لايىھەلىرىنى نۇرغۇن نۇقتىدىن تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، كۆرۈلگۈسى ئاقىۋەتلەر ھەققىدە تېخىمۇ تەپسىلىي مۆلچەرگە ئېرىشىپ، شۇ ئاساستا تېخىمۇ توغرا، مۇۋاپىق قارار چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

ئىنگلىزچىدىن ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمە قىلدى

https://www.mindtools.com/pages/article/newTED_07.htm




# مەڭگۈلۈك يوقىلىشمۇ؟

ھېنرىك شەجەۋسكى

# ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى

مەن ئەنگلىيەدە ئۆسۈپ يېتىلدىم، ئاتا – ئانام ناتسىستلارنىڭ پولشا ئىشغالىيىتىدىن ئامان قالغانلار ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ قورقۇنچ ۋە مەھرۇملۇق ھەققىدىكى ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپ چوڭ بولدۇم. دادام گېرمانلارنىڭ جازا لاگېرىغا قامىلىپ، قەھرىتان قىشنى كونىراپ جۇلىقى چىققان كىيىملەر بىلەن چىقارغانىكەن. ئارىدىن نەچچە ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، دادام ئانچە سوغۇق بولمىغان قىش كۈنلىرىدىمۇ سوغۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن پۇتىغا نەچچە قات پايپاق كىيىۋالاتتى. بۇ ئۇنىڭغا ياشلىقىدا باشتىن ئۆتكۈزگەن ئېچىنىشلىق كەچمىشلىرىنى ھەرۋاقىت ئەسلىتىپ تۇراتتى. مەن ناتسىست جازا لاگېرلىرىنىڭ دادامدا قالدۇرغان، تۈگىمەس جىسمانىي ۋە روھىي تەسىرىنى چۈشىنىپ بولالمايتتىم.

ھالبۇكى، ئاتا – ئانام تەلەيلىك كىشىلەر ئىدى، چۈنكى ئۇلار (ئاشۇ كۈنلەردىن) ئامان قالدى ۋە تۇرمۇشىنى يېڭىباشتىن قۇرۇپ چىقتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق – تۇغقانلىرى، قەۋمى – قېرىنداشلىرى، پولشادىكى ئىلىم سەۋىيەسى ئۈستۈن زىيالىيلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىليونلىغان كىشىگە بۇنداق تەلەي نېسىپ بولمىدى. 1939 – يىلى، ناتسىستلار پولشا زىيالىيلىرىنى نىشان قىلغان «زىيالىي قەتلئامى» سىياسىتى يۈرگۈزدى. تاللانغان كىشىلەر نىشانغا ئېلىنىدى، يوقىتىۋېتىلدى ياكى ئۆلتۈرۈلدى. بۇ يەردىكى نىشان نوقۇل يېڭى ئىشغال قىلىنغان بۇ زېمىننى «تازىلاش» ئەمەس، بەلكى ناتسىست ھاكىمىيىتىگە بولغان قارشىلىقنىڭ ھەرقانداق مەنبەسىنى يوقىتىش ئىدى. پروفېسسور جان پاكۇلسكى (Jan Pakulski) مەزكۇر «زىيالىي قىرغىنچىلىقى»نىڭ «سىياسىي جەھەتتىن بېقىندى ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن يىلتىزى قۇرۇتۇلغان، دۆلەت ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىدىن ئاساسەن مەھرۇم قىلىنغان <يېرىم زىيالىيلار> قاتلىمىنىڭ شەكىللىنىشى» بىلەن نەتىجىلەنگەنلىكىنى يازىدۇ.

2019 – يىلى بىرىنچى ئايدا، چەتئەلدىكى ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرى بىلەن (بولۇپمۇ ھازىر تۈركىيەدە ياشاۋاتقان تىلچى ئابدۇۋەلى ئايۇپ بىلەن) بىللە ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە، كەمىنە يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى بولغان «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پروجېكتى» مەجبۇرىي يوقىتىۋېتىلگەن، تۈرمىگە تاشلانغان ۋە جازا لاگېرلىرىغا سولانغان 338 ئۇيغۇر زىيالىيغا ئالاقىدار تەپسىلىي بىر دوكلات ئېلان قىلدى. (مەزكۇر تىزىملىكتە تىلغا ئېلىنغان) بۇ كىشىلەر سەنئەت ۋە ئىلىم – پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە تەۋە بولۇپ، ئۇلارمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە قولغا ئېلىنغان.

## «ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بېشىغا كەلگىنى <قايتا تەربىيەلەش> نامىدىكى زىيالىي قىرغىنچىلىقىدۇر».

مەزكۇر تىزىملىكتە تىلغا ئېلىنغانلار ئۇيغۇر كۇلتۇرى ۋە ئىلمىي مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ نەمۇنىلىك شەخسلىرىدۇر. مەسىلەن «ۋەكىل خاراكتېرلىك ناخشىچى، ئۆز دەۋرىدىكى ناخشىچىلارنىڭ سەركىسى» دەپ ئاتالغان سەنۇبەر تۇرسۇننىڭ غايىب بولغانلىقى مەلۇم. ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ سابىق مۇدىرى ۋە خەلقئارادا تونۇلغان جۇغراپىيە ئالىمى تاشپولات تېيىپ بولسا ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇيغۇر كۇلتۇر ۋە تارىخىغا ئالاقىدار ئەسەرلەر ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش تەشەببۇسچىسى بولغان، تونۇلغان ژۇرنالىست قۇربان مامۇتمۇ جازا لاگېرىغا سولانغان.

جازا لاگېرى شاھىتلىرى لاگېردا قىيىن – قىستاققا ئۇچرىغانلىقىنى ۋە ئۆلۈم ۋەقەلىرىگىمۇ شاھىت بولغانلىقىنى ئېيتتى. لاگېردىكى ھاياتنىڭ بىر تەرىپى، يەنى تىنىمسىز سىياسىي ئۆگىنىش (مېڭە يۇيۇش) ھەممىگە مەلۇملۇق. مەن 2018 – يىلى يازدا ئىلگىرى غۇلجىغا يېقىن يەردىكى لاگېردا ياتقان بىر ئۇيغۇر بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇ ماڭا لاگېر مەھبۇسلىرىنى خىتايلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان كۈندىلىك يىغىنلارنى

تەسۋىرلەپ بەرگەن ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز كۇلتۇرىنى ۋە ئىسلام دىنىنى تەنقىد قىلىشقا مەجبۇرلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. مىللىي مۇزىكاشۇناس راچېل ھاررىس (Rachel Harris) «لاگېر يەرلىك تىللارنى ۋە كۇلتۇرنى يوقىتىپ، رايون (شەرقىي تۈركىستان) كىشىلىرىنى دىنسىز، خىتايسۆيەر قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىقىش مەقسىتىدە تەسىس قىلىنغان» دەپ يازىدۇ.

شىمالىي ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا خىزمەت قىلىدىغان، ئاساسلىق خىزمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ كەچمىشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە مەركەزلەشكەن تەجرىبىلىك ئاكادېمىكلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتىدىكى بارغانسېرى ئاشكارا بولۇۋاتقان جىددىي ۋەزىيەتتىن خەۋپسىرىمەكتە. جورجى بازىرى (Georgetown) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ پەنلىرى پروفېسسورى جېيمىس مىلۋارد (James Millward) «كۇلتۇرەل قىرغىنچىلىق بېيجىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئاخىرقى ئۇرۇنۇشىدۇر» دېدى. نوتىڭھام (Nottingham) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى رىيان سام (Rian Thum) «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى»گە ئوخشاش مىللەتچى خىتاي تاراتقۇلىرىدىكى جازا لاگېرلىرىغا ئالاقىدار ئاشقۇن ئىبارىلەرنى نەزەردە تۇتقان ھالدا «خىتاينىڭ ئۆز مۇقىملىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، زور كۆلەملىك قىرغىنچىلىق ۋە قەتلىئام يۈرگۈزۈشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئەمەس» دەپ ئاگاھلاندۇردى. فىرانسىيە خەۋەر ئاگېنتلىقى (AFP) قولغا چۈشۈرگەن بىر پارچە ھۆكۈمەت دوكلاتىدا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنى لاگېرلارغا سولاشنىڭ مۇددىئاسى «ئۇلارنىڭ نەسەبىنى (ئەجدادلىرى بىلەن بولغان باغلىنىشىنى)، يىلتىزىنى، ئالاقىسىنى ۋە ئەسلىنى ۋەيران قىلىۋېتىش» دېيىلگەن. «ۋاشىڭتون پوچتىسى»نىڭ بىر ئوبزورىدا بۇ ھەقتە «بۇنى ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلىپ تۈگىتىش جاكارنامىسىنى دېمەي ئىلاج يوق» دېيىلگەنىدى.

«ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پروجېكتى» (ئەڭ كەمىدە) بەش نەپەر زىيالىينىڭ جازا لاگېرىدا ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. بىز تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كەتمەسلىكى، لاگېرلارنىڭ تاقىلىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىدىكى زۇلۇم ئاپپاراتىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلالايمىز. بۇ جەھەتتە ئامېرىكادىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار مۇھىم رولغا ئىگە. ئۇلار ئۆزلىرىنى بۇ ئىشتىن بىخەۋەر دېيەلمەيدۇ. ئۆتمۈشتە ئۇيغۇر ئاكادېمىكلار زىيارەتچى تەتقىقاتچى سۈپىتىدە تۇرغان ئىنستىتۇتلار ئۇ ئالىملارنىڭ ئىز – دېرىكىنى قىلىشى، ئۇلارنىڭ ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىشى؛ ئاكادېمىك مەتبەئەلەرمۇ ئۆز ژۇرناللىرىدا ماقالە ئېلان قىلىپ باققان ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىز – دېرىكىنى سۈرۈشتۈرۈشى لازىم.

خىتاي ھۆكۈمىتى تۇتۇش – سولاش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى دۇچار قىلغان روھىي ۋە جىسمانىي جاراھەتلەرنىڭ ساقىيىشىغا نەچچە ئەۋلاد كېتىدۇ. خەلقئارا جامائەتچىلىك خىتاينىڭ مىڭە يۇيۇش ۋە زىيالىيلارنى قورقۇتۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ ئۇتۇقلىرىنى ۋە يېتەكچىلىك ئورنىنى ۋەيران قىلىش ئۇرۇنۇشىغا جىددىي ئىنكاس قايتۇرۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇيغۇرلارمۇ مېنىڭ ئاتا – ئانامغا ئوخشاشلا ئامان قېلىشقا ۋە تۇرمۇشىنى قايتىدىن بەرپا قىلىشقا ھەقلىق!.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://chinachannel.org/2019/02/21/uighur-eliticide/



# هېنرىك شەجەۋسكى

هېنرىك شەجەۋسكى مانوئا (Mānoa)غا جايلاشقان ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە ۋە مۇھىت فاكۇلتېتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى، شۇنداقلا ۋاشىڭتون ئالاھىدە رايونىدىكى «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پروجېكتى»نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى ۋە تەتقىقات مۇدىرىدۇر.

ئۇ ئەنگلىيەدىكى لىدىس (Leeds) ئۇنىۋېرسىتېتىدا زامانىۋى خىتايشۇناسلىق بويىچە باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىنى؛ ئەنگلىيەدىكى ۋېلىس (Swansea) ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەرەققىيات باشقۇرۇش كەسپى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئالغان ۋە بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت ھەقلىرى جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان.

ئۇنىڭ تەتقىقات دائىرىسى گېئوپولىتىكا تەنقىدچىلىكى، دۆلەت ھالقىش نەزەرىيەسى، گېئوئىقتىساد ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە كۇلتۇرەل ھوقۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

هېنرىك شەجەۋسكى «ئىچكى ئاسىيا»، «ئاسىيا قاراۋۇلى»، «ئوچۇق دېموكراتىيە»، «ئاسىيا ۋاقتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئۇيغۇرلار، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تەرەققىيات ئىقتىسادشۇناسلىقىغا ئالاقىدار نۇرغۇن تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان.

ئۇ ياۋروپا ۋە ئامېرىكادىكى ئاكادېمىك يىغىنلاردا ئۇيغۇرلار توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىگەن ۋە ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرگەن.

ئۇ يەنە «دەۋر»، «گېرمانىيە ئاۋازى»، «C-SPAN»، «يەرشارى پوچتا گېزىتى»، «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى» ۋە «ۋاشىڭتون ۋاقىت گېزىتى»گە ئوخشاش تاراتقۇلاردا مۇلاھىزە – ئوبزورلارنى ئېلان قىلىپ تۇرىدۇ.

ئۇ خىتايدا ئىككى يىل، قەشقەردە ئۈچ يىل ياشىغان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئايلىنىپ چىققان، ئۇ خىتايچىنى راۋان بىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇيغۇرچىنىمۇ ئۆگەنگەن. بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈش ئۇنى شەرقىي تۈركىستان، ئۇيغۇرلار ۋە خىتاي ھەققىدە بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، سىستېمىلىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

# Uyghurs for sale

## ‘Re-education’, forced labour and surveillance beyond Xinjiang

# ئۇيغۇرلار سېتىلماقتا

Vicky Xiuzhong Xu

with Danielle Cave, Dr James Leibold, Kelsey Munro, Nathan Ruser

ۋىكىي شۇ شيۇجوڭ، دانىيېل كېيۋ، دوكتور جېيمىس لېيبولد ، كېلسېي مۇنرو ، ناسان رۇسېر



## «قايتا تەربىيەلەش»، مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە شەرقىي تۈركىستاندىن ھالقىغان نازارەت

ۋىكىي شۇ شيۇجوڭ، دانىيېل كېيىۋ (**Danielle Cave**)، دوكتور جېيمىس لېيبولد (**James Leibold**)، كېلسېي مۇنرو (**Kelsey Munro**)، ناسان رۇسېر (**Nathan Ruser**).
ئاۋستىرالىيە ئىستىراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى (**The Australian Strategic Policy Institute**) نىڭ خەلقئارالىق تور سىياسىتى مەركىزى.

### ئاپتورلار ھەققىدە:

ۋىكىي شۇ شيۇجوڭ: خەلقئارالىق تور سىياسىتى مەركىزى بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقان تەتقىقاتچى.
دانىيېل كېيىۋ: خەلقئارالىق تور سىياسىتى مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى.
دوكتور جېيمىس لېيبولد: خەلقئارالىق تور سىياسىتى مەركىزىنىڭ دائىمىي تۈرۈشلۈق بولمىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ھەيئەت ئەزاسى.
كېلسېي مۇنرو: خەلقئارالىق تور سىياسىتى مەركىزى بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقان يۇقىرى دەرىجىلىك تەھلىلچى.
ناسان رۇسېر: خەلقئارالىق تور سىياسىتى مەركىزى بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقان تەتقىقاتچى.

### تەشەككۇرنامە:

ئاپتورلار داريىيا ئىمپيومباتو (**Daria Impiombato**)، ساراھ ئوكونور (**Sarah O’Connor**) ۋە ئېمىلىي ۋېينستېين (**Emily Weinstein**) لارغا رەھمەتىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداقلا، مەزكۇر پروجېكت ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە كۆپ ۋاقىت ئاجراتقان ستېفان جاڭ (**Stephanie Zhang**)غا ئالاھىدە تەشەككۈر ئېيتىدۇ. بىز يەنە داررېن بايلېر (**Darren Byler**) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئەمگەك مۇناسىۋەتلىرى مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان كۆزدىن كەچۈرگۈچىلەرگە رەھمەت ئېيتىمىز. ئەڭ ئاخىرىدا ئاۋستىرالىيە ئىستىراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتىنىڭ خەلقئارالىق تور سىياسىتى مەركىزىنىڭ مۇدىرى فېرگۇس خانسون (**Fergus Hanson**)نىڭ بىزنى قوللاپ – قۇۋۋەتلىگەنلىكى ۋە يول كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمىز. ئەنگلىيە چەتئەل ئىشلىرى ۋە فېدېراتسىيە ئىشخانىسى ئاۋستىرالىيە ئىستىراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتىنى مەزكۇر پىروجېكتكە ئىشلىتىلگەن ئون مىڭ ياۋرو بىلەن تەمىنلىدى.

### ئاۋستىرالىيە ئىستىراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى قانداق ئورگان؟

ئاۋستىرالىيە ئىستىراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى **2001** – يىلى قۇرۇلغان مۇستەقىل، پارتىيەسىز ئاقىللار ئامبىرىدۇر. ئۇنىڭ يادرولۇق غايىسى ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىنى ئاۋستىرالىيەنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى، بىخەتەرلىكى ۋە ئىستىراتېگىيەلىك سىياسەت تاللىشى جەھەتتە يېڭىچە ئىدىيەلەر بىلەن تەمىنلەشتۇر. ئاۋستىرالىيە ئىستىراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى جامائەتچىلىكنى بىر يۈرۈش ئىستىراتېگىيەلىك ۋەقەلەر ھەققىدە ئۇچۇرغا ئىگە قىلىشقا، ھۆكۈمەت ئۈچۈن يېڭىچە ئىدىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ۋە خەلقئارادىكى ئىستىراتېگىيەلىك ئىدىيەلەردىن پايدىلىنىشقا مەسئۇل.

## ئاۋستىرالىيە ئىستىراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتىنىڭ خەلقئارالىق تور سىياستى مەركىزى

مەزكۇر مەركەز خەلقئارادىكى تور ۋە يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان تېخنىكىلارغا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىكى ئىستىراتېگىيەلىك سىياسەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە ئالاقىدار مۇنازىرىلەردە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ مەركەز تۆرلۈك ساھەلەردە پىشىپ يېتىلگەن تەتقىقاتچىلارنى بىرىەرگە جەم قىلىپ، ئۆزگىچە، ئىلمىي تەجرىبىلەرنى ئاساس قىلغان تەتقىقاتلار ئارقىلىق جامائەت پىكرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ساغلام ئاممىۋى سىياسەتلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**مۇندەرىجە:**

**مەسىلە نېمە؟**
**قانداق چارە بار؟**
**ھەرىكەت تېزىسى**
**ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىشى**
**بىرىنچى مەخسۇس تېما تەتقىقاتى: ئۇيغۇر ئىشچىلىرى چىگداۋدا نايك ماركىلىق ئاياغلارنى تىكىۋاتىدۇ.**
**«شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» داۋرىغى**
**شەرقىي تۈركىستاندىن ئەمگەك كۈچى يۆتكەش پىلانى**
**ئىككىنچى مەخسۇس تېما تەتقىقاتى: «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى»دىن مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىشقىچە.**
**ئۈچىنچى مەخسۇس تېما تەتقىقاتى: «ئالما» مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىدە «قايتا تەربىيەلىنىۋاتقان» ئۇيغۇرلار**
**خەلقئارالىق تەمىنلەش زەنجىرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى**
**تەۋسىيەلەر**
**قوشۇمچە:**
**بىرىنچى جەدۋەل: ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىغا يۆتكىلىشى**
**ئىككىنچى جەدۋەل: شەرقىي تۈركىستاندا «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» نامى ئاستىدا ئەمگەك كۈچى يۆتكەش.**
**ئەسكەرتىش**

## مەسىلە نېمە؟

خىتاي ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدىغان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك مىللەتلەرنى (1) ئۆزىنىڭ ھەرقايىسى ئۆلكىلىرىدىكى زاۋۇتلارغا كەم كۆلەمدە يۆتكىمەكتە. ئۇيغۇرلار تېخنىكا، كىيىم – كېچەك ۋە ئاپتوموبىل ساھەلىرىدىكى ئالما (Apple)، BMW، Gap، خۇاۋېي، نايك، سامسۇڭ، سونى ۋە ۋولكسۋاگېن قاتارلىق خەلقئاراغا داڭلىق 83 ماركىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىدە، مەجبۇرىي ئەمگەك ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرىدىغان شارائىتلاردا ئىشلەۋاتىدۇ.

مەزكۇر دوكلاتتا 2017 – يىلىدىن 2019 – يىلىغىچە، سەكسەن مىڭدىن كۆپرەك ئۇيغۇرنىڭ خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى زاۋۇتلاردا ئىشلەش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندىن ئېلىپ كېتىلگەنلىكى، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا بىۋاستە جازا لاگېرلىرىدىن ئېلىپ مېڭىلغانلىقى مۆلچەرلەندى (2). مەزكۇر سان ئېھتىيات يۈزىسىدىن تۆۋەن مۆلچەرلەنگەن بولۇپ، ھەقىقىي سان – سىفىر بۇنىڭدىن بەكلا يۇقىرى بولۇشىغا ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن. ئۇلار ئۆز ۋەتىنىدىن يىراقتىكى ئاستىدىكى ئايرىم ياتاقلاردا تۇرىدۇ (3)، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا تەشكىللىك ھالدا خىتاي تىلى ۋە سىياسىي ئۆگىنىشلەرگە قاتناشتۇرۇلىدۇ (4)، ھەرۋاقىت نازارەت ئاستىدا ياشايدۇ ۋە ئىبادەت قىلىشى چەكلىنىدۇ (5). خىتاينىڭ ھۆكۈمەت دوكلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن مەنبەلەردە، خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەلگەن مەزكۇر ئۇيغۇرلارنىڭ ئامانلىق ساقلاش خادىملىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ياشايدىغانلىقى، ئاساسەن پائالىيەت ئەركىنلىكى يوقلۇقى كۆرسىتىلگەن (6).

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى قانۇنسىز «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى» سىستېمىسى سەۋەبلىك خەلقئارانىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى (7). مەزكۇر دوكلاتتا خىتاينىڭ (ئۆز ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى) يەرلىك مىللەتلەرنى نىشانلىغان قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش ھەرىكىتىنىڭ يېڭى باسقۇچى ۋە خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى بەزى زاۋۇتلاردا خەلقئارا تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرگەن، دۆلەت (خىتاي) بىر قولللۇق ئورۇنلاشتۇرغان ئەمگەكچى يۆتكەش پىلانى ئاستىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلىقىغا دائىر يېڭى ئىسپاتلار ئاشكارىلانغان.

## بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟

خىتاي ھۆكۈمىتى خىتاي ئاساسىي قانۇنى ۋە دۆلەت ئىچى قانۇنلىرىدا قەيت قىلىنغان پۇقراۋى، كۇلتۇرەل ۋە ئەمگەك ھوقۇقلىرىغا كاپالەتلىك قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك مۇسۇلمان مىللەتلەرنى قانۇنغا زىت ھالدا تۇتۇپ سولاش قىلمىشلىرىغا خاتىمە بېرىشى، شۇنداقلا بارلىق پۇقرالارغا قانچىلىك ئەمگەك قىلىش ۋە قەيەرگە بېرىپ، قەيەردە تۇرۇشنى ئۆز ئالدىغا بەلگىلەش ئەركىنلىكى بېرىشى كېرەك.

تەمىنلەش زەنجىرىدە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ئىشلىتىۋاتقان شىركەتلەرنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلەيدىغان ياكى تەمىنلەش زەنجىرىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش خەۋپىنى ئاشكارىلاش تەلەپ قىلىنغان قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق (8). مەزكۇر دوكلاتتا تىزىمغا تۇرغۇزۇلغان شىركەتلەر ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ خىتايدىكى زاۋۇتلىرىدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قارىتا، پۇختا ۋە مۇستەقىل ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تەخىرسىز، تەلتۆكۈس ۋە جىددىي تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىشى لازىم. بۇ جەرياندا شۇ نەرسىگە كاپالەتلىك قىلىش پەۋقۇلئاددە مۇھىمكى، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار بۇ خىل تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە، ئۆزى خالىمىغان ھالدا يۆتكىۋېتىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېخىمۇ ئېغىر زىيانلارغا ئۇچرىتىلماسلىقى كېرەك.

چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى، شىركەتلەر ۋە پۇقراۋى ئىجتىمائىي كوللېكتىپلار بۇ پۈرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشنى ۋە قانۇنسىز شەكىلدە تۇتۇپ سولاش قىلمىشلىرىنى توختىتىشى ئۈچۈن بېسىم ئىشلىتىشى كېرەك. بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنى خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتى (International Labour Organization)نىڭ 1930 – يىلى (29 – نومۇر) تۈزۈلگەن «مەجبۇرىي ئەمگەك ئەھدىنامىسى»نى ۋە «مەجبۇرىي ئەمگەك ئەھدىنامىسى» نىڭ 2014 – يىلىدىكى كېلىشىمىنى خىتايدا رەسمىي كۈچكە ئىگە قىلىشقا مەجبۇرلاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (9). ئىستېمالچىلار ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق – مەنپەئەتىنى قوغداش تەشكىلاتلىرى خىتايدا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىۋاتقان شىركەتلەرنىڭ ئۆللۈق كىشىلىك ھوقۇقلارغا كاپالەتلىك قىلىشىغا ۋە ھەرقانداق مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قىلمىشلىرىغا يانتاياق بولۇپ قالماسلىقىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ئۇلاردىن ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، تەمىنلەش زەنجىرىدە كىشىلىك ھوقۇقىقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك.

## ھەرىكەت تېزىسى

2017 – يىلىدىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر مىليوندىن كۆپرەك ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان تۈركىي مىللەت كىشىلىرى غايەت زور كۆلەملىك «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى»غا ئەكېتىلىپ، كۆزدىن غايىب بولدى (10). بۇ بەزى مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن ھۆكۈمەت يېتەكچىلىكىدىكى، سىستېمىلىق «كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتالغان پروگراممىنىڭ بىر قىسمى ئىدى (11). جازا لاگېرلىرىنىڭ ئىچىدە، تۇتقۇنلار مەجبۇرىي سىياسىي ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرۇلغان، ئۆزلىرىنىڭ دىنى ۋە كۇلتۇرىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلانغان ۋە بۇ جەرياندا قىيىن – قىستاق، خورلاشلارغا ئۇچرىغان (12). خىتاي دائىرىلىرى «دىنىي ئەسەبىيلىك»كە قارشى كۈرەش قىلىش نامىدا (13)، (شەرقىي تۈركىستاندىكى) مۇسۇلمانلارنى خىتايلارغا ئوخشاش قىلىپ ئۆزگەرتىش (ئاسسىمىلاتسىيە) ئۈچۈن ئاكتىپ ھەرىكەت قىلماقتا.

نۆۋەتتە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ بارلىق «ئوقۇغۇچىلار»نىڭ (ئاتالمىش «تەربىيەلەش مەكتەپلىرى»دىن) «ئوقۇش پۈتتۈرگەن»لىكىنى جاكارلىغانلىقىغا قارىغاندا (14)، «قايتا تەربىيەلەش» ھەرىكىتى يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەندەك قىلىدۇ. ھازىر نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدىكى زاۋۇتلاردا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلىقىغا ئالاقىدار كۆپلىگەن ئىسپاتلار ئوتتۇرىغا چىقماقتا (15). مەزكۇر دوكلاتتا شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىدىكى خىتاي زاۋۇتلىرىنىڭمۇ ھۆكۈمەت يېتەكچىلىكىدىكى ئېكسپلاتاسىيە خاراكتېرلىك، بارغانسېرى ئەدەۋاتقان ئەمگەكچى يۆتكەش پىلانىغا بىنائەن ئۇيغۇرلارنى ئەمگەككە سېلىۋاتقانلىقى ئاشكارىلاندى (16). بەزى زاۋۇتلارنىڭ بىۋاستە «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى»دىن ئەكېلىنگەن ئۇيغۇر ئىشچىلارنى ئىشلىتىۋاتقانلىقى مەلۇم.

ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى (ASPI) خىتاينىڭ توققۇز ئۆلكىسىدىكى 2017 – يىلىدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئۇيغۇرلارنى ئىشلىتىۋاتقان 27 زاۋۇتنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇ زاۋۇتلار ئۆزلىرىنى دۇنيادىكى داڭلىق 83 ماركىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ بىر قىسمى دەپ ئاتايدۇ (17). مۆلچەرىمىزچە، 2017 – يىلىدىن 2019 – يىلىغىچە، ئەڭ ئاز دېگەندە سەكسەن مىڭ ئۇيغۇر شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىغا يۆتكەلگەن ۋە خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» (援疆) دەپ تونۇلغان سىياسىتىنىڭ تەركىبى بولغان ئەمگەكچىلەرنى يۆتكەش پروگراممىسىغا كۆرە ھەرقايسى زاۋۇتلارغا تەقسىم قىلىنغان (18).

ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى، تۇتۇپ تۇرۇش ئاپپاراتلىرى ۋە سىياسىي ئۆگىنىشلەر بىلەن تولغان بۇ ئەمگەك ۋەزىپىلىرىنى رەت قىلىشى ياكى ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلۇشى بەسىي مۇشكۈل (19). ھۆكۈمەت ئورۇنلاشتۇرغان مەجبۇرىي ئەمگەك ۋەزىپىلىرىنى رەت قىلغان يەرلىك پۇقرالارنىڭ

بېشىدا ئىزچىل داۋاملىشىدىغان نازارەت قىلىنىشتىن سىرت، خالىغانچە قولغا ئېلىنىش خەۋپى ئەگىپلا يۈرىدۇ (20).

ئادەمنى ھەممىدىن بەك چۆچۈتىدىغىنى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى شۆبىسى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە دەلالاللارنىڭ مەزكۇر ئەمگەك تەقسىماتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا (ئەمگەككە ماڭغۇزغان ئادەم سانىغا كۆرە) كىشى بېشىغا ھېسابلاپ پۇل بېرىدۇ (يەنى قانچە كۆپ كىشىنى مەجبۇرىي ئەمگەككە ماڭغۇزسا، ئۇلارنىڭ يانچۇقىغا شۇنچە كۆپ پۇل كىرىدۇ، ت) (21). مەزكۇر (ئاتالمىش) خىزمەت بىلەن تەمىنلەش نۆۋەتتە «قايتا تەربىيەلەش» ھەرىكىتىنىڭ زۆرۈر تەركىبىي قىسمىلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «كەسپىي تەربىيەلەش» دەپ ئاتالدى (22).

مەلۇم بىر يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ 2019 – يىلىدىكى خىزمەت دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «تەربىيەلەنگەن ھەربىر تۈركۈم (ئىشچى)نىڭ، بىر بۆلۈكى (شەرقىي تۈركىستاندا) خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ۋە بىر بۆلۈكى (خىتاي ئۆلكىلىرىگە) يۆتكىلىدۇ. ئىشقا ئورۇنلاشقان بۇ كىشىلەر تەلتۆكۈس سىياسىي ئۆگىنىشكە قاتنىشىشى ۋە خىزمەت ئورنىدا قېلىشى كېرەك» (23).

مەزكۇر دوكلاتىمىز ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ خىتايدىكى دۇنياۋى مەشھۇر ماركىلار ئۈچۈن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلار تەرىپىدىن مەجبۇرىي ئەمگەك شارائىتىدا ئىشقا سېلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئۈچ مەخسۇس تېما تەتقىقاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى مەخسۇس تېما تەتقىقاتىنىڭ ئوبيېكتى، ئامېرىكانىڭ داڭلىق ماركىسى نايك ئۈچۈن ئاياغ ئىشلەپچىقىرىدىغان، خىتاينىڭ شەرقىدىكى بىر زاۋۇت بولۇپ، بۇ يەردە (تۈرمىدىكىگە ئوخشاش) كۆزىتىش مۇنارلىرى، سىم توسۇقلار ۋە ساقچى پونكىتلىرى بار. بۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئىشچىلار باشقا خىتاي ئىشچىلارغا ئوخشاش بايرام – دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئۆيلىرىگە قايتالمايدۇ (سەككىزىنچى بەتكە قارالسۇن). ئىككىنچى مەخسۇس تېما تەتقىقاتىنىڭ ئوبيېكتى، خىتاينىڭ شەرقىدىكى بىر ئۆلكىدىكى، كۆپلىگەن دۆلەتلەرنى ئادىداس (Adidas) ۋە فىلا (Fila) ماركىلىق تەنتەربىيە كىيىملىرى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى ئېيتقان بىر زاۋۇت بولۇپ، پاكىتلار بۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ بىۋاسىتە شەرقىي تۈركىستاندىكى «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى»دىن ئەكېلىنگەنلىكىنى دەلىللىدى. بىز ئالما شىركىتى ياكى ئۇلارنىڭ تەمىنلىگۈچىلىرى ئۈچۈن زاپچاسلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر قانچە زاۋۇتنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى دەلىللىدۇق. سىياسىي ئۆگىنىش ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ ھالقىلىق تەركىبلىرىدىن بىرى ئىكەن ( ئەسلى دوكلاتنىڭ 21 – بەتكە قارالسۇن).

مەزكۇر دوكلات ئاشكارا ئېلان قىلىنغان خىتايچە ھۆججەتلەرگە، سۈنئىي ھەمراھتىن تارتىلغان سۈرەتلەرنىڭ تەھلىللىرىگە، ئاكادېمىك تەتقىقاتلارغا ۋە ئەنئەنىۋى تاراتقۇ خەۋەرلىرىگە تايانغان بولۇپ، ئۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە باشقا يەرلىك مۇسۇلمان مىللەتلەرگە قارىتا داۋاملىشىۋاتقان زۇلۇمىنىڭ يېڭى باسقۇچىنىڭ ئارقىسىدىكى سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى تەھلىل قىلىدۇ. شۇنداقلا، ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاسىيە قىلىنغانلىقىغا ۋە چەتئەل ۋە خىتاي شىركەتلىرىنىڭ بەلكىم ئۆزلىرىمۇ بىلمىگەن ھالدا كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ئىشتىراك قىلغانلىقىغا ئالاقىدار پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى 2019 – يىلىغىچە، جەمئىي 83 چەتئەل ۋە خىتاي شىركەتلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئەمگەك كۈچى يۆتكەش پروگراممىسى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىدا ئۇيغۇر ئىشچىلاردىن بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك پايدىلىنىۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈردى. بۇ شىركەتلەر تۆۋەندىكىچە (ئېنگلىزچە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلغان):

(1) Abercrombie & Fitch، (2) ئېيسېر (Acer)، (3) ئادىداس (Adidas)، (4) ئالستوم (Alstom)، (5) ئامازون (Amazon)، (6) ئالما (Apple)، (7) ئاسۇس (ASUS)، (8) بېيجىڭ ئاپتوموبىلچىلىقى (BAIC Motor)، (9) BMW، (10) بومباردىيېر (Bombardier)، (11) بوش (Bosch)، (12) BYD، (13) كەلۋىن كلېين (Calvin Klein)، (14) كەندىي (Candy)، (15) كارتېرس (Carter's)،

(16) چىررۇتى 1881 (Cerruti 1881)، (17) چاڭئەن ئاپتوموبىلچىلىقى، (18) سىسكو (Cisco)، (19) جوڭچې (中车) پاي چەكلىك شىركىتى شىركىتى، (20) دېل (Dell)، (21) ئېلېكترولوكس (Electrolux)، (22) فىلا (Fila)، (23) فوۋېندېر گورۇھى (Founder Group)، (24) گۇاڭجوۇ ئاپتوموبىل گورۇھى، (25) GAP، (26) جىلى ئاپتوموبىلچىلىقى، (27) جېنېرال ئاپتوموبىلچىلىقى (General Motors)، (28) گوگېل (Google)، (29) گېبېر شىركىتى (歌儿)، (30) H&M، (31) خەيئېر (海尔)، (32) Hart Schaffner Marx كاستيۇملىرى، (33) Hisense، (34) Hitachi، (35) HP، (36) HTC، (37) خۇاۋېي (华为)، (38) iFlyTek، (39) Jack & Jones، (40) جەگۇار (Jaguar)، (41) ياپونىيە كۆرسەتكۈچ ئېكران شىركىتى (Japan Display Inc)، (42) L.L.Bean، (43) لاكوستېي (Lacoste)، (44) Land Rover، (45) Lenovo (联想)، (46) LG، (47) لىنىڭ (李宁)، (48) مايور (Mayor)، (49) مېيزۇ (魅族)، (50) مېرسېدىس بېنز (Mercedes-Benz)، (51) موررىس گارىيجىس (MG)، (52) مىكروسوفت (Microsoft)، (53) مىتسۇبىشى (Mitsubishi)، (54) مىتسۇمى (Mitsumi)، (55) نايك (Nike)، (56) نىنتېندو (Nintendo)، (57) نوكىيا (Nokia)، (58) The North Face، (59) ئوكۇلۇس (Oculus)، (60) ئوپپو (Oppo)، (61) پاناسونىك (Panasonic)، (62) Polo Ralph Lauren، (63) پۇما (Puma)، (64) روڭۋېي (荣威)، (65) شاڭخەي ئاپتوموبىلچىلىقى (上汽集团)، (66) سامسۇڭ (Samsung)، (67) SGMW، (68) شارپ (Sharp)، (69) سىمېنس (Siemens)، (70) سكېچېر ئاياغچىلىقى (Skechers)، (71) سونى (Sony)، (72) TDK Corporation، (73) تومى خىلفىگېر (Tommy Hilfiger)، (74) توشىبا (Toshiba)، (75) چىڭخۇا تۇڭفاڭ (清华同方)، (76) يۇنىكلو (Uniqlo)، (77) ۋىكتورىيەنىڭ مەخپىيىتى (Victoria's Secret)، (78) ۋىۋو (Vivo)، (79) ۋولكىسۋاگېن (Volkswagen)، (80) شياۋمى (小米)، (81) زارا (Zara)، (82) زېگنا (Zegna)، (83) ZTE (中兴).

بۇنىڭ ئىچىدە بەزى ماركىلار بىر قانچە زاۋۇت بىلەن تەڭلا ھەمكارلاشقان.

يۇقىرىقى ئۇچۇرلار ئاشكارا ئېلان قىلىنغان تەمىنلىگۈچى تىزىملىكىنى، تاراتقۇ خەۋەرلىرىنى ۋە زاۋۇتلار ئۆزى ئېيتقان ئىش بەرگۈچى (ئالما، نايك دېگەندەك) شىركەتلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئاساس قىلغان. ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى مەزكۇر **83** ماركىنىڭ ساھىبى بولغان شىركەتلەرنىڭ ئالاقىدار تەمىنلىگۈچىلەرنىڭ تەپسىلاتلىرىنى جەزملەشتۈرۈشى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئالاقىلاشتى. مەزكۇر دوكلات ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى جاۋاب بەرگەن شىركەتلەرنىڭ ئالاقىدار ئىزاھاتلىرى مەزكۇر دوكلاتقا كىرگۈزۈلدى. ئەگەر باشقا ھەرقانداق شىركەت مەزكۇر دوكلات ئېلان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن جاۋاب قايتۇرغان بولسا، بىز ئۇنى دوكلاتنىڭ تور بەت نۇسخىسىغا كىرگۈزىمىز.

ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى بۇنىڭ ئارىسىدىكى ساناقلىقلا بىر قانچە ماركىنىڭ ئۆزىنىڭ تەمىنلىگۈچىلىرىگە **2020** – يىلىنىڭ ئىچىدە مەزكۇر زاۋۇتلار بىلەن مۇناسىۋەتنى توختىتىش تەكلىپىنى بەرگەنلىكىنى بايقىدى. ئادىداس **(Adidas)**، بوش **(Bosch)** ۋە پاناسونىك **(Panasonic)** قاتارلىق باشقا شىركەتلەر بولسا ئۇيغۇرلار مەجبۇري ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان بۇ زاۋۇتلار بىلەن بىۋاستە توختام مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى ئېيتتى، بىراق ھېچبىر ماركا ئۆزىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ تېخىمۇ تۆۋەن قاتلاملىرىدا مۇشۇ خىل مۇناسىۋەت يوقلۇقىغا جەزم قىلالمىدى.

مەزكۇر دوكلات يەنە ئۇيغۇرلار مەجبۇري ئەمگەككە سېلىنغان زاۋۇتلار ۋە تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مەجبۇري ئەمگەككە سېلىنغان ئۇيغۇرلار بىلەن باغلىنىشى باردەك كۆرۈنگەن ماركىلارنىڭ تەپسىلاتلىرى كۆرسىتىلگەن قوشۇمچىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەزكۇر دوكلاتتا يەنە خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە شىركەتلىرىگە، چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىگە ۋە پۇقراۋى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا قارىتىلغان ئالاھىدە تەۋسىيەمۇ بار.

## ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىشى

خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتى مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ **11** خىل ئىپادىسىنى تىزىمغا تۇرغۇزغان **(24)**. بۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغانلىرى تۆۋەندىكىلەر:

☆ قورقۇتۇشقا ۋە تەھدىتكە ئۇچراش؛ خالىغانچە قولغا ئېلىنىش، بىخەتەرلىك ساقلاش خادىملىرى ۋە رەقەملىك نازارەت قىلىش ئۈسكۈنىلىرى تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىش تەھدىتى.

☆ بېقىندى ۋە ئاجىز ئەھۋالدا قېلىش، مەسىلەن شەرقىي تۈركىستاندا قالغان ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ تەھدىتكە ئۇچرىشى.

☆ ھەرىكەت ئەركىنلىكىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشى، مەسىلەن زاۋۇت ئىچىگە بەند قىلىنىش ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش سىستېمىسى ئاستىدا ياشاش.

☆ ئايرىۋېتىلىش، مەسىلەن (نازارەت ئاستىدىكى) ئايرىم ياتاق بىنالىرىدا تۇرۇش ۋە ئايرىم پويىزلاردا يۆتكىلىش.

☆ خورلىغۇچى خىزمەت مۇھىتى، مەسىلەن ئۈزلۈكسىز سىياسىي ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىنىش، زاۋۇتلاردا پوستا تۇرىدىغان ساقچىلارنىڭ بولۇشى، «ھەربىيچە» باشقۇرۇش ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ چەكلىنىشى.

☆ دەم ئالغىلى قويماسلىق، مەسىلەن ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ خىزمەت تەقسىماتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە خىتاي تىلى ئۆگىنىش ۋە سىياسىي ئۆگىنىش يىغىنلىرىغا قاتنىششقا مەجبۇرلىنىش **(25)**.

خىتاي دۆلەت تاراتقۇلىرىدا، ئەمگەك كۈچى يۆتكەش پروگراممىسىغا قاتنىشىش ئىختىيارىيدۇر، دېيىلدى. شۇنداقلا خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىن يۆتكەلگەن مەجبۇرىي ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ھەرقانداق تىجارەت ئىشلىرىغا سېلىنىۋاتقانلىقىنى ئىنكار قىلدى **(26)**. ھالبۇكى، خىتايدىن ئايرىلىش ۋە ئاۋازىنى چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن ئۇيغۇر ئىشچىلار ئاشۇ زاۋۇتلاردا ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە، ھەرۋاقىت شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرىغا قايتۇرۇۋېتىلىش، ھەتتا ئەنئەنىۋى تۈرمىلەرگە تاشلىنىش خەۋپى بارلىقىنى ئېيتتى **(27)**.

پاكىتلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىدىكى زاۋۇتلاردا ئۇلارنىڭ تۈرمۈشىنىڭمۇ پەقەتلا ئەركىن ئەمەسلىكى-نى كۆرسەتمەكتە. ئۇيغۇرلار «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى» (富余劳动力) ياكى «نامرات ئەمگەك كۈچى» (贫困劳动力) دېگەن نامدا، ئايرىم پويىزلاردا خىتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يۆتكىلىۋاتىدۇ **(28)**، شۇنداقلا، ئارىدىن بىر يىل ياكى شۇنىڭدىن ئۇزاقراق ۋاقىت ئۆتۈپ، (ئاتالمىش) توختام مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ئوخشاش شەكىلدە يۇرتىغا قايتۇرۇلۇۋاتىدۇ **(29)**.

بىر قانچىلىغان مەنبەلەرگە كۆرە، خىتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى زاۋۇتلاردا، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ئاتالمىش «ھەربىيچە باشقۇرۇش» ئاستىدا تولىمۇ جاپالىق ھالدا، بېكىنمە ھالەتتە ياشاۋاتىدۇ **(30)**. ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا، ئۇلار زاۋۇت تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان خىتاي تىلى دەرسىگە ۋە «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى»گە قاتنىشىدۇ **(31)**، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىبادەت قىلىشى چەكلىنىدۇ **(32)**. ھەر ئەللىك نەپەر ئۇيغۇرغا بىر قوغدىغۇچى ئاجرىتىلغان بولۇپ، ئۇلار يەنە مەخسۇس بىخەتەرلىك خادىملىرى تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىدۇ **(33)**. ئۇلار ئاساسەن ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلالمايدۇ ۋە تولۇق نازارەت قىلىنىدىغان ياتاقلاردا ياشايدۇ، ئۇلار شەرقىي تۈركىستاندا قالغان بالا – چاقىلىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن **(34)**. يەنە بەزى پاكىتلار، ئەڭ كەمىدە بەزى زاۋۇتلاردا، ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ مائاشىنىڭ خىتايلارنىڭكىدىن تۆۋەن ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى **(35)**. ئەمما، خىتاي دۆلەت تاراتقۇلىرى ئۇلارغا تولىمۇ يۇقىرى مائاش بېرىلىۋاتقانلىقىنى دەۋا قىلماقتا **(36)**.

خىتاي دائىرىلىرى ۋە زاۋۇت خوجايىنلىرى ئۇيغۇر ئىشچىلارنى ھەم فىزىكىلىق، ھەم ئېلېكترونلۇق جەھەت-تە «ئىز قوغلاش» ئارقىلىق باشقۇرۇۋاتىدۇ **(37)**. مەلۇم بىر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھۆججىتىدە، ئاتالمىش «شىنجاڭ ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى» بەرپا قىلغان ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى يۈز

نەپەر مۇتەخەسسىس باشقۇرىدىغان مەركىزىي سانلىق مەلۇمات ئامبىرى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، مەزكۇر سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدا ھەربىر ئەمگەكچىنىڭ سالامەتلىك، ئىدىيە ۋە خىزمەت تەپسىلاتلىرى خاتىرىلەنگەن **(38)**.

مەزكۇر سانلىق مەلۇمات ئامبىرى خىزمەتچىلەرنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرى ساقلانغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارتىسىدىن ئۇچۇر توپلايدۇ. ئۇ يەنە ئۇندىدار **(39)** تورىدىن ۋە ھەربىر خىزمەتچىنىڭ مېڭىش – تۇرۇش، ئىش – پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىدىغان ئىسمى بىلىنمىگەن ئەقلىيفون يۇمشاق دېتالىدىنمۇ ئۇچۇرغا ئېرىشىدۇ **(40)**.

خىتاي شىركەتلىرى ۋە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ «ئىدىيۋى قىياپىتى»نى ئۆزگەرتەلىگەنلىكىدىن ۋە ئۇلارنى «زامانىۋى» پۇقرالارغا ئايلاندۇرالىغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ «تەقى – تۇرقى تېخىمۇ جەلىبكار»لاشتى **(41)** ۋە «كۈندە مۇنچىغا چۈشۈش»نى ئۆگىنىۋالدى، دېيىشىدۇ **(42)**.

بەزى ئەھۋاللاردا، شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك ھۆكۈمەت خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كادىرلىرىنى ئىشچىلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قالغان ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ماس قەدەمدە نازارەت قىلىشقا ئەۋەتكەن **(43)**. بۇ ئىشچىلار زاۋۇتتا ھەرقانداق ناباب قىلمىش سادىر قىلغان تەقدىردە، ئۇلارنىڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىنىڭ دەرھال بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپ، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە مەزكۇر (ئەمگەك كۈچى يۆتكەش) پروگراممىغا قاتنىشىشنىڭ ھەرگىز ئىختىيارىي ئەمەسلىكىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك پاكىتىدۇر.

خىتاينىڭ فۇجيەن ئۆلكىسىدىكى ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش پروگراممىسىدىن خەۋەردار بىرەيلەننىڭ «زىمىستان» **(Bitter Winter)** تورىغا بىلدۈرۈشىچە، (خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئاپىرىلغان ئۇيغۇر) ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى»نىڭ سابىق تۇتقۇنلىرى بولۇپ، ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ ئىش تەقسىماتىغا بويسۇنمىسا، تېخىمۇ ئېغىر جازاغا ئۇچرايدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىتكە ئۇچرىغان **(44)**. فۇجيەنگە ئەۋەتىلگەن بىر ئۇيغۇر ئىشچىمۇ «زىمىستان» تورىغا ساقچىلارنىڭ ھەرقانداق دىنىي مەزمۇندىكى نەرسىلەر بار – يوقلۇقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، قەرەللىك ھالدا ئۇلارنىڭ ياتاقلىرىنى ئاختۇرۇپ، تېلېفونلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئەگەر بىرەر پارچە قۇرئان تېپىلىپ قالسا، شۇ قۇرئاننىڭ ئىگىسى «قايتا تەربىيەلەش لاگېرى»غا قايتۇرۇلۇپ، ئۇ يەردە ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە يېتىشقا مەجبۇر بولىدىكەن **(45)**.

مەزكۇر دوكلاتتىكى مەخسۇس تەتقىقات تېمىسىدا بايان قىلىنغان ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان مۇئامىلىلەر خىتاينىڭ ئاساسىي قانۇنىغا ۋە خەلقئارالىق قانۇنغا خىلاپ. خىتاينىڭ (ئاتالمىش) ئاساسىي قانۇندا بىراۋنى مىللىي ياكى دىنىي كىملىكى سەۋەبلىك كەمسىتىش چەكلەنگەن **(46)**. گەرچە بىز شەرقىي تۈركىستاندىن يۆتكەلگەن ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ مەجبۇرلانغانلىقىغا جەزم قىلالمىساقمۇ، لېكىن بۇ ئىشنىڭ خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە بەرگەن ئېنىقلىمىسىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئادەمنى تەشۋىشلەندۈرىدىغان مەجبۇرىي ئەمگەك ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان نۇرغۇن مىساللار مەۋجۇت.

## بىرىنچى مەخسۇس تېما تەتقىقاتى: ئۇيغۇر ئىشچىلىرى چىڭداۋدا نايك ماركىلىق ئاياغلارنى تىكىۋاتىدۇ

**2020** – يىلى بىرىنچى ئايدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك مىللەتلەردىن بولغان **600** نەپەر ئەتراپىدىكى ئىشچى چىڭداۋدىكى تەيگۇاڭ ئاياغچىلىق چەكلىك شىركىتىدە ئىشلەۋاتاتتى **(47)**. تەيگۇاڭ شىركىتىنىڭ ئاساسلىق خېرىدارى ئامېرىكادىكى دۆلەت ھالقىغان نايك **(Nike)** پاي چەكلىك شىركىتىدۇر **(48)**. شەرقىي تۈركىستانلىق بۇ ئىشچىلارنىڭ كۆپىنچىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئارقىدا قالغان» ۋە «دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان» دەپ سۈپەتلىنىدىغان خوتەن ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر ئاياللاردۇر **(49)**.

**بىرىنچى رەسىم: 2019 – يىلى ئىيۇن ئايلىرى، تەيگۇاڭ ئاياغ زاۋۇتىدىكى ئۇيغۇر ئىشچىلار خىتاينىڭ دۆلەت بايرىقىنى پۇلاڭلاتماقتا.**




مەنبە: «خىتاي مىللەت – دىن تورى»نىڭ 2019 – يىلى 11 – ئاينىڭ 7 – كۈنىدىكى «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى رىشتىسى بەرپا قىلايلى» ماۋزۇلۇق خەۋىرى http://archive.is/M0CKg

**بۇ زاۋۇتتا ئۇيغۇر ئىشچىلار كۈندۈزى نايىك ماركىلىق ئاياغلارنى ئىشلەپچىقارسا، كەچتە خىتاي تىلى ئۆگىتىلىدىغان، خىتاينىڭ دۆلەت شېئىرى ئېيتىلىدىغان، «كەسپىي» ۋە «ۋەتەنپەرۋەرلىك» تەربىيەسى بېرىلىدىغان كەچلىك مەكتەپتە ئوقۇيدۇ (50). بۇ يەردىكى دەرسلىكلەر شەرقىي تۈركىستاندىكى «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى»نىڭكىنى ئۆز ئەينى دېگۈدەك ئۆرنەك قىلىپ تۈرۈپ تۈزۈلگەن (51).**

**غايەت زور تەيگۇاڭ زاۋاتى خىتاينىڭ شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى چىڭداۋ شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى لەيشى شەھىرىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ زاۋۇت تەيگۇاڭ گۇرۇھىغا تەۋە. تەيگۇاڭ گۇرۇھى بولسا كورىيەنىڭ خىمىيە ۋە توقۇمچىلىق كارخانا گۇرۇھىدۇر. تەيگۇاڭ گۇرۇھىنىڭ لەيشى شەھىرىدىكى زاۋۇتى نايىك شىركىتى ئۈچۈن ئاياغ تىكىدىغان ئەڭ چوڭ زاۋۇتلارنىڭ بىرى بولۇپ (52)، ھەر يىلى مەزكۇر شىركەت ئۈچۈن يەتتە مىليون جۈپتىن كۆپرەك ئاياغ تىكىدۇ (53).**

**2019 – يىلى ئالتىنچى ئايدا، تەيگۇاڭ كېچىلىك مەكتىپىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، يەرلىك بىرلىكسەپ بۆلۈمىدىن كەلگەن بىر ئەمەلدار (54) ئۇيغۇر ئىشچىلارنى دۆلەت ۋە مىللەت كىملىكىنى كۈچەيتىشكە (يەنى ھەرۋاقىت ئۆزىنى خىتاي پۇقراسى ۋە ئاتالمىش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەزاسى دەپ قاراشقا، ت) چاقىرىق قىلغان (55). بۇ مەكتەپ «ئانار دانىسى» كەچلىك مەكتىپى (ئۈچىنچى رەسىم) دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ ئىسىم خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «ھەممە مىللەت ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشى كېرەك» دېگەن سۆزىنى ئۆرنەك قىلغان (56).**

**ئىككىنچى رەسىم: تەيگۇاڭ تەمىنلەش زەنجىرى**




مەنبە: لەيشى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، 2007 – يىلىدىن بۇيان جەمئىي 9800 نەپەر ئۇيغۇر ئىشچى، ئاتمىش نەچچە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ چىڭداۋدىكى تەيگۇاڭ ئاياغچىلىق زاۋۇتىغا ئەكېلىنگەن. «ختاي مىللەت – دىن تورى»نىڭ 2019 – يىلى 11 – ئاينىڭ 7 – كۈنىدىكى «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى رىشتىسى بەرپا قىلايلى» ماۋزۇلۇق خەۋىرى

**ئۈچىنچى رەسىم: تەيگۇاڭ زاۋۇتىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان «ئانار دانىسى» كەچلىك مەكتىپىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى، 2019 – يىلى ئالتىنچى ئاي.**



ئۈچىنچى رەسىم: تەيگۇاڭ زاۋۇتىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان «ئانار دانىسى» كەچلىك مەكتىپىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى، 2019 – يىلى ئالتىنچى ئاي.

«ۋاشىڭتون پوچتىسى» گېزىتى مەزكۇر زاۋۇتتا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بايرام – دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئۆيلىرىگە قايتالمايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى (57).

مەزكۇر گېزىت يەنە بۇ زاۋۇتتىكى ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ بۇ يەرگە شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ چىڭداۋغا ئۆزى خالاپ كەلمىگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىنى قىلىش ئىمكانىيىتى يوقلۇقىنى خەۋەر قىلدى.

بۇ زاۋۇتنىڭ گېزىتتە ئېلان قىلىنغان، 2020 – يىلى بىرىنچى ئايدىكى رەسىملىرىدە، زاۋۇت بىنالىرىدا كۆزىتىش مۇنارلىرى، يۈگمە سىم توسۇقلار بارلىقى كۆرسىتىلگەن. ئۇيغۇر ئىشچىلار زاۋۇت ھويلىسىدا خالىغانچە ماڭسا بولىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ يۈرۈش – تۇرۇشى ئىشىكنىڭ يېنىدىكى يۈز تونۇيالايدىغان كامېرالار سەپلەنگەن ساقچى پونكىتى تەرىپىدىن يېقىندىن نازارەت قىلىنىپ تۇرىدۇ.

گېزىتتە دېيىلىشىچە، تەيگۇاڭ زاۋۇتىدىكى ئۇيغۇر ئىشچىلار خىتايچىنى ئاساسەن بىلمىگەچكە، يەرلىك ئىشچىلار بىلەنمۇ ھېچقانچە ئالاقىلاشمايدىكەن. ئۇلار تاماقنى ئايرىم ئاشخانىدا ياكى زاۋۇتنىڭ قارشىسىدىكى «ھالال» دېگەن خېتى (خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن) ئۆچۈرگۈزۈۋېتىلگەن مۇسۇلمانچە ئاشخانىدا يەيدىكەن. ئۇلار زاۋۇتقا يانداشتۇرۇپ سېلىنغان، خىتاي ئىشچىلارنىڭكىدىن ئايرىۋېتىلگەن ياتاق بىناسىدا تۇرىدىكەن (58).

ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى زاۋۇت ئىچىدە ئىشچىلارنىڭ ئىدىيەسى ۋە يۈرۈش – تۇرۇشىنىڭ يېقىندىن نازارەت قىلىنىدىغانلىقىغا دائىر ئىسپاتلارنى بايقىدى. ئالاھىدە تەسىس قىلىنغان «پىسخىكىلىق راۋانلاشتۇرۇش ئىشخانىسى»دا، يەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ خىتاي ۋە ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى

**تۆتىنچى رەسىم: تەيگۇاڭ زاۋۇتىدىكى ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ «ئۆگىنىش» قىلىشى ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان، «ياشلار ئۆيى» دەپ ئاتالغان سىنىپ.**




مەنبە: «ئالقىنىڭىزدىكى شىلەي» ئۇنىدىدار سەھىپىسىدىكى «بۇ يەردە ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئامىتى كەلدى!» ماۋزۇلۇق خەۋەر.

**ئىشچىلار بىلەن «قەلبىداشلىق» سۆھبىتى ئۆتكۈزىدۇ، پىسخىك مەسلىھەت بېرىدۇ ۋە ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ ئۆزلىشىشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ «ساپا»سىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم قىلىدۇ (59). بۇ خىل ئىشخانا ۋە روللار شەرقىي تۈركىستاندىكى «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى»دىمۇ بار ئىدى (60).**

**خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى تەيگۇاڭ زاۋۇتىدىكى ئۇيغۇر ئىشچىلارنى ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇشقا ئەرزىيدۇ دەپ قارىماقتا. يەرلىك تاراتقۇلارنىڭ 2019 – يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ ياڭ ۋە خىتاينىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرى جاۋ كېجى زاۋۇت رەھبەرلىكىگە بىر تەقدىرنامە ئەۋەتكەن (61). ئورگان تەرەپنىڭ ستاتىستىكىسىغا كۆرە، 2017 – يىلىدىن 2018 – يىلىغىچە، 4710 نەپەر ئۇيغۇر ئىشچى شەرقىي تۈركىستاندىن شەندۇڭغا يۆتكەلگەن (بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىنىڭ نىشانىدىنمۇ بىر ھەسسە كۆپ بولغان) (62).**

**بۇ يەردىكى ئىشچىلار پارتىيە ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن يېقىندىن نازارەت قىلىنىپ تۇرىدۇ. يەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ۋە بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئۇيغۇرلارنى ئىشلىتىۋاتقان شىركەتلەر بىلەن ئىشچىلارنىڭ «ئىدىيىۋى خاھىشى ۋە كۆرۈلگەن مەسىلىلەر» ھەققىدە مۇزاكىرىلىشىپ تۇرىدۇ (63). مەزكۇر ئىدارە – ئورگانلارنىڭ تەيگۇاڭغا ئوخشاش زاۋۇتلاردا تەسىس قىلىنغان، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىنى كۈندە يۇقىرىغا دوكلات قىلىش، ھەرقانداق جېدەل – ماجىرا ياكى كۈتۈلمىگەن <ئۈپچە ۋەقەلەر>نىڭ ئالدىنى ئېلىش»قا مەسئۇل ئىشخانىلىرى بار (64). 2018 – يىلىدىكى مەلۇم ئىش ئېلانىدا چىڭداۋغا ئۇيغۇر تىلىنى پۇختا بىلىدىغان ياردەمچى ساقچى قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغانىدى (65). شەرقىي**

**بەشىنچى رەسىم: 2018 – يىلى يەتتىنچى ئايدا، 176 نەپەر ئۇيغۇر شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىرا ناھىيەسىدىن ئايرىلىپ، چىڭداۋدىكى تەيگۇاڭ ئاياغچىلىق زاۋۇتىغا ۋە فۇلىن ئېلېكترون شىركىتىگە مېڭىش ئالدىدىكى «ۋىدالىشىش مۇراسىمى».**



مەنبە: «چىرا ناھىيەسى 176 نەپەر ئىشچىنى شەندۇڭ كارخانىلىرىغا مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تەشكىللىدى»، «ئانارلىق باغ» ئۈندىدار سەھىپىسىنىڭ 2018 – يىلى بەشىنچى ئىيۇلدىكى خەۋىرى.

تۇركىستاندا، ياردەمچى ساقچىلار كىشىلەرنى جازا لاگېرلىرىغا سولاشقا ۋە ئۇلار تۇتقۇندىكى مەزگىلدە ئۇلارنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل (66).

2018 – يىلى بىرىنچى ئايدا، خوتەندىكى يەرلىك تاراتقۇدا تەيگۇاڭ زاۋۇتىدىكى 130 نەپەر ئۇيغۇر ئىشچىنىڭ خوتەن ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەتكە يازغان «تەشەككۇرنامە»سى ئېلان قىلىنغان (67). خىتايچە يېزىلغان بۇ «تەشەككۇرنامە»دە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چىڭداۋغا ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرى «يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتقان»لىقىنى ۋە ئەمدىلىكتە ئېيىغا 2850 يۈەن (تەخمىنەن 413 دوللارغا باراۋەر بولۇپ، خىتايدىكى ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمىدىن يۇقىرى) كىرىم قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان (68). ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى ئىشچىلارنىڭ ئاشۇنچىلىك مائاش ئېلىۋاتقان – ئالمايۋاتقانلىقىنى ۋە ئاشۇنداق بىر پارچە خەتنى يازغان – يازمىغانلىقىنى دەلىللىيەلمىدى. مەزكۇر «تەشەككۇرنامە»دە يەنە ئىشچىلارنىڭ چىڭداۋغا يېتىپ بارغاندىن باشلاپ دىني ئەسەبىيلىكنىڭ خەتىرىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ۋە ئەمدىلىكتە «گۈزەل تۇرمۇش»قا ئېرىشكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان (69).

## «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» داۋرىقى

ئۇيغۇرلارنى ئۆز ماكانىدىن مەجبۇري ئايرىپ، خىتاينىڭ شەرقىي ۋە ئوتتۇرا قىسىملىرىدىكى زاۋۇتلارغا ئاپىرىدىغان خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى يېڭىلىق ئەمەس. خىتاي ھۆكۈمىتى 2000 – يىللىرىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي قىلغان ئۆلكىلەرنى شەرقىي تۇركىستان ۋە تىبەتكە ئوخشاش (ئىشغالىيەت ئاستىدىكى) چېگرا رايونلارنى ئېچىشقا سەپەرۋەر قىلغان، شۇنداقلا «مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىشى» ۋە «نامراتلارنى يۆلەش» دېگەندەك ناملاردا (بۇ رايونلاردىن) ئىشچى يۆتكەشنى بار كۈچى بىلەن تەرغىب قىلغاندى (70).

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرمىلارغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن قاتنىشىدىغانلىرى يوقنىڭ ئورنىدا. چۈنكى، «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى» قۇرۇلۇشتىن خېلىلا بۇرۇنقى 2000 – يىللاردىمۇ، خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەلگەن ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى خارلىققا تولغان دېگىلى بولمىسىمۇ، يەنىلا ناچار ئىدى (71). كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بۇ خىل ئىشچى يۆتكەش پروگراممىلىرىنى تەنقىدلەپ، ئۇنىڭ مەجبۇري ئىكەنلىكىنى، بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرت – ماكانىدىن ۋە ئەنئەنىۋى تۇرمۇشىدىن مەجبۇري ئايرىۋېتىلگەنلىكىنى، كۈنبويى جاپالىق ئىشلەشكە مەجبۇرلىنىدىغانلىقىنى، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ناچارلىقىنى، خوجايىنلارنىڭ تولىمۇ نەپسانىيەتچى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلار بىللە ئىشلىگەن خىتايلارنىڭمۇ ئۇلارنى كەمسىتىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى (72).

2009 – يىلى گۇاڭدۇڭدىكى زاۋۇتتا يۈز بەرگەن ۋە شۇ يىلى يەتتىنچى ئايدا شەرقىي تۇركىستاننىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە قانلىق توقۇنۇشقا سەۋەب بولغان ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئارىسىدىكى توقۇنۇشتىن كېيىن، ئالاقىدار زاۋۇتلار ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشلىتىش سالمىقىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەتكەنىدى (73).

خىتاي ھۆكۈمىتى شۇ قېتىملىق قالايمىقانچىلىققا قايتۇرۇلغان ئىنكاس سۈپىتىدە، 2010 – يىلىدىن باشلاپ قەرەللىك ھالدا «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» يىغىنى ئېچىشقا باشلىدى (74). خىتايدىكى باي ئۆلكە – شەھەرلەرنى شەرقىي تۇركىستاندىكى شەھەر – ۋىلايەتلەر بىلەن «دوست»لاشقۇزۇپ، مەزكۇر رايوننىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا تۆرتكە بولۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا مالىيە تولۇقلىمىسى بېرىلدى ۋە سىياسىي جەھەتتىن ئېتىبار قىلىندى (75).

شۇنىڭدىن كېيىن، خىتاي ئۆلكىلىرى «تىبابەتتە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش»، «تېخنىكىدا شىنجاڭغا ياردەم بېرىش»، «مائارىپتا شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» ۋە «كەسىپتە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» قاتارلىق ناملار ئاستىدا مەزكۇر «ياردەم بېرىش» پىلانىغا ھەسسە قوشۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلدى (76).

2017 – يىلىنىڭ بېشىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ تېخىمۇ زوراۋان شەكىلدە، تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە قولغا ئېلىنى-

شىغا ئەگىشىپ (77)، «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» پىلانى سىياسىي كۈنتەرتىپنىڭ ئەڭ بېشىدىن ئورۇن ئالدى (78). يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە شىركەتلەر «كەسپتە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» دېگەن سىياسەت ئاستىدا، يېڭىدىن «تەربىيەلىنىپ» چىققان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىش پۇرسىتى تېپىپ بېرىشكە قاتتىق رىغبەتلەندۈرۈلدى (79).

«كەسپتە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» <نامراتلىقنى ئازايتىش> نامى ئاستىدا «بىكارچى» ئۇيغۇرلارغا خىزمەت تېپىپ بېرىشنى دەۋا قىلىدىغان سىياسەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇمۇ «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى»دىكىگە ئوخشاش «تەربىيەلەش»نى نىشان قىلغان: (يەنى مەزكۇر ياردەم بېرىش سىياسىتىدىمۇ) زاۋۇت خوجايىنلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ «قالاق ساپاسى»نى ئىسلاھ قىلىپ ۋە ئۇلارنى خىتايلاشتۇرۇپ، تۈپ يىلتىزىدىن ئۆزگەرتىشى كۈتۈلمەكتە (80). بۇنىڭ بەدىلى سۈپىتىدە، ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىگە ۋە خىتاي «ئاكا – ئاچا»لىرىغا «تەشەككۇر» ئېيتىشى تەلەپ قىلىنماقتا (81).

خىتاي مىقياسىدىكى شىركەتلەر «كەسپتە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش»كە تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل شەكىلدە ئىشتىراك قىلالايدۇ:

- شەرقىي تۈركىستاندا «ھەمراھ زاۋۇت» ياكى سېخ قۇرۇپ، «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى»نى قوبۇل قىلىش (82). خىتايدىكى شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئۆتكەن بىر قانچە يىلدا «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» پىلانىنىڭ دائىرىسىدە، شەرقىي تۈركىستاندا **4400** ئەتراپىدا كارخانا قۇرۇلۇپ، مىليونغا يېقىن خىزمەت ئورنى تەمىنلەنگەن (83).
- بىر قاتار ئەمگەك كۈچى يۆتكەش پىلانلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئىشچىلارنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەش.

باش شتابى ئەنخۇي ئۆلكىسىگە جايلاشقان، ئۆزىنىڭ (كورىيە ۋە ئىتالىيەدىكى) فىلا (Fila) شىركىتىنى ۋە (گېرمانىيەدىكى) ئادىداس (Adidas) شىركىتىنى مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى ئېيتقان خاۋيۈەنپېڭ (浩缘朋 ) كىيىمچىلىك شىركىتىگە ئوخشاش بەزى شىركەتلەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككىلا خىل شەكىلدە مەزكۇر «كەسپتە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» تۈرىگە ئىشتىراك قىلغان (84).

شەرقىي تۈركىستاندىكى «تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى»نىڭ رەسمىي باياناتىغا كۆرە، 2018 – يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، (شەرقىي تۈركىستاندىكى) «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى»دىن چىققان ئەرزان ئەمگەك كۈچلىرى شەرقىي تۈركىستان ئىقتىسادىنىڭ مۇھىم قوزغاتقۇچ ئامىللىرىدىن بىرىگە ئايلانغان (85). ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا «كەسپىي تەربىيەلەش» ۋە سىياسىي ئۆگىنىشنى تاماملىغان ئۇيغۇرلارنى بىۋاسىتە خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى زاۋۇتلارغا يۆتكەيدىغان ئاقما لىنىيە بار. «تەربىيەلەنگەن ھەربىر تۈركۈم (ئىشچى)نىڭ، بىر بۆلۈكى (شەرقىي تۈركىستاندا) خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ۋە بىر بۆلۈكى (خىتاي ئۆلكىلىرىگە) يۆتكىلىدۇ» دېيىلگەندى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ 2019 – يىلدىكى ھۆكۈمەت خىزمىتى دوكلاتىدا (86). بەزى ئەھۋاللاردا، «تەربىيلەنگەن» ئۇيغۇرلارنى «يۈز پىرسەنت» ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، بەزى ئەمگەك كۈچلىرى «كەسپىي ۋە سىياسىي تەربىيەلىنىش»تىن بۇرۇنلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىغا يۆتكىلىۋاتىدۇ (87).

( ئىزاھاتلار ئۈچۈن ئەسلى دوكلاتنىڭ 41-45 -بەتلىرىگە قارالسۇن )

( داۋامى كېلەر ساندا )

https://www.aspi.org.au/report/uyghurs-sale

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى



# قۇربان مامۇت

قۇربان ماموت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەم تېپىلىدىغان، ئىستېداتلىق ژۇرنالىستلاردىن بىرى بولۇپ، 1950-يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ بېھشباغ يېزا بوستان كەنتىدە تۇغۇلغان. 1968-يىلى ناھىيەلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، 1972-يىلدىن 1976-يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1976-يىلدىن 1984-يىلغىچە شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىدا مۇخبىر، مۇھەررىر، 1985-يىلدىن باشلاپ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ، 2011-يىلى پېنسىيەگە چىققان.

پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن بىر مەزگىل پەن-تېخنىكا نەشرىياتىدا تەكلىپ بىلەن ئىشلىگەن. شۇنداقلا، تاكى خىتاي ئۇيغۇر خەلقىنى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا «تەپەككۇر» ژۇرنىلىنى چىقارغان.

ژۇرنالىست قۇربان ماموت ئاكا ئۇزاق يىللىق ژۇرنالىستلىق ھاياتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئويغىنىشىنى ئىزچىل رەۋىشتە ئۆز خىزمىتىنىڭ باش نىشانى قىلىپ تىكلىگەن. ئۇزى ئىشلەۋاتقان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تاكى شائىر بەگمەت يۈسۈپ مەسئۇل مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگىچە بولغان ئارىلىققىچە ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق ئەڭ يېڭى، ئەڭ ئۇچۇرچان ۋە ئەڭ سەۋىيەلىك ماقالە-ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىدىغان مىللىي مەۋجۇتلۇق ژۇرنىلىمىز ئىدى. قۇربان ماموت ژۇرنالغا ماقالە تاللاشتىن تارتىپ، ماقالىلەردىكى سۆز، جۈملە، ھەتتا ئىملاغىچە ئۇزى بىۋاسىتە قول تىقىپ ئىشلەيدىغان ئىنتايىدىن ئەستايىدىل ژۇرنالىست ئىدى. ئۇ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۆتىگەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى قوش ئايلىق ژۇرنال بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا نەشر قىلىنغان ژۇرناللار ئارىسىدا ئوقۇرمەنلىرى ئەڭ كۆپ، ئوقۇرمەنلەر قاتلىمىنىڭ ھەممىدىن بەك ياقتۇرىشىغا ئېرىشكەن ژۇرنال ئىدى.

ژۇرنال بىر مىللەت ئۈچۈن ئىدىئولوگىيە ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتتۇر. مىللەتنىڭ ئېڭىنى چۇلغىۋالغان ئىدىيە كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، مىللەتنىڭ تەپەككۇرىنى كونترول قىلىۋالغان كۆرۈنمەس قارا قوللارنى سۇندۇرۇپ تاشلاشتا، دۇرۇست نىيەت ۋە توغرا ئىدىئولوگىيە باشچىلىقىدا چىقىرىلغان ژۇرنالنىڭ مىللەتكە ئېلىپ كېلىدىغان مەنپەئەتى مىسلىسىز بولىدۇ. زېمىن سۇسىزلىقتىن قاغجىراپ چاك-چاك يېرىلىپ كېتىدۇ. قەلبمۇ ئىلىم نۇرىدىن مەھرۇم قالسا سۇسىز زېمىنغا ئوخشاشلا ئۆز فۇنكسىيىسىنى يوقىتىدۇ. ئىلىمنىڭ نۇرى ئۆچكەن ھەر قانداق جەمئىيەتتە ئىنساننىڭ قەلبى قاپقارا قارىداپ، تەپەككۇرى بوغۇلىدۇ. ئىسانىي ھېس-تۇيغۇلىرى ئۆلۈپ، پىكىر قىلىش قابىلىيىتى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن چىقىرىلىدىغان «ژۇرنال» ئاتلىق بۇ ئىدىيە زاۋۇتى مانا مۇشۇنداق مەنىۋي يىمىرىلىشلارغا داۋا بولىدىغان ئىلىم تاۋارلىرىنى خەلققە سۇنىدۇ. ئىنساننى باشلايدىغىنى ئىدىئولوگىيە بولۇپ، ژۇرنال بىر مىللەتنىڭ ئىدىئولوگىيە ئامبىرىدۇر، تەپەككۇر خەزىنىسىدۇر؛ ئۆتمۈشنى كۆزىتىدىغان تېلىسكوپى، كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىغا ھەمدەم بولىدىغان مەسلىھەتچىسىدۇر.

ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان گېزىت-ژۇرناللىرى بولمىغان مىللەت نېمىدېگەن بەختسىز-ھە! ئەنگلىيىدە بۇنىڭدىن بەش يۈز يىل بۇرۇنلا گېزىتچىلىك ھەرىكىتى باشلىنىپ بولغان. غەرب ئەللىرىدە نەچچە ئەسىرلەر ئاۋۋال ژۇرنال چىقىرىش ھەر قايسى ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ مۇھىم ئېھتىياجىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. بىزنىڭ يۈز يىل بۇرۇنقى قاپقارا زۇلمەتتە ياشىغان يىراقنى كۆرەر ئاتىلىرىمىزمۇ ئوقۇش يېزىشنى ئومۇمەن دېگۈدەك بىلمەيدىغان قەۋمىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىنى گېزىت-ژۇرناللار ئارقىلىق يېتەكلەشكە سەل قارىمىغان. ئىككى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇشى، نەچچە ئەسىرلەپ قاراڭغۇ زۇلمەتتە ياشىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بىردەك ھالدا بۇ مىللىي دۆلەتلەرنى قوللىشى، ۋەتەن مىللىتىنىڭ بەختى ئۈچۈن ئەسلى ۋەسلىنى تەقدىم قىلىدىغان قەھرىمان قىز-يىگىتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشۈشى قاتارلىق ئىجابىي ھادىسىلەرنى دەل ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى يېتەكلىگەن يۈز يىل بۇرۇنقى گېزىت-ژۇرناللارنىڭ تۆھپىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

دۇرۇست نىيەت ۋە توغرا ئىدىئولوگىيە ئاساسىدا چىقىرىلغان ژۇرنال مىللەتنىڭ مەنىۋي مەكتىپى بولۇپ، ئۇ خەلقنىڭ ئېڭىنى، تەپەككۇرىنى يېتەكلەشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىدۇر. كۆپ مۇشەققەت كەتمەيدىغان

ژۇرنالدىن ئىبارەت بۇ ۋاستىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالمىغانلار ياكى بۇ خىل ۋاستىنىڭ رولىغا سەل قارىغانلار تارىختا ۋە كۈنىمىزدە ھەر قاچان ئاڭ ۋە رىقابەتتە ئارقىدا قالدى ۋە رەقىبلىرىگە ئۇتتۇرۇۋەتتى. بىر مىللەت ئۈچۈن مەنىۋي تايانچ ھېسابلىنىدىغان، مىللەت ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان قورااللاردىن بىرى دەل ئۇ مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مىللىي ژۇرنالدۇر.

بۇ نۇقتىلارنى ئىنتايىن ياخشى چۈشىنىپ يەتكەن پېشقەدەم ژۇرنالىست قۇربان مامۇت «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا تەپەككۇر گۈلىستانىغا، مىللىي مەۋجۇتلۇق مۇنبىرىگە، مەنىۋىيەت بۇلىقىغا ئايلاندۇرالىغان ئىدى. ئۇيغۇرلاردا 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان مىللىي ئويغىنىش مۇجادىلىسىدە تېنىمسىز كۈرەش قىلغان ۋە كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە ئورۇن ئالغان مۇھىم شەخسلەردىن بىرى دەل قۇربان مامۇت ئىدى. خىتاي رەزىلدۇر، ئۇ ھەقىقەتنى تونۇمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ كۆزى مىللىتىمىز ئارىسىدا مىللەتنى يېتەكلىيەلەيدىغان، ئويغىتالايدىغان، گېزى كەلسە قوزغىتالايدىغان ۋەتەنپەرۋەر ئىنسانلارنى تونۇشتا بەكمۇ ئۆتكۈر.

مىللەتنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىپ، تەپەككۇرىنى ئېچىشتىن باشقا خىيالى بولمىغان، خىتاينىڭ ئالدىدا ھېچبىر جىنايىتى بولمىغان ژۇرنالىست قۇربان مامۇت كۆپلىگەن ئىلىم ئەربابلىرى قاتارىدا **2018**-يىلى، **3**-ئايدا خىتاي دائىلىرى تەرىپىدىن جازا لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلدى. ئۇنىڭدىن ھازىرغىچە ھېچبىر خەۋەر يوق. ئۆز خەلقى ئۈچۈن ئىشلىگەن ئۇيغۇرلارنى خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىدىن ئۆچۈرەلمەيدۇ. ئۇلار مىللەتنىڭ قەھرىمانلىرى سۈپىتىدە تارىخ بەتلىرىگە يېزىلىدۇ.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى




# ئىستىراتېگىيە ۋە تاكتىكا

زاك دوفمان

سىز ئىش ئورنىڭىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكا دېگەن ئۇقۇملارنى تىلغان ئالغانلىقىنى ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. بۇ ئىككىسى خىزمەت مۇھىتى ۋە توردىكى ماقالە – يازمىلاردا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان، ئەمما دائىم ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدىغان ئاتالغۇلاردۇر. بۈگۈن بىز ئىستراتېگىيە بىلەن تاكتىكىنىڭ ئارىسىدىكى ھەقىقىي پەرق ۋە مۇناسىۋەتنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

ئىستراتېگىيە بىلەن تاكتىكىنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن پەرقلەر بار. بۇنى قىسقىچە چۈشەندۇرسەك، ئىستراتېگىيە «نىشان ۋە شۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇسۇلى»نى كۆرسەتسە، تاكتىكا «ئاشۇ جەرياندا قوللىنىلىدىغان مۇئەييەن تەدبىرلەر»نى كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندە بىز ئىستراتېگىيە بىلەن تاكتىكىنىڭ پەرق، ئوخشاشلىقى ۋە بۇ ئىككىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇسۇللىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىمىز.

بۇندىن ئالاھەزەل **2500** يىل مۇقەددەم، خىتاي ھەربىي ئىستراتېگىيەچىسى سۇنزى «ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» دېگەن ئەسىرىدە «تاكتىكىسىز ئىستراتېگىيە زەپەرنىڭ توسقۇنى، ئىستراتېگىيەسىز تاكتىكا مەغلۇبىيەتنىڭ شاۋقۇنى» دېگەنىدى. تاكتىكا بىلەن ئىستراتېگىيە ئۆزئارا زىددىيەتلىك ئەمەس، بەلكى يانداش ئۇقۇملاردۇر. بۇلارنىڭ ئېنىقلىمىسى تۆۋەندىكىچە:

**ئىستراتېگىيە:**

سىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك نىشانلىرىڭىزنى ۋە ئۇلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۈزگەن پىلانلىرىڭىزنى كۆرسىتىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىستراتېگىيە سىزنى تەشكىلاتىڭىزنىڭ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن موھتاج بولىدىغان يول بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**تاكتىكا:**

تېخىمۇ كونكرېت بولۇپ، تېخىمۇ كىچىك قەدەم باسقۇچلار ۋە تېخىمۇ قىسقا ۋاقىت بۆلەكلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. تاكتىكىنى ئۆز نۆۋىتىدە «تەدبىر» دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

## ياخشى ئىستراتېگىيە قانداق بولىدۇ؟

پۇختا ئىستراتېگىيە بىر تەشكىلات (ئورگان، شىركەت ۋەھاكازا)نىڭ يادرولۇق قىممەت قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىستراتېگىيە ئەترىتىڭىز تەشكىلاتنىڭ ھەممە بۆلۈملىرىدىن پىكىر توپلاپ، تۈزۈلگۈسى ئىستراتېگىيەنىڭ ھەربىر بۆلۈمنىڭ كۈنتەرتىپىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشلار بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى، شۇنداقلا بارلىق ئىستراتېگىيەلەرنى ئىجرا قىلغىلى بولىدىغان بولۇشى كېرەك.

ئىستراتېگىيە تۈزگەندە، دىققىتىڭىزنى ئېرىشمەكچى بولغان ئاخىرقى نەتىجە (نىشان)گە مەركەزلەشتۈرۈڭ. ئىستراتېگىيەڭىز تەشكىلاتىڭىزدىكى بارلىق پائالىيەتلەرنىڭ ئاساسىدۇر. ئىستراتېگىيەنىڭ قانداق تۈزۈلۈشى كوللېكتىپنىڭ مەزكۇر نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنۇش جەريانىدا قارار چىقىرىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. مەسىلەن، بىر ئۆي جاھازىلىرى شىركىتىنىڭ بازار ئۈلۈشىنى ئاشۇرۇش نىشانى بار بولسا، ئۇنىڭ ئىستراتېگىيەسى باھانىڭ باشقىلارنىڭكىدىن ئەۋزەل بولۇشىنى ۋە ئىسكىلاتتا ئادەتتىكى مەھسۇلاتلارنىڭ يېتەرلىك بولۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىمۇ ئەڭ ئاۋۋال مەھسۇلاتنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىشكە ئالاقىدار قارارلارنى چىقىرىشى كېرەك.

## ياخشى تاكتىكا قانداق بولىدۇ؟

ياخشى تاكتىكا ئىستراتېگىيەڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشىڭىزغا ياردەم بېرىدىغان ئېنىق نىشانغا ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭدا بەلگىلىك ۋاقىتتا مۇئەييەن ھەرىكەتلەر تاماملىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرى ئۆلچىنىدۇ.

ئۆي جاھازلىرى شىركىتىنىڭ تاكتىكىسى «ئىسراپچىلىق ۋە ئۈنۈمسىزلىكنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش قەدەم باسقۇچلىرىنى تەھلىل قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق تەننەرخنى ھەم سېتىلىش باھاسىنى تۆۋەنلىتىش» بولسا بولىدۇ. شىركەت ئۇشبۇ تەھلىلنىڭ ئالدى – كەينىدىكى تەننەرخ پەرقىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تاكتىكىنىڭ قانچىلىك ئۈنۈملۈك بولغانلىقىنى ئۆلچىيەلەيدۇ.

**خۇلاسلىگەندە، ئىستراتېگىيە بىلەن تاكتىكىنىڭ پەرقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن «ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر قىلىپ، تاكتىكىلىق ھەرىكەت قىلىڭ» دېگەن قائىدىنى ئەستە تۇتۇۋېلىش ئەڭ ئاددىي ئۇسۇللاردىن بىرىدۇر.**

تۆۋەندە سىزنىڭ بۇ ئىككى ئاتالغۇنى تېخىمۇ ياخشى پەرقلەندۈرۈۋېلىشىڭىز ئۈچۈن، ئىستراتېگىيە بىلەن تاكتىكىنىڭ ئۆزئارا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىر قانچە مىسالنى كەلتۈرىمىز:

**1. ئىستراتېگىيە كەڭ دائىرىلىك ئىزدىنىش، پىلانلاش ۋە ئىچكى قىسمىدىكى ئۆيلىنىشنى ئاساس قىلىدۇ.**
بۇ بىر ئۇزاق مۇددەتلىك پىلاندۇر، ئەمما تاكتىكا قىسقا مۇددەتلىك ھەرىكەتتۇر. مەسىلەن، ئەگەر سىزنىڭ بازار ئېچىش ئىستراتېگىيەڭىز ئىجتىمائىي تاراتقۇدىكى تەسىرىڭىزنى كۈچەيتىش ۋە ئېپادىڭىزنى ياخشىلاش بولسا، ئۇ چاغدا بۇنىڭغا ماس ھالدىكى تاكتىكىڭىز «تىجارەت ئۈچۈن ئەڭ ئۈيغۇن قانالنى ۋە خېرىدارلىرىڭىز ئۈچۈن ئەڭ تەسىرلىك ئۇچۇرلارنى تاللاش» بولىدۇ. بىر تەشكىلاتتىكى ئىچكى ياكى تاشقى ئامىللارغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئىستراتېگىيە ئۆزگەرتىلىسە بولىدۇ، ئەمما ئۆزگەرتىش قارارى يەڭگىللىك بىلەن چىقىرىلماسلىقى كېرەك. تاكتىكا ئىستراتېگىيەدىكى ئۇتۇقىڭىز ئاساسىدا ئۆزگەرتىلىسە بولىدۇ. تاكتىكىنى توغرىلاش ئىستراتېگىيەنى ئۆزگەرتىشتىن كۆپ ئاسان. شۇڭا ئىستراتېگىيەلىك پىلانىڭىزنىڭ پۇختا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.

**2. ئىستراتېگىيە بىلەن تاكتىكا ئاداققى نىشانغا يېتىشتە تەڭ رول ئوينايدۇ.**
ئەگەر سىزنىڭ ئىستراتېگىيەڭىز تاغقا يامىشىش بولسا، ئىستراتېگىيەڭىزنىڭ ھالقىلىق تەركىبلىرىدىن بىرى تاغنىڭ قايسى تەرىپىدىن يامىشىشنى قارار قىلىشتۇر. ئاشۇ قېتىملىق سەپەر ئۈچۈن سېتىۋالىدىغان ئەسلىھەلىرىڭىز، سىز بىلەن بىللە تاغقا يامىشىدىغان ئادەملەر، ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېتىدىغانلىقى، تاغقا قايسى پەسىلدە يامىشىش كېرەكلىكى قاتارلىقلارغا ئالاقىدار مۇكەممەل سەپەر پىلانىڭىز... ئەنە شۇلار سىزنىڭ تاكتىكىڭىزدۇر. تاكتىكىسىز ئىستراتېگىيەنى ئىجرا قىلغىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا ئۇ سىزنىڭ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشىڭىزغا ياردەممۇ قىلالمايدۇ.

**3. ئىستراتېگىيە بىلەن تاكتىكا چوقۇم باشتىن – ئاخىر ئۆزئارا ماسلىشىشى كېرەك.**
سىز مۇئەييەن بىر پروجېكت(تاكتىكا)قا قاتتىق قىزىقىشىڭىز مۇمكىن، ئەمما پەقەت شۇ تاكتىكىغا ماس ھالدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستراتېگىيەڭىز بولغاندىلا ئاندىن ئۇشبۇ پروجېكتنى قولغا ئالسىڭىز بولىدۇ. چۈنكى، ئىستراتېگىيەڭىز تەشكىلاتىڭىزنىڭ قايسى تاكتىكىنى قوللىنىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

**4. ئەڭ ياخشى ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكا يەنىلا پۈتۈن نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ بولالمايدۇ.**
چۈنكى، پايدىلانغىلى بولىدىغان مەنبە چەكلىك بولغاچقا، توغرا ئىستراتېگىيە ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدىكى تاكتىكىنى تاللاش سىزنى كۆزلىگەن نىشانىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇل قوللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

**بۇنىڭغا يەنە بىر مىسال ئالساق، تەشكىلاتىڭىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىنسانلار قويۇپ بېرىۋاتقان كاربون مىقدارىنى ئازايتىش دەپ تۇرايلى. ئەگەر سىزنىڭ ئىستراتېگىيەڭىز مەلۇم رايوندىكى كاربون قويۇپ بېرىلىش مىقدارىنى مۇئەييەن نىسبەتتە ئازايتىش بولسا، كىشىلەرنى (سۇ ۋە قۇياش ئېلېكتىر ئېنېرگىيەلىرىگە ئوخشاش) يېڭىلىنىدىغان ئېنېرگىيە ئىشلىتىش جەھەتتە تەربىيەلەشنى نىشان قىلسىڭىز بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز تېلېۋىزور ئېلانى ئارقىلىق بازار ئېچىش تاكتىكىسىنى قوللىنىشىڭىز مۇمكىن. ئاندىن بۇ پروجېكتقا زۆرۈر بولغان مەنبەلەرنى كۆزىتىسىز ۋە ئېلان رېژىسسورى تېپىش، سىنارىيە يېزىش، سۈرەتكە ئېلىش مەيدانىنى تاللاش، ۋىدىيو تەھرىرلىكى قاتارلىق تۈرلەرنى تەكشۈرۈشكە باشلايسىز.**

ئىنگلىزچىدىن ئەنۋەر قارا قۇرۇم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

**https://www.clearpointstrategy.com/strategy-vs-tactics/**



# سۆز بوشلۇقىدىن ئالەم بوشلۇقىغا

ئادىل تۇنىياز

**1. قۇياش يورۇتقان شېئىريي تەپەككۇر**

بىز قۇياشنى كۆرگىلى ئۇزاق بولدى. بىر تال ئۇرۇق تاش-تۇپراق يېرىپ بىخ سۈرۈپ چىققاندا، ئادەمسىز چۆلدىن ياكى سۈرلۈك ئورماندىن ئۈشتۈمتۇت ئادەم چىققاندا بىز ئۇنى كۆردۇق. بىز قۇياشنى كۆردۇق. ئۇپۇقتىن قۇياش كۆتۈرۈلگەندە، سۇدىن قۇرۇقلۇقلار كۆتۈرۈلگەندە، تاغ-دېڭىزلار ئاستىدىن ۋولقان كۆتۈرۈلگەندە، ئاسمان-پەلەك بىنالار بار ھەيۋەت شەھەرلەرگە ئۈشتۈمتۇق دېڭىز-ئوكياندىن شىددەتلىك تاشقىن كۆتۈرۈلگەندە ...

بىز كۈننى كۆرگەندە كۈن ئاسمانغا قوزۇقتەك قېقىلغانىدى. قارىماققا كۈن ئايلىنىۋاتقان، ئەمما ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن ۋاقىت نورمىسى بىرىنچى كۈندىن يەتتىنچى كۈنگىچە ئىنتايىن ئىنچىكە ھېسابلاپ چىقىلغانىدى.

بىز قۇياشنى كۆرگەندە يەر شارىنىڭ دەرۋازىسى نۇر بىلەن ئەكس ساداسىز قېقىلغانىدى. بىز تاشقىرى ئۆيگە كىرگەندە، ئىچكىرى ئۆيگە كىرگەندە ئاي-يۇلتۇزلار يېقىلغانىدى.

بىزنى زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ رەڭگارەڭ قاناتلىقلار ۋە تۈرلۈك ئاياغلىقلار بېقىلغانىدى...

بىز قۇياشنى كۆردۇق، ئاپتاپ كۆرگەن شەرقتىكى سەلتەنەتلىك شەھەرلەردە، قۇياشقا ئاتاپ ئىبادەتخانىلارنى سالغان، ئاندىن بۇ توغرۇلۇق ئۆلمەس ئەپسانىلەر قالغان غەربتىكى شانۇ-شەۋكەتلىك ئەللەردە، توپ-توپ كىشىلەر سىرلىق ئۆلگەن ۋە قۇياشسىمان كۆمگەن تەكلىماكاندىكى قەبرىلەردە نىل يا ئاموزون دەريا بويىدىكى قۇياش ئويۇلغان تاشلار بەلگىلەردە، دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان بۇلۇڭلىرىدىكى ئالتاي تاغلىرىدىكىگە ئوخشاش ئەڭ قەدىمكى قىياتاش رەسىملىرىدە قۇياشنى كۆردۇق.

بىز قۇياشنى كۆرگەندە كۆرمىگەنلەر بار.

بىز قۇياشنى كۆرگەندە ئۆزلىرى ياسىغان چىراغنى كۆرگەنلەر بار.

بىز قۇياش يورۇتقان ھازىرنى كۆرگەندە، ھازىردىنمۇ يىراقنى كۆرگەنلەر بار.

بىز قۇياشنى كۆردۇق. ئۆزىگە يىڭنىچىلىكمۇ قالماي ئالەم تەنھالىقىغا قۇياشتەك چۆككەندە ئىچى يورۇپ كەتكەن ۋە ئىنسانىيەتنى يورۇتۇۋەتكەن ئۇلۇغ كىشىلەردە قۇياشنى كۆردۇق.

بىز قۇياشنى كۆرگەندە ھاياتى قۇياشنى ئۇنتۇپ قالغانلار كۈندۈزدىمۇ قاراڭغۇ قالدى.

بىز قۇياشنى ھەر كۈنى يېڭىدىن كۆرگەندە قۇياشقا ئادەتلىنىپ قالغانلار ياكى مۆجىزىگىمۇ پەرۋاسىز قارايدىغانلار مەۋجۇتلۇق نۇرىنىڭ تېشىدا قالدى. نۇر ۋە ھارارەت يول مەرى سوغۇق دۇنيادا ھاياتلىق ئېنېرگىيەسى تۈگىگەن، نىشانسىز ئايلىنىپ يۈرگەن سەييارىلەرگە ئايلىنىپ قالدى.

بىز قۇياشتىن ھەر دەقىقىدە كائىناتنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئاڭلىدۇق. بۇ يۈرەك سوقۇشىدا يورۇقلۇقنىڭ ئالەمگە تارقىلىشى، يەر شارى ۋە باشقا پىلانېتالارنىڭ قۇياش ئەتراپىدا قانۇنىيەتلىك ئايلىنىشى ۋە دېڭىز-ئوكيانلارنىڭ چايقىلىشى بار.

بۇ يۈرەك سوقۇشىدا ئىنسانلارنىڭ يېڭى شەھەرلەرنى بەرپا قىلىشى، ئازغۇن مەدەنىيەتنىڭ ئاستا-ئاستا خارابىلىشىشى سىرلىق پەرھىزلەر ۋە يېڭى تۈزۈملەرنىڭ بارلىققا كېلىشى بار.

كائىناتنىڭ بۇ يۈرەك سوقۇشىدا يەنە سەكراتتىكى ئادەمنىڭ ئاچچىق جان تالىشىشى، كارىۋاتتىكى ئەر-ئايالنىڭ ھاياجانلىق ھاسىرىشى ۋە ئەمدىلا كۆز ئاچقان جاننىڭ چوڭقۇر نەپەس ئېلىشى، نېرىپىلاردىن قىلدام تومۇرلارغىچە بەدەندىكى بارلىق ئەزالارنىڭ تەك ھەرىكەتلىنىشى بار.

بىز قۇياشتىن شۇنى ھېس قىلدۇق: ئالەم بىر رىتىمدا، يەر ئاستىدىكى ھەر نەرسە ئالەمنىڭ چەكسىز مۇھەببەت رىتىمدا. شېئىر-تۇيغۇ ئارقىلىق ئالەم رىتىمغا ئەگىشىشتۇر.

## 2. دۇنيانىڭ ئېپادىلىنىشى ۋە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ قوللىنىشى

بىر بىر دەقىقە ئىچىدىلا قۇياش نۇرى چەكسىز ئالەم بوشلۇقىدىن يېنىمىزغا يېتىپ كەلگىنىنى، ئاسمان بىلەن ئاربىلىقىمىزنىڭ شۇنچە يېقىنلىقىنى ھېس قىلدۇق. بۇ يەردە مۆجىزە يۈز بەردى. ئەي ھەر دەقىقىدىكى مۆجىزىنى كۆرۈۋاتقانلار! ئەي ئالەم بىلەن سۆزلەر ئارىسىدا قاپىيە ئىزدەۋاتقانلار! ئەي شېئىرنىڭ تىلىدا يوقلۇق بىلەن دىيالوگلىشىۋاتقانلار! شائىر دەپ جاكارلاندۇق، ھەممە نەرسە رەت-رېتى بىلەن تىزىلغان يەر بىلەن ئاسمان ئارىسىدا. بىز ئالەم شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ شائىرلىرى، جەمجەت تۇرغان شەيئىلەرنىڭ ئېقىۋاتقان تىل ئېقىمىدا، ھەرىكەتتىكى شەيئىلەرنىڭ سۆز تىمتاسلىقىدا.

بىز ئىنسانلارنىڭ كىچىك بالىسى، ھەيرانلىقتىن ئاغزىمىزنى ئېچىپ قالدۇق ئېيتقۇچىسى بولمىغان خىلمۇخىل رەڭدىكى، خىلمۇ خىل پۇراقتىكى، خىلمۇ خىل سىياقتىكى سۆزلەرنىڭ ئالدىدا، بۇ شۇنداق سۆزلەر بەزىلىرى قاناتلىق، بەزىلىرى ئاياغلىق، بەزىلىرى يول بويىدا قاتار-قاتار توختىغان يېشىل ھاسا تاياقلىق. مەيلى قانداق سۈپەتتە بولسۇن بىز بارلىقنى بىر دەپ بىلىمىز. تىلىمىز ئۇنى كۆرسىتىدۇ، دەرەخ ئۇچى ئاسماننى كۆرسەتكەندە، قۇياش زېمىننى كۆرسەتكەندە، كەبىنى تاۋاپ قىلىۋاتقانلارنىڭ قەلبى تاشتىن باشقىنى كۆرسەتكەندەك، ئاخىر بارچە مەۋجۇتلۇق ئۆزىدىن ئۆزگىنى كۆرسەتكەندەك، دۇنيا بىزگە كۆرسىتىلدى.

بىز پەقەتلا تىل بەلگىسى ئارقىلىق كۆرسىتىمىز سۆزلىگۈچى بىلەن سۆزلەنگۈچى ئارىسىدا رېئاللاشقان، تۇيغۇلاشقان، نۇر تېزلىكىدە بىر-بىرىگە يېقىنلاشقان چەكسىز بىر مەنىنى.

دۇنيا بىزگە نۇر بىلەن كۆرسىتىلدى، ئىچىدىن ماددىنىڭ ئۆزىنى تەشكىل قىلغۇچى نۇر چىقىرىپ تۇرغان ئەڭ كىچىك ئېلېكترون زەررىچىلىرى بىلەن سىرتىدىن ئەڭ زور تۇرغۇن يۇلتۇز – قۇياش بىلەن؛ بىز كۆرسىتىلگەننى كۆرسەتكۈچى، ئالەم رىتىمغا تەڭكەش ھەرىكەتچان تىل بىلەن، تۇيغۇغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغان يۇمشاق، سۈيۈق ياكى قاتتىق تىل بىلەن.

بۇ جەريان شېئىردۇر. مۇكەممەل بىر شېئىر بىز كۆرەلمەيدىغان كۆرسەتكۈچنى كۆرسىتىدۇ. دۇنيا ئارقىلىق ئىشارە قىلغۇچىنى «مەنە ئاشۇ» دەپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش مۇمكىن بولمايدىغاننى

كۆرسىتىشتۇر.

ھەر دەقىقىدە ئالەمنىڭ ئۆزىگە نەزەر تاشلاۋاتقانلىقىنى سەزگەن سەگەك شائىر بارلىقنى مىستىك تۇيغۇدا كۆزىتىدۇ. ئۆز بارلىقىدىن كۆز كۆرمەيدىغان يوقنى سۆز ئەينىكىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. توپىغا ئالەم تىلىدا جان بەخش ئېتىلىدۇ، ھەر شەيئىنى ئىنسان تىلىدا سۆزلىتىدۇ. يوق ئىدۇق، بار بولدۇق، جانلاندۇرۇلدۇق. بۇ نېمىدېگەن قالتىس ماھارەت!

ئەي ئالەم شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ شائىرلىرى، بىز ئۇنىڭدىن ئىستىلىستىكا ئۆگىنەيلى. قارائىلار! دۇنيانى بىزگە كۆرسەتتى، ئىشارە بىلەن، ۋاستە بىلەن، ھەر نەرسىنى باشقا نەرسە بىلەن؛ بارلىقنى بىر مەنە بىلەن، بىر مەنىنى چەكسىز شەكىللەر بىلەن ئەمدى بىز سىمۋول ئورمىنىغا كىرىپ قالدۇق، ھېچ نەرسە ئۇنىڭ ئۆزى ئەمەس، قۇياش بۈيۈك كۆرۈندى، لېكىن قۇياشنى كۆرسەتكۈچىنى كۆرمىدۇق. بىز بۇ ئۇلۇغۋار سىمۋولىنى، شۇنداقلا تۇيغۇ دەقىقىلىرىدىكى مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ئۆزگىرىشچان سىمۋوللارنى تاللىۋالايلى.

ئوخشىغۇچى كۆز ئالدىمىزدا ئوچۇق تۇرغان، ئوخشالغۇچى بىزدىن ئۆزىنى يوشۇرغان، شېئىرىمىزدا ئاشۇ چەكسىز ئوخشىتىشلارنى تېپىپ چىقايلى.

مەنە يالغۇز بىر، لېكىن ئۇ ھەر خىل شەيئىلەرنىڭ بىر-بىرىگە باغلىنىشى بىلەن كۆرسىتىلدى. ئۇنداقتا بىزمۇ سۆزلەرنىڭ چەكسىز مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئاشۇ مەنىنى ئىپادىلەيلى. بىر سۆزنىڭ كەينىدە كېلىدىغان سۆز گىراماتىكا ئادىتى بويىچە بىز بىلىدىغان سۆز ئەمەس، تۇيغۇدا يېڭىدىن بىرىكىپ كېلىدىغان سۆز بولسۇن. بىر يەردە كەلگەن يىراق ئىككى سۆز بىلەن سۆز بوشلۇقىدىن ئالەم بوشلۇقىغا كېڭەيمىز.

بىر ئىسمىنىڭ سۈپىتى بىلەن خالىغان باشقا بىر ئىسمىنى سۈپەتلەيلى. چۈنكى بىز دۇنيانى خىلمۇ خىل سۈپەتتە كۆردۇق-يۇ، سۈپەتلىگۈچىنىڭ قايسى سۈپەتتىلىكىنى بىلمەيمىز. سۈپىتى ھەددى-ھېسابسىز بىر سۆز بىلەن ياكى سۆزنىڭ چەكسىز سۈپەتلىرى بىلەن دۇنيانى سۈپەتلىگۈچىگە – شېئىرنىڭ مەنىسىگە يېقىنلايمىز.

بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز، تىلنىڭ ۋە تىلىمىزدىكى ھەر بىر سۆزنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئالەم رىتىمىدىن كەلگەن. ئەي ئالەم شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ شائىرلىرى! تۇيغۇنى بويلاپ ئالەم رىتىمىغا ئەگىشىڭلار، قاپىيەگە ئەگىشىڭلار. شۇندىلا مەۋجۇتلۇقتىكى دەقىقىلەر مەڭگۈلۈككە تۇتىشىدۇ. بىر مىللەتنىڭ تىلى شېئىر ئارقىلىق دەقىقە ئىچىدىكى ئالەمنىڭ تىلىغا ئايلىنىدۇ.

ئەي ئۇيغۇر شائىرلىرى! تىلىمىزدا ئۈچ زاماننى ئىپادىلەۋاتقان پېئىلنىڭ يۆنىلىشىگە قارائىلار: گويا بىر بۈيرۇق پېئىل چەكسىز ھەرىكەتكە ئۆتكەن كائىناتقا ئوخشاش تىلىمىزدىكى تاۋۇشلار پىلانېتالاردەك ھەرىكەتتە، سۆز بىپايان ئۆز بوشلۇقىدا ياتقان، زامانلار ئويلىنىۋاتقان، مەنە ئۇنىڭدىن ھالقىۋاتقان، بىز كائىناتنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندا نۇر بىلەن قاراڭغۇلۇق، كېچە بىلەن كۈندۈز، بار بىلەن يوق بىر يەردە ئەمەس، لېكىن ئۇلار بىر پېئىلدا بىر مەنە ئۈچۈن قوشۇلغان قارىمۇ قارشى ئىككى سۆزدە، بىرىنىڭ باشلىنىشى بىرىنىڭ ئاخىرلىشىشى بولغان ئىككى مىسرا ئارىسىدىكى دولقۇنسىمان ماسلىقتا.

شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسى مۇشۇنداق چەكسىزلىككە ئىگە بولسۇن، بۇ ئىنكار ئەمەس تەپەككۇرنىڭ ئوخشاشمىغان شەكىلدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى، ئوخشاش مەنىنىڭ قارىمۇ-قارشى جەرياندىكى بىر گەۋدىسى، ئالەم ئېڭىنىڭ شېئىردا ئەكس ئېتىشى.

پەرۋاز قىلدى بىر ئادەم
ئاسمان يوق يەرگە.
ئېقىپ كەتتى بىر ئادەم
تېگى يوق كۆلگەن.
كىرىپ قالدى بىر ئادەم
ئادەمسىز شەھەرگە.
«مازار يۆتكەش» ناملىق داستانىمدىن

ئالەم شېئىرىيەت ئېقىمى ئەمەلىيەتتە مىستىك تۇيغۇغا ئىگە شائىرنىڭ ئالەم قارىشى. خۇددى كىچىك بالىدەك ھەممە نەرسە يېڭى تۇيۇلۇپ، ھەممە نەرسىگە ھەيران بولۇپ قارىشى، مەنە بىلەن مۆكىمۆكىلەك ئوينىشى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئويناۋاتقىنى تىل، ئۇنىڭ قايتا تىزىپ چىققىنى تىل دۇنياسى. ئەينەك ئالدىدىكى بۇ بالا ئويۇننى ئويىنىغانسېرى سەگەكلىشىپ كەتتى. ئويۇننىڭ ئەسلىدە بىر قائىدىسى بارلىقىنى، ھەممە نەرسىنىڭ مۇكەممەل بىر تەرتىپ بويىچە تىزىلغانلىقىنى ۋە مەنىسى بارلىقىنى سېزىپ قالدى. بارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ ئىشلەتكۈچى بىرسىنىڭ ئالەم بوشلۇقىدىن ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى ئۇشتۇمتۇت تۇيۇپ قالدى

.

### 3. ئادەمنى ئىزدەش ۋە ئالەمدىكى ئادەم

تىل مەۋجۇتلۇقىنىڭ شولىسى، شائىر شولىدىن دۇنيانى ئىزدىگۈچى، ئالەم ئەينىكىگە شولا تاشلىغۇچىنى، مەۋجۇتلۇقىدا دۇنيانىڭ ئۇچىنى ئىزدىگۈچى. شائىر شېئىرلىرى ئارقىلىق ئىنسانىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىششىنى، ئادەم ئاتىنى ۋە ئۆزىنىڭ قوۋم-قېرىنداشلىرىنى، يىتكەن قەدىمكى شەھەرلەر ۋە ئۆچكەن مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن ئۆزىنى ئىزدەۋاتاتتى. يەر شارىدا ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن، ئىنسانلار ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن كەڭ كۆلەملىك بالايىئاپەتلەرنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئىنسانلار تارىخىدىكى گۈللەنگەن مەدەنىيەتلەرنى ھالاكەت يولىغا باشلىغان ئازغۇنلۇق قايسى؟ ئاسمان جىسىملىرى بىلەن ئىنسانلارنىڭ بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوقمۇ؟ يۇلتۇزلارغىمۇ خۇددى ئۆز ئائىلە ئەزالىرىدەك ئىسىم قويغان، ئۇلارغا ئاتاپ ئىبادەتخانىلارنى سالغان، سىرلىق شەكىلدىكى قۇرۇلۇشلارنى بىنا قىلغان، كالېندارلارنى تۈزگەن، ھەتتا بۈنىڭدىن ئالتە ئەسىر ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاسترونوم پادىشاھ ئۇلۇغبەگنىڭ دۆلەت خەزىنىسىدىن نۇرغۇن خىراجەت چىقىرىپ كاتتا رەسەتخانا سالدۇرغىنىدەك بۇ ئىشلار بىزگە ئوخشاش پۇل ئۇچۇن باش كۆتۈرمەي ئىشلەۋاتقان يىراق ئاسمان جىسىملىرىغا ئەمەس، يېقىن ئەتراپتىكى ئادەملەرگىمۇ تۈزۈك ۋاقتى چىقمايۋاتقان ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك ۋە ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشقا ئارىلاشقانلىقىمۇ؟

مانا شۇنداق سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەش ئۇچۇن تەتقىقاتچىلار يېرتىلغان قول يازمىلارنى، قىيا تاشقا ئويۇلغان بەلگىلەرنى، ئادەمنىڭ ئىزىغا ئوخشايدىغان تاش قاتمىلارنى لوپا ئەينەكتە كۆزەتمەكتە. كونا قەبرىستانلىقلاردىن ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ كاللىسىنى قېزىۋېلىپ موزېيلاردا كۆتۈرۈپ يۈرمەكتە. قايسىدۇر بىر ئارالدىكى ئەڭ ئاخىرقى قەبىلە ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇشىنى يوقىلىپ كېتىشتىن بۇرۇن سىنئالغۇغا ئېلىۋېلىش ئۇچۇن پالاقلاپ يۈرمەكتە ياكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى خاتىرىلەپ قويۇش ئۇچۇن ئانام سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا تاۋۇشلىرىنى تەكشۈرمەكتە. يەنى ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاشۇ ئىلغار ئىنسانلار زېمىننىڭ ئوخشاشمىغان جايلىرىدا ئۆزىنى ئىزدىمەكتە. قاراڭلار، تۆگىگە مىنىپ تۆگە ئىزدىگۈچىگە!

ئادەملەر ئالەم كىتابىغا – روھ خەرىتىسىگە قارىمىغاندا زامانلار ئارا ئېزىپ كەتتى، بىراق زېمىندىن يىتۈپ كەتكىنى يوق. تاپتىن چىققان مەدەنىيەت ۋە ئازغۇن شەھەرلەر گۇمران بولۇپ تۇردى، لېكىن يەر يۈزىدە ئادەم ئايىغى ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق. ئادەملەر تەبئىي ئىقتىدارىنى توختىماستىن قېزىپ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىپ كەلدى، لېكىن ئادەم ئاتىدىن باشلاپ ئىنسان تەبىئىتى ئۆزگەرگىنى يوق.

ئەركىنلىك، چەكلىنىش ۋە ۋەھىمە ئادەم بىلەن ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈلمەس ئەكس سادا.

ئەركىنلىك، چەكلىنىش ۋە ۋەھىمە ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى ئىگىلەپ، مەۋجۇتلۇقنى بەلگىلەپ كەلگەن

يوقالماس تۇيغۇ.

ئەركىنلىك، چەكلىنىش ۋە ۋەھىمە ئىنسانلارغا زامانىنىڭ يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان روھىي بەلگە.

ئەركىنلىك تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ چەكسىز ھاياتقا ئېرىشىش، ئەۋلاد قالدۇرۇپ ئۆلمەس ئادەمگە ئايلىنىش ئارزۇسىدۇر. بۇ ئارزۇ ئادەم ئاتىنى جەننەتتىن چىقاردى. مەۋجۇتلۇقنىڭ سىرلىپ پەردىسى ئىچىدىكى ئادەمنى، كېچىدىكى ئادەمنى ئوچۇق دۇنياغا يالىڭاچ چىقىرىپ قويدى. بىر سان-ساناقسىز بىرگە ئايلاندى. ئادەم مەندىن ئايرىلدى. ئادەم ئالەم بىرلىكىدىن ئايرىلىپ ئۆزىنى ئىزدەشكە باشلىدى، يالغۇزلۇقتا ئۆزىگە-ئۆزى ئارتۇق كەلگەن ئەر مەۋجۇتلۇقتىكى كەملىكنى توشقۇزالمايۋاتقان ئايالنى ئىزدەشكە باشلىدى.

ئالەم ئېقىمىدىكى شائىر ھاياجان بۇلدۇقلاپ تۇرغان سۆزلەردىكى زامان ئارقىلىق زامانىنىڭ باش ئېقىمىغا ئاقىدۇ. ئادەمگە كۆز يۇمماي ئادەمنىڭ جەننەتتىكى ئىنتايىن قىسقا ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك دەقىقىلىرىنى ئەسلىتىدىغان مەڭگۈ ياشاش ھەۋىسىنى سۆز ئارقىلىق ئۇزارتىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلۈمنىڭ ئاخىرىدا لەززەتلىك دەقىقىلەرنى مەڭگۈلۈك قىلغۇچىغا مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ.

ئالەم بوشلۇقى ئادەمنى چەكلەپ تۇرىدۇ. ھەر نەپەستە ئىنسانىنىڭ ھايات-ماماتىنى بەلگىلىگۈچى ھاۋانىڭ ئىنتايىن ئىنچىكە ھېسابلانغان تەركىب مىقدارلىرىدىن باشلاپ، يەر شارى ۋە باشقا پلانېتالارنىڭ ھەرىكىتىدىكى مۇتلەق ۋە مۇقەررەر تەرتىپ-تۈزۈملەر بىزگە قىل سىغماس بىر ھەقىقەتنى – مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ چەك ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ تۇرىدۇ.

ئالەم ئىرادىسى بويىچە ئادەمنىڭ چەكسىز ھايات ھەۋىسىنى چەكلىگۈچى ئەخلاق تۈنجى قېتىم زېمىندا بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ ئىنسانىنىڭ باشباشتاقلىقىنى چەكلەپ تۇرىدىغان ھازىرقى مۇكەممەل دۆلەت قانۇنلىرى تىكلەنگىچە ئىنسان چەكلىمىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن توختىماي جازالانماقتا. ئەگەر ئىنساندا ئۆز-ئۆزىنى چەكلەيدىغان دىنىي ئاڭ، يەنى گۇناھكارلىق تۇيغۇ يوقالسا، ئىنسانىيەت ئۆز-ئۆزىنى جازالاش ئورنىغا چەكسىز ئەركىنلىك يولىغا ماڭسا، ئاقىۋەت قانداق بولماقچى؟ ئېنىقكى بۇ زور قالايمىقانچىلىققا – ئىنسانلار جەمئىيىتىدىلا ئەمەس، ئالەم بوشلۇقىدىمۇ زور قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىشقا، ئىنسانىيەتنىڭ كۈنى ئاخىرلىشىشقا سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى كائىنات ئىنسانىيەت ھاياتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. كائىنات – ئىنسانىيەتنىڭ ۋاقىتنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان، غايەت زور زاپچاسلارنىڭ بىر-بىرىگە ماس ھەرىكىتىدە رىتىم بىلەن كېتىۋاتقان، خاتالىق پەرقى نۆل بولغان مۇكەممەل قۇياش سائىتى. ئەگەر ئىنسانلار چەكسىز ھايات ۋەھىسىنى چەكلىمىسە ياكى بارا-بارا ئالەم ئىرادىسىگە قارشى يۆنىلىشكە ماڭسا، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ رىتىمى قالايمىقانلىشىدۇ؛ ئالەم سائىتى بۇزۇلىدۇ، ئىنسانلارنىڭ كۈنى تۈگەيدۇ.

قۇياش چەمبەرسىمان، چەمبەرنىڭ ئايلانمىسى 360 گىرادۇس، يەر شارىنىڭ قۇياشنى تولۇق بىر ئايلىنىشى 360 كۈن، ھازىرقى بىر يىل 365 كۈن، ئۇنىڭدىن بەش كۈن ئارتۇق. دېمەك ئادەملەر ئالەم سائىتىنى بەش قېتىم بۇزۇپ قويغان. يەر شارى بەش قېتىم ئايلىنىشتىن توختىغان، ئىنسانلارنىڭ كۈنى بەش قېتىم تۈگەپ قايتا باشلانغان. ئىنسانلار توپىنىڭ ھەر قېتىملىق كوللېكتىپ باشباشتاقلىقىنىڭ نەتىجىسى ئالەم رىتىمىنىڭ بۇزۇلۇشىغا، يەر شارىدا ئۇشتۇمتۇت زور بالايىئاپەتلەر يۈز بېرىپ ئادەمزات نەسلىنىڭ قۇرۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىشىغا سەۋەب بولغان. ئومۇمىيۈزلۈك تاپىتىن چىقىشنىڭ دەھشەتلىك ئاقىۋىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەرنىڭ قەلبىدە غايەت زور ۋەھىمە قالغان، دىنىي ئاڭ ۋە قاتتىق بەلگىلىمىلەر بىلەن ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «سۈتتىن ئاغزى كۆيگەن قېتىقنى پۈۋلەپ ئىچىپتۇ»، «قورققانغا قوش كۆرۈنەر»، «يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماپتۇ» دېگەن ماقال-تەمسىللىرى ئىنسانىيەتنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىغا يوشۇرۇنغان ۋەھىمە پسىخىكىسىنى تولىمۇ جايىدا ئىپادىلەپ بەرگەن.

بارلىق ۋەھىمىنىڭ يىلتىزى – ئۆلۈم ۋە ئالەم بوشلۇقىدىن كەلگەن. شۇڭا بىر شەخسكە نىسبەتەن قورقۇش تۇغما، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا ئۇ ئىنسان تۇغۇلۇش بىلەن تەڭ تۇغۇلغان ئۆلۈم ۋەھىمىسىدۇر. ئەقلىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۆلۈمنىڭ ئاساسى يوق، ئورنى يوق، ئىنسان تۈزگەن كۈنتەرتىپتە، پىلاندا يوق. لېكىن ئىنسان ئۈچۈن ۋاقتى كەلگەندە ھەر قانداق شەيئى ئۆلۈمنىڭ سەۋەبى. ئىنسان سىرلىق بىر قاپىيەگە چۈشكەندەك، ئۆلۈم ئۇشتۇمتۇت ئاسماندىن چۈشكەندەك. ئۆلۈم ئىنسانغا نىسبەتەن مەۋجۇتلۇقنى ئەقىل

بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولمايدىغان بۈيۈك ئالەمنىڭ ھەقىقىتى. شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىي ئاڭ – ھالاكەتنى باشتىن كەچۈرگەن، روھىي تەجرىبىگە باي قەدىمكى مىللەتلەر يەر يۈزىدە كۆتۈرۈپ يۈرگەن خەتەردىن ساقلىنىش كۈنلۈكى، ئىنسانىيەتنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە، ھاياتلىقنىڭ كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسئۇلىيەتچان كىشىلەر توپىنىڭ ئالەم ئىڭى، بىراق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئۆزى چەكلەش سەۋەبى ئۇنتۇلۇپ ئۇنىڭدىن قالغان قەدىمكى پەرھىزلەر، ئادەت تۈسىنى ئالغان سىرلىق بەلگىلەر ۋە ئىنتايىن قاتتىق بەلگىلىمىلەر بارا-بارا شەكلىگە ئايلىنىپ قالدۇ. ئىنسانلار قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن جازالانغان قورقۇنچلۇق ۋەقەلەر ئۇنتۇلۇپ ياكى قەدىمكى ئەپسانىلەردەك تۇيۇلۇپ، يەر يۈزىدە يېڭىدىن غەپلەت باسقان كىشىلەر توپى قالدۇ. سىرلىق كوللېكتىپ ۋەھىمە يۇيۇلۇپ، يوشۇرۇن ئاڭدا پەقەت ئۆلۈم ۋەھىمىسى ۋە ئۆلۈمگە قارشى چەكسىز ھايات ھەۋىسى، يەنى شەھۋەتلا قالدۇ.

ھاياتىمىز ئاسمان-زېمىن ئارىسىدىكى ھەر نەرسە تەڭكەش قىلىۋاتقان مۇقەددەس مۇزىكا، ئەي، ئىنسانى-يەت! دېرىژورلۇق تايىقى بىزنىڭ قولىمىزدا، ئالەم رىتىمىغا جور بولۇپ ئاستا چالساقمۇ مەيلى، ئەمما ھاياتلىق مەرغۇلىنى ئالدىراش-سالدىراش ماتەم مۇزىكىسىغا ئۆزگەرتمەيلى. ئېغىر ۋە زېمىنىمىز قىيسايغان يەر شارىدا كائىنات ساقلاپ كېلىۋاتقان قىل سىغماس تەڭپۇڭلۇق، ئالەم تارازىسىنىڭ تەڭكىشى بىز. ئەي ئىنسانلار! چەكسىز ھايات ئىڭىمىز ئالەم تەڭپۇڭلۇقىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى بۈيۈك ئىدىيەلەرنى بېسىپ كەتمىسۇن!


ئەي ھازىرقى ئېقىمدا لەيلەپ يۈرگەن دۇنيا شائىرلىرى! شانۇ-شەۋكەتلىك قەدىمكى دەۋرلەردە شائىرلىق تاجى كىيگەن ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئاغزىدىن تۆكۈلگەن دۇر-گۆھەرلەر پۈتمەس-تۈگىمەس ئىلاھ قەسىدىلىرى ۋە ئالەم ھېكمەتلىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ تىلىدا تارىخنىڭ قاراڭغۇ پەردىلىرى ئېچىلغان، ئەتىكى قۇياشنىڭ شولىلىرى چېچىلغانىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈندە كۆزىمىز كۆرۈنگەندىن ئۆزگىنى كۆرەلمەيدىغان، سۆزىمىز بىر دەۋردىكىلەرگىمۇ ئاران ئاڭلىنىپ يۈكسەكلەرگە ئۆرلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالدىمۇ؟!


ئەي ھازىرقى زامان شائىرلىرى! ئاراڭلاردىن بىر ياۋا شائىر 11-ئەسىردىكى بوۋىسى ئەھمەد يەسەۋىنىڭ تىلىدا سۆزلەرنىڭ كۆلا جەندىسىنى كىيىپ شېئىرىيەت سەھنىسىگە چىقسا، 15-ئەسىردىكى ئۇيغۇر باخشىسىنىڭ ئوغلى شائىر نەۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ گۈزەل تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن ئالەم خىيالىنى قىلسا ئۇلارغا ئورۇن بېرەرسىلەرمۇ؟ ياق، ياق، ئۇلارنىڭ ئورنى بۇ يەردە ئەمەس. ئۇلار ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەر بىر سۆزنى بىر يۇلتۇز دەپ بىلىپ، مىسرالارنى يول قىلىپ ساماغا مېڭىپ كەتتى. ئۇلار ئادەملەرنىڭ ئەخلاقى، ھەرىكىتى، ئىدىيەسى ۋە تۇرمۇشتىكى ۋاز كېچىش ئالدىدا تۇرغان ھەر بىر نەرسىسىنى ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىشلىق دەپ قارىدى. ئۇلار كائىناتنى مۇھەببەت ئەۋجىدىكى بىر پۈتۈن گەۋدە، ئاسمان جىسمى بىلەن ئىنسان جىسمى تاشقى ئەزا ۋە ئىچكى ئەزالاردۇر. ئادەم ئۆز ھەرىكىتى بىلەن تاشقى ئەزالارنىڭ ھەرىكىتىنى بەلگىلىگۈچى ئالەمنىڭ ئىچكى ئەزاسىدۇر دېدى. ئۇلار بۇنى شېئىر بىلەن دېدى. بىر-بىرىدىن جۇلالىق ۋە يۇلتۇزدەك كۆپ شېئىرلىرى بىلەن دېدى...


مەن بارچە شائىرلارغا شېئىرلىرىم بىلەن شۇنداق خىتاب قىلىمەن: ئەي سەزگۈ گۈلىستانىنىڭ تىل بۇلبۇللىرى! دۇنيا شېئىرىيىتى بۇرۇلۇش نۇقتىسىغا كەلدى، ئالەم شېئىرىيەت ئېقىمى دۇنياغا كەلدى، شېئىرنىڭ ئەڭ يېڭى قەدەملىرى قەدىمىگە قايتىپ كەلدى!


**2012-يىلى سېنتەبىر، ئۈرۈمچى**


«ئۇيغۇرلار ژۇرنىلى تەھرىراتى» تەييارلىدى




**بىلەكسپېرگ ئىسلامىي ئۇچۇر ۋە مائارىپ مەركىزىنىڭ خەۋىرى**

تۆتىنچى جىلد 4 – نومۇر، مىلادى 1995 – يىلى ئاۋغۇست، ھىجرىيە 1416 – يىلنىڭ سەپەر ئېيى

**مۇسۇلمانلار ئەمەسلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى باھالىرى**

**جورجى بېرنارد شاۋ (George Bernard Shaw):**

«ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش بىر ئىنسان زامانىۋى دۇنياغا ھۆكۈمدارلىق قىلسا، چوقۇم دۇنيانىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، ئۇنىڭغا پەۋقۇلئاددە زۆرۈر بولغان تىنچلىق ۋە سائادەتنى ئېلىپ كەلگەن بولاتتى».

**رېۋ بوسۋورس سمىس (Rev. R. Bosworth-Smith):**

«ھەم ھاكىمىيەتنىڭ، ھەم ئىبادەتخانىنىڭ رەھبىرى بولۇش جەھەتتە ئۇ قەيسەر (Caesar) بىلەن پاپانىڭ بىرلەشمىسىگە ئوخشايدۇ. ئۇ دىنىي رەھبەر – يۇ، ئەمما پاپادەك كۆرەڭ ئەمەس؛ ئۇ يەنە دۆلەت ھۆكۈمدارى – يۇ، ئەمما قەيسەردەك مەخسۇس قوشۇنغا، قوغدىغۇچىغا، ساقچىلارغا، مۇقىم كىرىمگە ئېھتىياجى يوق. ئەگەر بىر ئادەم «مەن ھەقىقىي ئىلاھىي ۋەھىي بويىچە ئىش قىلىمەن» دېيىشكە ھەقلىق بولسا، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. چۈنكى، ئۇ ھېچبىر قوللاش يوق ھالەتتە، پۈتۈن ئىمكانىغا ئىگە بولغان (شۇڭا بۇنى ئاللاھ ئاتا قىلغان دېيىشتىن باشقا چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس). ئۇ ھۆكۈمدارلىق لىباسلىرىغا ئېتىبار بېرىپ كەتمەيتتى، ئۇنىڭ ئاممىۋى ھاياتى شەخسىي ھاياتىغا ئوخشاشلا ئاددىي – ساددا ئىدى».

**دىۋان چاند شارما (Diwan Chand Sharma)نىڭ «شەرق پەيغەمبىرى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 122 – بېتى:**

«مۇھەممەد ياخشىلىقنىڭ روھىدۇر، شۇنداقلا ئۇنىڭ تەسىرى ساقلىنىپ قالدى ۋە ئەتراپىدىكىلەرنى تەرىپىدىن مەڭگۇ ئۇنتۇلمايدۇ».

**جون ۋىلىيام دراپېر (John William Draper) «ياۋروپانىڭ ئەقلىي تەرەققىيات تارىخى»، لوندون، 1875 – يىل نەشرى، 1- جىلد 329 ~ 330 – بەت:**

«ئىنسانىيەت تارىخىغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن شەخس - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (شەرقىي رىم ئىمپېراتورى) جاستىنىيانىنىڭ ئۆلۈمىدىن تۆت يىل كېيىن، يەنى مىلادى 569 – يىلى ئەرەبىستاندىكى مەككىدە تۇغۇلغان...».

**جون ئاۋستىن (John Austin)نىڭ «كەسپىل ھەپتىلىكى»نىڭ 1927 – يىلى 9 – ئاينىڭ 24 – كۈندىكى سانىغا بېسىلغان «ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد» دېگەن ماقالىسىدىن:**

«ئۇ قولىدا دۇنيانى زىلزىلىگە سېلىش ئالدىدا تۇرغان تۇتقۇنى تۇتقان ھالدا، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مەدىنىنىڭ ھەم مەنىۋى، ھەم نامدىكى، ھەم ئەمەلىي ھۆكۈمدارىغا ئايلاندى».

**لامارتىن (Lamartine) «تۈركىيە تارىخى» [1854 – يىلدىكى پارىژ باسمىسى، 11 – جىلد، 276 ~ 277 - بەتلەر] دا شۇنداق دېگەن:**

«ناتىق، پەيغەمبەر، قانۇن تۈزگۈچى، جەڭچى، ئىدىيەلەرنى بويسۇندۇرغۇچى، ساپ دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى، بىرەر پارچە رەسمىي يوق تۇرۇپمۇ ئۇلۇغلىنىدىغان داھىي؛ يىگىرمە ئىمپېرىيەنىڭ ۋە بىر مەنىۋى ئىمپېرىيەنىڭ ئاساسچىسى... بۇ كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. ئىنسانىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئۆلچەشكە بولىدىغان ھەرقانداق بىر ئۆلچەمگە كۆرە، شۇنداق سورايمىزكى، ئەجىبا دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ ئادەم بارمۇ؟»

**ئەننى بېسانت (Annie Besant) «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە ئۆگۈتلىرى» دېگەن ئەسىرىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە شۇنداق دەيدۇ:**

«بۇ ئۇلۇغ ئەرەب پەيغەمبەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نىڭ ھاياتى ۋە خاراكتېرىنى ئۆگەنگەن، ئۇنىڭ كىشىلەرگە قانداق ئۆگۈت بەرگەنلىكىدىن ۋە قانداق ياشىغانلىقىدىن خەۋەردار بولغان ھەرقانداق كىشىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى بولغان بۇ پەيغەمبەرگە ھۆرمەت نەزىرىدە قارىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. مەن سىلەرگە ئېيتماقچى بولغان نۇرغۇن گەپلەر كۆپىنچە كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولۇشى مۇمكىن، لېكىن مەن ھەرقېتىم ئۇلارنى قايتا ئوقۇغىنىمدا، بۇ ئەرەب ئۇستازغا بولغان قايىللىقىم ۋە ھۆرمىتىم قايتىدىن كۈچىيىدۇ».

**(دۇنيادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق، ئىلمىيلىقى ئەڭ كۈچلۈك قامۇس دەپ قارىلىدىغان) «برىتانىيە قامۇسى» (Encyclopedia Britannica):**

«مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بارلىق پەيغەمبەرلەر ۋە دىنىي زاتلار ئارىسىدىكى ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىدۇر».

**جورجى بېرنارد شاۋ «ھەقىقىي ئىسلام» دېگەن ئەسىرىدە:**

«مەن بۇ قالتىس ئادەم (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى تەتقىق قىلدىم، مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ ھەرگىز (قارىلىغۇچىلارنىڭ تۆھمەتىدىكىدەك) <ئىيسا دۈشمىنى> بولماستىن، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ قۇتقۇزغۇچىسىدۇر».

**بوس ۋورس سمىس «مۇھەممەد ۋە مۇھەممەدچىلىك 1946»:**

«مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تارىختىكى مىسلى يوق ئۆرنەك سۈپىتىدە، بىر ئۇممەت، بىر ئېمپېرىيە ۋە بىر دىنىنىڭ ئاساسچىسىدۇر».

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

# مىللىي ئارمىيەگە دائىر قىسمەن مەلۇماتلار



غالىب ئېلى

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمەت مىنىستىرلار كابىنىتىنىڭ 1945- يىلى 5 - يانۋاردىكى 4 - قېتىملىق يىغىنىدا چىقىرىلغان ئىنقىلابنىڭ مېۋىسىنى قوغداش ۋە تىنچلىقنى ساقلاش ئۈچۈن ھەر مىللەت خەلقلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇش قارارىغا ئاساسەن، سوۋېت ھەربىي مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ بىۋاستە ياردىمى بىلەن ئىلى ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئاساسلىق ئۈچ پارتىزانلار ئەترىتى، يەنى فاتىخ مۇسلىموۋ قوماندانلىقىدىكى نىلقا پارتىزانلار ئەترىتى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ۋە ئالىكساندروۋ باشچىلىقىدىكى سوۋېتتە تەشكىللىنىپ، بىر مەزگىل ھەربىي مەشغۇلات قىلغاندىن كېيىن غۇلجىغا يوشۇرۇن كىرگەن پارتىزانلار ئەترىتى، لىسكىن ۋە موگۇنتوۋ باشچىلىقىدىكى ئاساسلىقى رۇسلاردىن تەشكىل قىلىنغان لوسگۇك پارتىزانلار ئەترىتى، ئىسھاقبېك مونونوۋنىڭ پارتىزانلار ئەترىتى ۋە باشقا پارتىزان ئەترەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن 1945- يىل 8 - ئاپرىل كۈنى غۇلجىدا تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ قوراللىق كۈچى – مىللىي ئارمىيە قۇرۇلدۇ. ھەمدە ھەيۋەتلىك ھەربىي پارات بولدۇ. ئېلىخان تۆرە، ئىۋان ياكوۋلىۋىچ پالىنوۋ ۋە زۇنۇن تېيىپوۋلار ئايرىم – ئايرىم ھالدا مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالىي قوماندانى، باش ۋە مۇئاۋىن قوماندانى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ.

**مىللىي ئارمىيەنىڭ ھەربىي تۈزۈلمىسى**

**(سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ تۈزۈلمىسى ئاساس قىلىنغان)**

**باش شتاب**

**قوراللىق قىسىملار**

ئاتقۇچى پولك: ئىككى ئاتقۇچى باتالىيون، بىر ئاتلىق دىۋىزىيون
باتالىيون: ئۈچ روتا
روتا: تۆت ئىزۋوت، ئىزۋوت: تۆت ئەدىلىنىيە
ئاتقۇچى پولك ئەسكەر سانى بىر مىڭ بەش يۈز نەپەر
بىر روتا ئەسكەر سانى بىر يۈز ئەللىك نەپەر
ئاتلىق پولك: ئەسكەر سانى بىر مىڭ نەپەر
مۇستەقىل ئاتلىق دىۋىزىيون ئەسكەر سانى بەش يۈز نەپەر
(ھەربىر پولكتا بىر پولك كوماندىرى، بىر مۇئاۋىن پولك كوماندىرى، بىر سىياسىي كومىسسار،بىر شتاب ناچالنىكى تەيىنلەنگەن. مىللىي ئارمىيەدە بىر باشلىقلىق تۈزۈم ئىجرا قىلىنىدۇ).

**مىللىي ئارمىيەنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى**
**(1945- يىلى 8- ئاپرېل)**
**مىللىي ئارمىيە باش شتابى**
ئالىي قوماندان: ئېلىخان تۆرە
باش قوماندان: گېنېرال لېيتېنانت ئىۋان ياكوۋلىۋىچ پالىنوۋ
مۇئاۋىن باش قوماندان: پولكوۋنىك زۇنۇن تېيىپوۋ
كومىسسار (سىياسىي مۇئاۋىن قوماندان) : پولكوۋنىك ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوۋ
شتاب ناچالنىكى (باشلىقى): گېنېرال مايور ۋارشانوۋ مىخايلوۋىچ ماژاروۋ
ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈم مۇدىرى: پولكوۋنىك پەخرىدىن رەسۇلوۋ
سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى: پودپولكوۋنىك ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ
ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: پولكوۋنىك غېنى مەمەتباقى
ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئابدۇغۇپۇر سابىر ھاجى
مىللىي - دىنىي ئىشلار مەسئۇلى: پولكوۋنىك رازىېيوۋ داموللا
سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى: نىغمەت ئىنئامجانوۋ
**مىللىي ئارمىيەنىڭ قوراللىق قىسىملىرى**
پولكلار
سۈيدۈڭ ئاتقۇچى 1 - پولكى
كوماندىرى: موگۇنتوۋ، سىياسىي كومىسسارى: مەرغۇپ ئىسھاقوۋ
غۇلجا ئاتقۇچى 2 - پولكى
كوماندىرى: پىدايوۋ، سىياسىي كومىسسارى: موللاخۇن
4 - زاپاس پولك
كوماندىرى: قېيۇمبەگ غوجا، سىياسىي كومىسسارى: خېلىلوۋ
تېكەس ئاتلىق 1 - پولكى
كوماندىرى: ئىسھاقبىك مونونوۋ، سىياسىي كومىسسارى: مىڭ جىلىقيوۋ
تېكەس ئاتلىق 2 - پولكى
كوماندىرى: نۇربايېوۋ،سىياسىي كومىسسارى: داكايېو
كەڭساي 3- ئاتلىق پولكى
كوماندىرى: فادى ئىۋانوۋىچ لىسكىن، سىياسىي كومىسسارى: مولداغالى
توققۇزتارا ئاتلىق پولكى
كوماندىرى: نۇسۇپقان كۈنباي، سىياسىي كومىسسارى: نۇر سادىروۋ
موڭغۇل ئاتلىق مۇستەقىل دىۋىزىيونى

كومانىدىرى: ئېردەنى مېڭىيوۋ
تۇڭگان ئاتلىق مۇستەقىل دىۋىزىيونى
كومانىدىرى: مەنسۇر لومىيوۋ
مىنامىيوت باتالىيونى
كومانىدىرى: پوخروۋ، سىياسىي كومىسسارى: ئاتباچىس
بىۋاستە قاراشلىق مۇھاپىزەتچىلەر باتالىيونى
كومانىدىرى: كابىر
ئاتلىق مۇستەقىل دىۋىزىيونى
كومانىدىرى: زاكىر ناسىروۋ
شىبە ئاتلىق مۇستەقىل ئىسكادرونى (روتىسى)
كومانىدىرى: ناربايانتۇ
(مىللىي ئارمىيەنىڭ ئومۇمىي ئەسكىرى كۈچى 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم)

**مىللىي ئارمىيەنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى**
(1945- يىلى سېنتەبىر)
**مىللىي ئارمىيە باش شتابى**
(1945- يىلى 8- ئاپرېلدىكىگە ئوخشاش)
**مىللىي ئارمىيەنىڭ قوراللىق قىسىملىرى**
**باش شتابقا بىۋاستە قاراشلىق قىسىملار**
ئاتلىق دىۋىزىيون
كومانىدىرى: زاكىر ناسىروۋ
مۇھاپىزەتچىلەر باتالىيونى
كومانىدىرى: كابىر
1- زاپاس پولك
كومانىدىرى: گېلوبىخ، سىياسىي كومىسسارى: مەخمۇتجان يۇسۇپوۋ
2 - زاپاس پولك
كومانىدىرى: مىجىتوۋ
ئىلقا ئاتلىق پولكى
كومانىدىرى: نازاروۋ
**ئوتتۇرا فرونت شتابى**
باش قوماندانى: ئىۋان ياكوۋلىۋىچ پالىنوۋ (قوشۇمچە)، سىياسىي كومىسسارى: تۇرسۇن داۋۇتوۋ
ئاتقۇچى 1 - بىرگادا
كوماندارى: موگۇتنوۋ، سىياسىي كومىسسارى: مەرغۇپ ئىسھاقوۋ
ئاتقۇچى 2 - بىرگادا
كومانىدىرى: پىدايوۋ، سىياسىي كومىسسارى: مەمەتئىمىن موللاخۇن
مۇستەقىل مىنامىيوت باتالىيونى
كومانىدىرى: پوخروۋ، سىياسىي كومىسسارى: ئاتباچىس
ئاتلىق مۇستەقىل بىرگادىسى
كومانىدىرى: فادى ئىۋانوۋىچ لىسكىن، سىياسىي كومىسسارى: موداغالى
كەڭساي 3 - ئاتلىق پولكى

كومانىدىرى: دېنىسوۋ
دۆربىلجىن ئاتلىق 4- پولكى
كومانىدىرى: ئايتقان موبائايوۋ
موڭغۇل ئاتلىق 8- پولكى
كومانىدىرى: ئېردەنى مېڭىيوۋ،سىياسىي كومىسسارى: توختى ئىمىنوۋ
تۇڭگان ئاتلىق 10- پولكى
كومانىدىرى: مەنسۇر لومىيوۋ
غۇلجا ئاتقۇچى 4 - پولكى
كومانىدىرى: قېيۇمبەگ غوجا، سىياسىي كومىسسارى: خېلىلوۋ
ئالاقە روتىسى
دۆربىلجىن ئامانلىق ساقلاش روتىسى
توققۇزتارا ئاتلىق 5- پولكى
كومانىدىرى: يۈسۈپقان كونباي، سىياسىي كومىسسارى: نۇرسادىروۋ
چۆچەك ئاتلىق 6 - پولكى
مەخمۇتجان يۈسۈپوۋ، سىياسىي كومىسسارى: ئابدۇللا جۇمە
ئاتلىق 7- پولكى
كومانىدىرى: قازىقان مانامايوۋ، سىياسىي كومىسسارى: سارسىنبېك ئەبىشوۋ
ئاتلىق 13- پولكى
كومانىدىرى: ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋانوۋ، سىياسىي كومىسسارى: فاتىخ مۇسلىموۋ
**جەنۇبىي فرونت شتابى**
قومانىدانى: ئىسھاقبېك مونونوۋ
ئاتلىق 1- بىرگادىسى
كومانىدىرى: ئىسھاقبېك مونونوۋ، سىياسىي كومىسسارى: مىڭ جىلىقيوۋ
ئاتلىق 1- پولكى
كومانىدىرى: مەمەتئىمىن مەۋلەنوۋ، سىياسىي كومىسسارى: ئۆمەر زاكىروۋ
ئاتلىق 2- پولكى
كومانىدىرى: رەفىق بايچۇرىن
ئاتلىق 12- پولكى
كومانىدىرى: سىدىقھاجى
ئاتلىق 2- بىرگادىسى
كومانىدىرى: نۇربايېوۋ، سىياسىي كومىسسارى: ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوۋ
نىكىدىن پارتىزانلار ئەترىتى
كومانىدىرى: نىكىدىن
ئالتاي ئاتلىق مۇستەقىل پولكى
كومانىدىرى: بەدەلقان سۇگۇربايوۋ، سىياسىي كومىسسارى: مەخمۇتجان سىنبايېۋ
ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتى
(مىللىي ئارمىيەنىڭ جەمئىي ئەسكىرىي كۈچى 40000 دىن ئارتۇق ئادەم)
شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمەت مىنىستىرلار كابېنىتىنىڭ 114- نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن، مىللىي ئارمىيەدە مارشال ھەربىي ئۇنۋانى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ئالىي ھەربىي كومىتېتى تەسىس قىلىندى.

**شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئالىي ھەربىي كومىتېتى**
**(1945- يىلى 22- ئۆكتەبىر)**

**ئەزالىرى**
مارشال ئېلىخان تۆرە (رەئىس)
گېنېرال لېيتېنانت ئىۋان ياكوۋلىۋىچ پالىنوۋ
گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك مونونوۋ
پولكوۋنىك ئەخمەتجان قاسىمى
پودپولكوۋنىك كېرىم ھاجى
(ھەربىي كومىتېت ھەربىي ئىشلارغا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە)

**ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەزگىلىدىكى مىللىي ئارمىيەنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى**
**(1946 – يىلى 6 - ئايدىن 1947- يىلى 8 - ئايغىچە)**
**مىللىي ئارمىيە باش شتابى**
**(1946- يىلى ئىيۇل)**
باش قوماندان: گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك مونونوۋ
مۇئاۋىن باش قوماندان: گېنېرال مايور دەلىلقان سۇگۇربايىۋ
مۇئاۋىن باش قوماندان: گېنېرال مايور زۇنۇن تېيىپوۋ
سىياسىي كومىسسار (سىياسىي مۇئاۋىن باش قوماندانى): پولكونىك ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوۋ
شتاب ناچالنىكى: گېنېرال مايور ۋارشانوۋ مىخايلوۋىچ ماژاروۋ
مۇئاۋىن شتاب ناچالنىكى: پودپولكوۋنىك مەمتىمىن ئىمىنوۋ
ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى: پولكوۋنىك پەخرىدىن رەسۇلوۋ
ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى: سىدىق جامالىدىن
سىياسىي بۆلۈمىنىڭ  مۇدىرى: توختى ئىبراھىم
سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى: پولكوۋنىك رازىيوۋ داموللا
ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: پولكوۋنىك غېنى مەمەتباقى
ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئابدۇغۇپۇر سابىر ھاجى

**مىللىي ئارمىيەنىڭ قوراللىق قىسىملىرى**
شىخو ئاتقۇچى 1- پولكى
كوماندىرى: مەرغۇپ ئىسھاقوۋ،  سىياسىي  كومىسسارى: ئالىم ئېتۇالوۋ
غۇلجا ئاتقۇچى 2- پولكى
كوماندىرى: قېيۇمبەگ غوجا، سىياسىي كومىسسارى: قېيۇم سابىر ھاجى
چۆچەك 3-  ئاتقۇچى پولكى
كوماندىرى: ئابلاخان مەخمۇتوۋ، سىياسىي كومىسسارى: بالقاش ئالىم غازى
تېكەس 1- ئاتلىق پولكى
كوماندىرى: سوپاخۇن سوپىروۋ، سىياسىي كومىسسارى: ئەنەيتۇللا قۇربانوۋ

قوبۇقسار 2- ئاتلىق پولكى
كوماندىرى: نۇسۇپقان كۈنباي، سىياسىي كومىسسارى: جاغدا بابالىكوۋ
ئالتاي 3- ئاتلىق پولكى
كوماندىرى: بەدەلقان سۇگۇربايوۋ، سىياسىي كومىسسارى: يۇسۇپجان ياسىنوۋ
زەمبىرەكچىلەر مۇستەقىل دىۋىزيونى (غۇلجا باياندىاي)
كوماندىرى: ئەسئەت تېيىپوۋ، سىياسىي كومىسسارى: نۇرسايوۋ
مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپى (غۇلجا باياندىاي)
مۇدىرى: پوخروۋ، سىياسىي كومىسسارى: نۇر سادىروۋ
(جەمئىي ئەسكىرىي كۈچى 13500 ئادەم)

1947- يىلى ئاۋغۇستتا ئۈلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلگەندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە باش شتابى تېز سۈرئەتتە ئەسكەر قوبۇل قىلىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئەسكىرىي كۈچى قۇرۇلمىسىنى «بىتىم»دىن ئاۋۋالقى ھالەتكە كەلتۈردى.

مەركىزىي (ئوتتۇرا) فرونتنىڭ ئالدىنقى سېپى بولغان ماناس دەرياسى رايونى ئەتراپىغا مىللىي ئارمىيىنىڭ 18000 دىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

**مىللىي ئارمىيەنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى**

**(1948- يىلى نويابىر)**

**مىللىي ئارمىيە باش شتابى**

باش قوماندان: گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك مونونوۋ
مۇئاۋىن باش قوماندان: گېنېرال مايور دەلىلقان سۇگۇربايىۋ
مۇئاۋىن باش قوماندان: گېنېرال مايور زۇنۇن تېيىپوۋ
سىياسىي كومىسسارى: پولكونىك ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوۋ
شتاب ناچالنىكى: گېنېرال مايور ۋارشانوۋ مىخايلوۋىچ ماژاروۋ
مۇئاۋىن شتاب ناچالنىكى: پولكوۋنىك مەمتىمىن ئىمىنوۋ
ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى: پولكوۋنىك پەخرىدىن رەسۇلوۋ
ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى: سىدىق جامالىدىن
سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى: زاھىر ساۋدانوۋ
سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى: پولكوۋنىك رازىيېۋ داموللا
ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: پولكوۋنىك غېنى مەمەتباقى
ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئابدۇغۇپۇر سابىر ھاجى

**مىللىي ئارمىيەنىڭ قوراللىق قىسىملىرى باش شتابقا بىۋاستە قاراشلىق قىسىملار**

ئالاقە ئىسكادرونى
غۇلجا شەھەر كومېندانتى (ئامانلىق ساقلاش ئىسكادرونى)
رازۋېتكا بۆلۈمى
ئارقا سەپ بۆلۈمى
قۇرۇلۇش بۆلۈمى
شتراپ روتىسى
ماتورلۇق روتىسى

مەركىزىي گوسپىتال (ھەربىي دوختۇرخانا)
گوسپىتال باشلىقى: ناسىمجان ئەخمەت
ئوپېراتىۋ باتالىيونى
كوماندىرى: ۋالىنوۋ
ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش (جازالاش) روتىسى
شەھەر كومېندانتى (ئامانلىق ساقلاش گارنىزونى)
ھەربىي مەكتەپ
مۇدىرى: ئابدۇرېشىت تۇردىيوۋ
شوتا ئاتلىق ئىسكادرونى
غۇلجا زاپاس پولكى
كوماندىرى: ئابدۇرېھىم سامساق، سىياسىي كومىسسارى: نۇر سادىروۋ
تېكەس 1- ئاتلىق پولكى
كوماندىرى: سوپاخۇن سوپىروۋ، كومىسسارى: ئەنەيتۇللا قۇربانوۋ

**ئوتتۇرا فرونت شتابى**
باش قوماندانى: فادى ئىۋانوۋىچ لىسكىن
شىخو ئاتقۇچى 1- پولكى
كوماندىرى: مەرغۇپ ئىسھاقوۋ، سىياسىي كومىسسارى: ئالىم ئايتۇۋاروۋ
غۇلجا ئاتقۇچى 2- پولكى
كوماندىرى: ئايتقان موبائايوۋ، سىياسىي كومىسسارى: مەمەتئىمىن مەۋلەنوۋ
ساۋەن ئاتلىق پولكى
كوماندىرى: مەمتىمىن ئىمىنوۋ (قوشۇمچە)، سىياسىي كومىسسارى: ئابلىز راخمانوۋ
زەمبىرەكچىلەر دىۋىزىيونى
كوماندىرى: ئەسئەت تېيىپوۋ، سىياسىي كومىسسارى: نۇشايېۋ
موڭغۇل ئاتلىق مۇستەقىل باتالىيونى
باتالىيون كوماندىرى: ئېردەنى مېڭىيوۋ، سىياسىي كومىسسارى: توختى ئىمىنوۋ
موتىسكلىت روتىسى
رېمونت زاۋۇتى
شىخو گوسپىتالى (ھەربىي دوختۇرخانا)
گوسپىتال باشلىقى: رېھات ھابول

**شىمالىي فرونت شتابى**
باش قوماندانى: دەللىقان سۈگۈربايېۋ (قوشۇمچە)
قوبۇقسار 2- ئاتلىق پولكى
كوماندىرى: مەخمەتجان يۈسۈپوۋ، سىياسىي كومىسسارى: بالقاش ئالىم غازى
ئالتاي ئاتلىق 3- پولكى
كوماندىرى: بەدەلقان سۈگۈربايوۋ، سىياسىي كومىسسارى: ھاكىم ئۇرايىمبايېۋ
چۆچەك ئاتلىق 4- پولكى
چۆچەك كومېندانت ئىسكادرونى
ئالتاي ئاتلىق 6- روتىسى

**ئالتاي گوسپىتالى**
**گوسپىتال باشلىقى: ئەخەت**

**مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ 319- نومۇرلۇق بۇيرۇقى**

**1947- يىلى 12 - دېكابىر مىللىي ئارمىيە شتابى 319- نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى ۋە باش شتاب ناچالنىكى ئارمىيە دەرىجىلىك بولۇش؛ باش قوماندانلىق شتابىغا بىۋاستە قاراشلىق ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى، ھەربىي سوت مەھكىمىسى، ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى، سەھىيە باشقارمىسى زەمبىرەكچى قىسىملار باشقارمىسى، قاتارلىق بەش تارماق ئورگان دىۋىزىيە دەرىجىلىك ئورۇن بولۇش؛ سىياسىي بۆلۈم، مۇھاپىزەت باشقارمىسى، رازۋېتكا باشقارمىسى، ھەربىي ئىشلار باشقارمىسى، مالىيە باشقارمىسى، مەمۇرىيەت باشقارمىسى، قۇرۇلۇش باشقارمىسى، ھەربىي مەكتەپ، زەمبىرەكچى قىسىملار مەكتىپى، ئاۋئاتسىيە پونكىتى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى باشقۇرۇش باش باشقارمىسى، غۇلجا گارنىزونى قاتارلىق 12 تارماق ئورگان باش قوماندانلىق شتابىغا بىۋاستە قاراشلىق پولك دەرىجىلىك ئورۇن بولۇشنى قارار قىلدى.**

**مىللىي ئارمىيەنىڭ قىلغان جەڭلىرى**
**(1949 – 1944)**
**ئومۇمىي جەڭ سانى تەخمىنەن ئەللىك قېتىم**
كۆلىمى چوڭراق جەڭ يىگىرمە بەش قېتىم
كۆلىمى چوڭراق جەڭلەر
**ئىلى ۋىلايىتى**
نىلقا جېڭى، غۇلجا جېڭى، قورغاس جېڭى، سۈيدۈڭ جېڭى، كۈرە جېڭى، ھەرەمباغ جېڭى
**مەركىزىي (ئوتتۇرا) فرونت**
شىخو ئوپېراتسىيىسى، جىڭ ئوپېراتسىيىسى
**شىمالىي فرونت**
دۆربىلجىن جېڭى، قوبوقسار جېڭى، سارسۈمبە جېڭى
**جەنۇبىي فرونت**
باي جېڭى، قورغان جېڭى، ئاقسۇ كونا شەھەر جېڭى

**مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە مىللىي ئارمىيە جۇڭخۇا مىنگو ئىمپېرىيەسى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ئون مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچىنى يوقىتىپ، ئىككى گېنېرالى بىلەن 4000 دىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچىنى ئەسىرگە چۈشۈرگەن.**

**مىللىي ئارمىيەنىڭ تۇغى، ھەربىي فورمىسى، كاكار، پاگون، ھەربىي ئۇنۋان، ئوردېن- مېداللار**

**مىللىي ئارمىيەنىڭ تۇغى**
**سېرىق يۇلتۇزلۇق ھىلال ئاي بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن، «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئالغا!» شوئارى يېزىلغان يېشىل بايراق.**

**مىللىي ئارمىيەنىڭ ھەربىي فورمىسى**

سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيەسىنىڭ پاسونىدىكى مايسا (ماش) رەڭلىك ھەربىي كىيىم

**باش كىيىمدىكى كاكار**

ئالتۇن رەڭلىق يۇلتۇز ئېلىنغان ھىلال ئاي ئىككى تەرەپتىن ئايلاندۇرۇلۇپ، بۇغداي باشىقى چۈشۈرۈلگەن ئاستى كۆك رەڭلىق تۆمۈر چەمبەر

**پاگونلار**

پاگونلار قىزىل ۋە يېشىل رەڭلىك رەختلەردىن ياسالغان.

ئاتلىق، ئاتقۇچى ۋە زەمبىرەكچى قىسىملارنىڭ پاگونلىرى چېتىگە چىقىرىلغان

كۆك، قىزىل ۋە ئاق زىغزىقلار بىلەن پەرقلەنلەندۈرۈلگەن.

ھەممە پاگوننىڭ باش تەرىپىدە ئاي - يۇلتۇز شەكلى چۈشۈرۈلگەن مېتال تۈگمە بار ئىدى.

**ھەربىي ئۇنۋانلار**

ھەربىي ئۇنۋانلار رادوۋوي، پورۇچىك، پولكونىك، گېنېرالدىن ئىبارەت تۆت كاتېگورىيەگە بۆلۈنگەن بولۇپ، «يېفرېيتور، مىلادىشى سىرژانت، سىرژانت، ستارشى سىرژانت، ستارشىنا، پودپوروچىك، پوروچىك، پودپوروچىك، كاپىتان، مايور، پودپولكوۋنىك، پولكوۋنىك، گېنېرال مايور، گېنېرال لېيتېنانت، مارشال»دىن ئىبارەت جەمئىي ئون بەش ھەربىي دەرىجە بار ئىدى. (ھەربىي ئۇنۋانلارنىڭ دەرىجىلىرى پاگونغا تاقالغان توغرا بالداق ۋە يۇلتۇز سانىغا قاراپ پەرقلەندۈرۈلگەن. يۇلتۇزلار ھەربىي ئۇنۋان دەرىجىسى بويىچە ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، ئاليۇمىنىدىن ياسالغان).

**ئوفىتسېرلارنىڭ پاگونلىرى**

**گېنېرال لېيتېنانت پاگونى**

يىلانباغرى بالداق، ئىككى يۇلتۇز

**گېنېرال مايور**

يىلانباغرى بالداق،بىر يۇلتۇز

**پولكونىك پاگونى**

قوش بالداق، ئۈچ يۇلتۇز

**پودپولكونىك پاگونى**

قوش بالداق ئىككى يۇلتۇز

**مايور پاگونى**

قوش بالداق، بىر يۇلتۇز

**كاپىتان پاگونى**

بىر بالداق، تۆت يۇلتۇز

**پوروچىك**

بىر بالداق، ئۈچ يۇلتۇز

**پودپوروچىك**

بىر بالداق، ئىككى يۇلتۇز

**پىراپوروچىك**

بىر بالداق، بىر يۇلتۇز

**مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ سانى**

**(1949- يىلى)**

بىر گېنېرال لېيتېنانت، ئۈچ گېنېرال مايور، ئون تۆت پولكوۋنىك، ئون توققۇز پودپولكوۋنىك، ئوتتۇز بەش مايور، بىر مىڭ ئىككى يۈز ئىككى كاپىتان، جەمئىي ئوفىتسېر سانى بىر مىڭ ئىككى يۈز يەتمىش تۆت نەپەر

**مىللىي ئارمىيەنىڭ مىللىي تەركىبلىرى**

**(1950- يىل)**

ئۇيغۇرلاردىن باشقا، قازاقلار **6866** نەپەر، موڭغۇللار **731** نەپەر، رۇسلار **487** نەپەر، تۇڭگانلار **229** نەپەر، قىرغىزلار **206** نەپەر، تاتارلار **185** نەپەر، ئۆزبېكلەر **183** نەپەر، شىبەلەر **159** نەپەر، داغۇرلار **21** نەپەر، تاجىكلار **8** نەپەر (جەمئىي ئەسكەر سانى **14642** نەپەر).

**ھەربىي كۇرس ۋە مەكتەپلەر**

**چىلپەنزە ھەربىي كۇرسى**

چىلپەنزە **1-** قارار ھەربىي كۇرسى

**(1945-** يىلى فېۋرال – ئاپرېل) **160** نەپەر ئوفىتسېر تەربىيەلەنگەن.

چىلپەنزە **2-** قارار ھەربىي كۇرسى

(ئىككى ئايلىق) **160** نەپەر ئەتراپىدا ئوفىتسېر تەربىيەلەنگەن.

**موڭغۇلكۇرە ھەربىي كۇرسى**

**(1945-** ئۆكتەبىر – ئاپرېل)، **80** نەپەر ئەتراپىدا ئوفىتسېر تەربىيەلەنگەن.

**بىرىنچى نۆۋەتلىك باياندىاي ھەربىي مەكتەپ**

**(1946-** نويابىر **–1947** - دېكابىر) **130** نەپەر ئوفىتسېر تەربىيەلەنگەن.

**شىخو ھەربىي كۇرسى**

**(1947-** يىلى ئۆكتەبىردە باشلانغان، بىر نەچچە ئاي داۋاملاشقان)

**80** نەپەر ئەتراپىدا ئوفىتسېر تەربىيەلەنگەن.

**ئىككىنچى نۆۋەتلىك باياندىاي ھەربىي مەكتەپ**

**(1949-** يىلى) **200** ئوفىتسېر تەربىيەلەنگەن.

(مىللىي ئارمىيەدە جەمئىي **810** نەپەر ئەتراپىدا ئوفىتسېر يېتىشتۈرۈلگەن)

**مىللىي ئارمىيەنىڭ ھەربىي قورال- ياراقلىرى ۋە ھەربىي ترانسپورتى**

**(1949-** يىلى ئاۋغۇست)

**184** تاپانچا، **9088** ھەر خىل مىلتىق، **405** پىلىموت، **68** ماكسىم (ھەر بىر مىلتىققا **180** پاي ئوق، ھەر بىر پىلىموتقا **1500** پاي ئوق، ھەر بىر ماكسىمغا **3000** پاي ئوق سەپلەنگەن).

**66** مىناميوت، **12** زەمبىرەك،**7** زېنىت توپ، **55** گراناتوميوت، **1448** دىن ئارتۇق گرانات. **6** بومباردىمانچى ۋە **8** كۆرەشچى ئايروپىلان، ئىككى يېنىك تانكا، بىر برونېۋىك، **30** ماشىنا، **5222** ھەربىي ئات، **521** ترانسپورت ئېتى، **311** ھەربىي ئات ھارۋىسى.

**مىللىي ئارمىيەنىڭ سەھىيەسى**

مىللىي ئارمىيەنىڭ مەركىزىي گوسپىتالى (غۇلجىدا)، ئوتتۇرا فرونت گوسپىتالى (شىخودا)، شىمالىي فرونت

**مىللىي ئارمىيەنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى**
مىللىي ئارمىيەدە ئون خىلدىن ئارتۇق گېزىت نەشىر قىلىندى.
قىسىملاردا تىياتىر گۇرۇپپىلىرى، ساز كۇرژۇكلىرى تەشكىل قىلىنىپ، سەنئەت ئىشلىرى يولغا قويۇلدى.
ئارمىيە بويىچە **109** قىراتخانا ئېچىلىپ، **30** مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل كىتاب ۋە ژۇرناللار قويۇلدى.
**1949** - يىلغا كەلگەندە ئارمىيەدە ساۋاتلىقلارنىڭ ئومۇمىي سانى **75** پىرسەنتكە يەتتى.

**مىللىي ئارمىيە مارشلىرى**

مىللىي ئارمىيەدە ئارمىيە مارشلىرىنى ئېيتىش كەڭ يولغا قويۇلغان ئىدى. بۇ ئارمىيە مارشلىرى مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېر- جەڭچىلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە ئىنتىزامچانلىقىنى ئاشۇرۇشتا زور روللارنى ئوينىغانىدى. تۆۋەندە مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېر- جەڭچىلىرىنىڭ بىر ئارمىيە مارشى مىسالغا ئېلىندى:

مىللىي قوشۇن بىز، گاڭدەك چېنىققان.
مىللىي قوشۇن بىز، ئۇمىدى مەھكەم.
ۋەتەن ئوغلى بىز.
دۈشمەنگە قارشى قانلىق كۈرەشتە،
پولات كۆكرەك كېرىپ ئالغا باسىمىز.
كۈچلۈك قوللاردا تۇتتۇق قورالنى،
گاڭغا ئايلاندى مۇشتۇملىرىمىز.
بىزدە يېڭىلىش يوق،چوقۇم بولمايدۇ،
چۈنكى، ئۆسمەكتە قوشۇنلىرىمىز.
يۈرۈڭلار، بارايلى ئالدىنقى سەپكە،
ئاتاكا قىلايلى دۈشمەننى قوغلاپ.
ئېتىپ پىلىموت،تاشلاپ گرانات.
دۈشمەنگە بېرەيلى ئەجەللىك دەككە.
(تاران ئۇيغۇر: «شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسى بەلگىلىرى ۋە مارشلىرى»دىن ئېلىندى)

**شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان ئوردېن – مېداللار**

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى **1945** - يىل **24** - فېۋرالدا ئاچقان **25** - قېتىملىق يىغىنىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى جەڭ مەيدانلىرىدا باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغان جەڭچى - ئوفىتسېرلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئارقا سەپتىكى ھەر ساھەدە خىزمەت كۆرسەتكەن ھۆكۈمەت خادىملىرى، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئاممىنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن، ئوردېن ۋە مېداللار بىلەن مۇكاپاتلاشنى قارار قىلغان. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوردېنلاردىن: «خەلق قەھرىمانى ئوردېنى»، **1**- دەرىجىلىك «ئازادلىق ئوردېنى»، **2**- دەرىجىلىك «ئازادلىق ئوردېنى»، **1** - دەرىجىلىك «ئىستىقالىيەت ئۈچۈن كۈرەش ئوردېنى» ۋە **2**- دەرىجىلىك «ئىستىقالىيەت ئۈچۈن كۈرەش ئوردېنى»؛ مېداللاردىن «باھادىرلىق مېدالى»، «پىدائى مېدالى» ۋە «ساداقەت مېدالى» تەسىس قىلىنىدۇ . «خەلق قەھرىمانى ئوردېنى» ۋە **1**- دەرىجىلىك ئوردېنلار ئالتۇندىن، **2**- دەرىجىلىك ئوردېن ۋە مېداللار كۆمۈشتىن ياسىلىدۇ. كېيىن يەنە «جۇمھۇرىيەت ئوردېنى» (ئالتۇن) تەسىس قىلىنىدۇ.

**بىرىنچى قېتىملىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلەر ئۆمەكلىرى**
**(1944- يىلى نويابىر)**

ۋىلادىمىر كوزلوۋ باشچىلىقىدىكى ئۆمەك ۋە ۋىلادىمىر ستىفانوۋىچ باشچىلىقىدىكى ئۆمەك [شەرتلىك بەلگىسى **1** - نومۇرلۇق ئۆي (**1** – دوم) ۋە **2** - نومۇرلۇق ئۆي (**2** - دوم)].

بۇ ئىككى ئۆمەك شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ زور سىياسىي ۋە ھەربىي قارار - سىياسەتلىرىنىڭ بەلگىلىنىشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا قاتناشقان.

**ئىككىنچى قېتىملىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى**

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئىككىنچى قېتىملىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى 1947 - يىلى ئاۋغۇستتا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى غۇلجىغا كەلگەن. بۇ ئۆمەكنىڭ مەخپىي بەلگىسى «ئەخماتجان قاسىمى 2 - ئىشخانىسى» دەپ بېكىتىلگەن.

**شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مىللىي ئارمىيەدىكى تەشكىلى قۇرۇلمىسى**

1946- يىلى يانۋاردا شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مىللىي ئارمىيەدىكى تەشكىلىي قۇرۇلمىسى– كومىتېتى قۇرۇلدۇ. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ مەزكۇر كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. كېيىن بۇ كومىتېتنىڭ تارماق تەشكىلىي ئورگانلىرى مىللىي ئارمىيەنىڭ بىرگادا، پولك، باتالىيون ۋە روتىلاردا قۇرۇلىدۇ.

**«شەرقىي تۈركىستاندا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ مىللىي ئارمىيەدىكى تەشكىلىي قۇرۇلمىلىرى**

1948 - يىلى 11- ئۆكتەبىر «ئىتتىپاق»نىڭ مىللىي ئارمىيەدىكى تەشكىلىي قۇرۇلمىسى – كومىتېتى قۇرۇلىدۇ. ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوۋ مەزكۇر كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. بۇ كومىتېتنىڭ تارماق تەشكىلىي ئورگانلىرى مىللىي ئارمىيەنىڭ پولك، باتالىيون ۋە روتىلىرىدا ھەم قۇرۇلىدۇ.

**شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ھەققىدىكى قارارى**

1945- يىلى 3- فېۋرال شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى كابىنىتى 19- نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىگەن: ھەربىي قانۇن بويىچە 20 ياشتىن 22 ياشقىچە بولغانلىكى پۇقرالارنى ئەسكەرلىككە چاقىرىش، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇش؛ ھازىر ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك قىلىش مەزگىلى بولغاچقا 23 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان پۇقرالارمۇ ئەسكەر بولۇپ ھەربىي خىزمەت ئۆتەش؛ مەيلى ئوفىتسېر ياكى ئەسكەر بولسۇن، ھەربىي تەرەپ ئۇلارنى كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىنلىگەندىن باشقا، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە جان سانىغا قاراپ قوشۇمچە ياردەم بېرىش.

**شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي قۇربانلار، ھەربىي سەپتىن قايتقانلار ۋە ھەربىي مەجرۇھلار ھەققىدىكى بەلگىلىمىلىرى**

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ھەربىي قۇربانلار، ھەربىي سەپتىن قايتقانلار ۋە ھەربىي مەجرۇھلار ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەرنى بەلگىلىدى. ھەربىي قۇربانلار ۋە ھەربىي مەجرۇھلارغا نەپىقە بېرىش ۋە غەمخورلۇق قىلىش تۈزۈمىنى بېكىتتى. ھەربىي سەپتىن قايتقانلارغا بىر قۇر ھەربىي فورما ۋە 300 بەي ياڭ (پۇل)، ھەربىي سەپتىن قايتقان ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۆزى مىنگەن ئاتنى ئىگەرلىرى بىلەن ئېلىپ كېتىش قاتارلىقلارنى بەلگىلىدى.

**مىللىي ئارمىيەنىڭ تەمىنات تۈزۈمى**

مىللىي ئارمىيە ھەربىي ئۇنۋان دەرىجىسى بويىچە تەمىنلەش تۈزۈمىنى يولغا قويغان.

**يېمەك- ئىچمەك تەمىناتى**

ھەر كۈنلۈك تاماق 800 گىرام (نان، بولكا، گۈرۈچ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇرۇش مەزگىلىدە 920 گىرام)، كۆكتات

**يوتقان – كۆرپە ۋە كىيىم – كېچەك تەمىناتى**

ھەر يىلى ئوفىتسېر - جەڭچىلەرگە بىر تۈتاش بىر قۇر يوتقان - كۆرپە، بىر پاختىلىق چاپان، ئىككى قۇر ھەربىي فورما، ئىككى قۇر ئىچكى كىيىم، بىر جۈپ ئۆتۈك، بىر قۇلاقچا، بىر جۈپ پىيما، ئوفىتسېرلارنىڭ كىيىم - كېچەكنىڭ سۈپىتى جەڭچىلەرگە نىسبەتەن ياخشى. روتا يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ كىيىم -كېچەكنىڭ سۈپىتى ئىزۋوت دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارغا قارىغاندا سۈپەتلىك. بىر مەزگىل روتا يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارغا شىرىس ھەربىي فورما ۋە شىبلىت تارقىتىپ بەرگەن. يەنە بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە ئوفىتسېر- جەڭچىلەرگە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تارقىتىپ تۇرغان. مەسىلەن، لۆڭگە، پايىپما، سوپۇن، كۇرۇشكا ۋە شېكەر قاتارلىقلار. ئوفىتسېرلارغا ئەتىر سوپۇن ۋە پاپىرۇس قاتارلىق نەرسىلەرنى تارقىتىپ بېرىپ تۇرغان.

**ئوفىتسېر- جەڭچىلەرگە تارقىتىلدىغان ئايلىق نەق پۇل تۈزۈمى**

**1949**- يىلى ئۆكتەبىردە ئوفىتسېر- جەڭچىلەرگە تارقىتىلىدىغان ئايلىق نەق پۇل تۆۋەنكىدەك بولغان:

| ۋەزىپە دەرىجىسى | ئايلىق پۇلى |
|---|---|
| جەڭچى | 7 سوم 50 تىيىن |
| ئەدلىيە كوماندىرى | 15 سوم |
| مۇئاۋىن ئىزۋوت كوماندىرى | 30 سوم |
| ئىزۋوت ۋە مۇئاۋىن روتا كوماندىرلىرى | 300 سوم |
| روتا ۋە باتالىيون كوماندىرلىرى | 370 سوم |
| باتالىيون ۋە مۇئاۋىن پولك كوماندىرلىرى | 450 سوم |
| پولك كوماندىرى | 600 سوم |

**پايدىلانغان كىتاپلار ۋە ماقالىلار:**

**كىتابلار:**

«ئەخمەتجان ئەپەندىنى ئەسلەيمەن» ( **1**- كىتاب)، ماھىنۇر قاسىم، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ **2014** - يىل **8** - ئاي **1**- نەشرى
«شانلىق مىللىي ئارمىيە»، (خەنزۇچە)، ۋېي جۇاڭ، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئەدەبىيات – سەنئەت نەشرىياتىنىڭ **2015** - يىل **1** - ئاي نەشرى
«شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر»، شېرىپ نىياز خۇشتار، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ **2003** - يىل **1** - ئاي **1** - نەشرى

«شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش - تەھرىرلەش كومىتېتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ **1995**- يىل **8** – ئاي **1**- نەشرى
«ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە **2**)، سەيپىدىن ئەزىزى، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ **1990**- يىل **12**- ئاي **1**- نەشرى
«ۋەقەلەر خاتىرىسى» (سلاۋيان يېزىقىدىكى تاتارچە)، رەيىف بىكبايوۋ، ئالماتا، **2004**- نەشر قىلىنغان.

ماقالىلار:

«شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئائىت ئەھۋاللار ھەققىدە ئەسلىمە»، ساۋدانوپ زاھىر، « شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» **(16)**، **63** – **184** - بەتلەر





# مەنان ئۇيغۇر

مەنان ئۇيغۇر (ئابدۇمەننان مەجىدوف) ئۆزبېكىستاندىكى داڭلىق ئۇيغۇر تىياتىر ئارتىسى، رېژىسسور، تەرجىمان ۋە دراماتروگدۇر. ئۇ 1897-يىلى 10-ئاينىڭ 11-كۈنى تاشكەنتتە تۇغۇلغان. ئۇ كەسپىي ھاياتىنى 1916-يىلى تۇرون ئۆمىكى (تاشكەنت) نىڭ ھەۋەسكار ئارتىسى سۈپىتىدە باشلىغان. 1919-يىلى كارل ماركس (تاشكەنت) نامىدىكى ئۆزبېكىستان كەسپىي ئۆمىكىنى تەشكىللەپ ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئارتىس سۈپىتىدە ئويۇنلارغا قاتناشقان. 1924-1927-يىللىرى موسكۋادا ئۆزبېكىستان مائارىپ ئۆيىدىكى دراما ستۇدىيىسىدە ئوقۇغان. مەنان ئۇيغۇر دەسلىپىدە ھەمزە تىياتىرخانىسىنىڭ ئەزاسى بولغان، كېيىن بۇ تىياتىرخانىنىڭ رېژىسسورى ۋە سەنئەت دېرىكتورى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئۇ ئۆزبېكىستاندا ئاكتيورلۇق مەكتىپى قۇرۇشقا تۆھپە قوشقان. مەنان ئۇيغۇر ئورۇنلىغان نومۇرلار ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكىنىڭ توغرىلىقى ، جانلىق مىللىي رەڭگى ۋە مىس-كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئىپادىلىنىشى بىلەن ئالاھىدە پەرقلەندى. ئۇ سەھنىدە نۇتۇق سۆزلەش خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى، ئۇيغۇرچە كومېدىيە يازدى (تۈركىستان شىپاچىسى ، 1918 ۋە باشقىلار) ، ئەزەربەيجان ۋە تاتار تىلىدىن تىياتىرلارنى تەرجىمە قىلدى. ئۇ تاشكەنت تىياتىرخانىسى ۋە سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇ 1955-يىلى 16-ئۆكتەبىر ۋاپات بولغان. ئۇ تاشكەنتتە چىغاتاي قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

تاشكەنتنىڭ ئۈچتېپا ۋە شەيخەنتاۋۇر رايونىغا جايلاشقان مەنان ئۇيغۇر كوچىسى، ئۆزبېكىستاننىڭ داڭلىق تىياتىر ئەربابى، رېژىسسور، ئارتىس مەنان ئۇيغۇرنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ئۇ ئۆزبېكىستان تىياتىرخا-

نىسى ۋە ئۆزبېكىستان دۆلەتلىك تىياتىر مەكتىپىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزبېكىستان دۆلەتلىك دراما تىياتىرخانىسىنى تەشكىللىگەن.

ئۇنىڭ قول ئاستىدا، بۇ كوللىكتىپنىڭ ئەڭ ياخشى كەسپىي ۋە ئەخلاق ئەنئەنىسى، ئېستېتىك ئەنئەنىسى تەرەققىي قىلدى. ئۇيغۇر ئۆزبېكىستان سەھنىچىلىك ساھەسىنىڭ شان-شەرىپى ۋە ئىپتىخارىنى ھېسابلانغان بىر نەچچە ئەۋلاد ئارتىس، رېژىسسور ۋە ئاكتيورلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە ئا.خودوياتوف، س.شانتۇرايېف، ش. بۇرخانوف، ن.راخىموف، ئا.خودجايېف، ل.نازرۇللايېف قاتارلىقلار بار.

مەنىان ئۇيغۇر ئۇستاز سەنئەتكار بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىزچىل رەۋىشتە سۈپەتلىك ئارتىسلارنى تەربىيلەشكە كۆچىدى. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئەسەرلىرى-شېكىسپىر ۋە تارىخى ئويۇنلىرى چوڭ تىپتىكى تىياتىرخانىلاردا قويۇلدى. ئۇنىڭ ھاياتى ئارتىسلىق سەنئىتى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. ئۇ بۇ كەسپنى ئەتراپلىق ئىگىلەشتىن سىرت، كۈندىلىك گېزىتلەردىن تارتىپ باشقا تۈركىدىكى كىتاب-ماتېرىياللارنى جانلىق رەۋىشتە تەرجىمە قىلىش ماھارىتىنى پىششىق ئىگىلىدى. ئۇنىڭ ئارتىسلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى دائىملار ئۇلاردىن تەجرىبە ئۆگىنىش ياكى ئۇلارغا تەجرىبە ئۆگىتىش ئىدى. بىر درامىدا ئىككى، ھەتتا ئۈچ ئادەمنىڭ رولىنى ئالاتتى.

مەنىان ئۇيغۇر سەھنە ماھارىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر بىر ھەرىكەتنىڭ ئىنچىكە بولۇشىنى، ئارتىسنىڭ بەدەن تىلى، ھەرىكىتى ۋە سۆزىدە زىل ۋە ئەستايىدىل بولۇشنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئارتىسى ئابور خىدوياتوفنىڭ «قىياپەت پادىشاھى» دەپ ئاتالغانلىقى بىكار ئەمەس. مەنىان ئۇيغۇر رېپېتىسىدە مۇنداق دېدى: «ئەگەر تاماشىبىنلارغا دۈمبىڭىزنى قىلىپ سەھنىدە تۇرغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا رولنى دۈمبىڭىزنى ئوينىسۇن».

مەنىان ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىخانىسىدىكى رېپېتىس ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلىدى. ئۆزبېك تىلىنى پىششىق بىلىدىغان مەنىان ئۇيغۇر پەۋقۇلئاددە ئەدەبىي دىتقا ئىگە بولۇپ، كۆپلىگەن تىياتىرلارنى يازدى ۋە تەرجىمە قىلدى.

مەنىان ئۇيغۇر رېژىسسور بولۇش سۈپىتى بىلەن نۇرغۇن ئويۇنلارنى قويدى. كۆپىنچىسى **20**-ئەسىرنىڭ **20**-يىللىرىنىڭ بېشىدا ئىدى. ئۇ ھەر يىلى يىگىرمە قېتىم ئويۇن قويغان ئىدى. مەنىان ئۇيغۇر ئەينى يىللاردا گ.يۇنۇس، گ.زەفەرى، ئا.قادىرى، فىترەت، خەمزە، م.بەھبۇدى، چولپان، ئا.ئاۋلونى، ئا. بەدرى ۋە خۇرشىد قاتارلىقلارنىڭ تىياتىرلىرىنى سەھنىلەشتۈرگەن.

مەنىان ئۇيغۇر ئارتىسلىقتىكى مۇۋەپپەقىيەتىدىن كېيىن، تۇنجى قەدەمدىن باشلاپ، ئەدەبىي ئەسەر تەرجىمىچىلىكى ۋە دراماتورلۇققا يۈزلىنىدۇ. ئۇ دراما سۈپىتىدە **1920**-يىللىرىنىڭ بېشىدا يېزىپ چىققان دراما ئەسەرلەردىن ئەزەربەيجان يازغۇچىسى ھ.جاۋىدنىڭ تىياتىرلىرىنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان «شەيخ سانان» ۋە «ئىبلىس» قاتارلىق درامىسى مەشھۇر. ئۇ يەنە ئۆزبېكىستاننىڭ يېڭى تىياتىرخانىسىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ئىزدىنىپ، خۇججۇم رېژىسسورلۇق قىلغان تىياتىر شەكلى تەجرىبە قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈشكە باشلايدۇ. ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى تىياتىر ۋە ماسبارابوزوۋنىڭ ئۆزبېكىستان خەلق تىياتىرخانىسىنىڭ ئەنئەنىسىنى بىرىكتۈرۈشنىڭ يوللىرى ھەققىدە ئىزدەنگەن. مەنىان ئۇيغۇر **1932**-يىلى ئۆزبېكىستان خەلق سەنئەتكارى دېگەن نامغا ئېرىشكەن. **1935**-يىلى، ئاررۇسى شېكىسپېرنىڭ ئەسەرلىرىنى سەھنىگە ئېلىپ چىققان ۋە قىزغىن قولLاشقا ئېرىشكەن.

پۈتۈن ھاياتىنى ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسى ئۈچۈن ئاتىغان كۆپ قىرلىق سەنئەتكار مەنىان ئۇيغۇر **1955**-يىلى ۋاپات بولغان. **2001**-يىلى ، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى پرېزدېنتىنىڭ پەرمانى بىلەن (ۋاپات بولغىنىغا **55** يىل بولغان) مەنىان ئۇيغۇر كۆرسەتكەن بۈيۈك خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۆزبېكىستان دۆلەتلىك شەرەپ ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغان.




# ئەقلىي يەكۈن شوتىسى

## قارىسىغا قارار چىقىرىشتىن قانداق ساقلىنىمىز؟

بۈگۈنكى تېز رىتىملىق دۇنيادا، بىز ھەقىقىي پاكىتلار ئۈستىدە ئەتراپلىق ئويلانغاندىن كېيىن قارار چىقىرىشنىڭ ئورنىغا، ئوپۇل - توپۇل ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمىز. بۇ بىزنىڭ خاتا يەكۈن چىقىرىشىمىزغا سەۋەب بولۇپلا قالماي، بىزنى ئوخشاش مەسىلىگە قارىتا ئۆزىمىزنىڭكىدىن تامامەن پەرقلىق قارار چىقىرىشى مۇمكىن بولغان باشقا كىشىلەر بىلەن زىددىيەتلەشتۈرۈپ قويىدۇ.

جىددىيلىككە تولغان تىجارەت ساھەسىدە، سىز ھەرىكەت ۋە قارارلىرىڭىزدا رېئاللىقنى چىقىش قىلىشقا موھتاج. شۇنىڭدەك، باشقىلارنىڭ يەكۈنلىرىنى قوبۇل قىلغان ياكى قارشى چىققاندىمۇ، ئۆزىڭىزنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ يەكۈن چىقىرىش جەريانىدا رېئال پاكىتلارغا تايانغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشىڭىز كېرەك. «ئەقلىي يەكۈن شوتىسى» سىزنىڭ بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشىڭىزغا ياردەم قىلىدۇ.

بەزىدە «ئابستراكىتلاشتۇرۇش جەريانى» دەپمۇ ئاتىلىدىغان مەزكۇر ئۇسۇل سىزنىڭ قارىسىغا ھۆكۈم چىقىرىشىڭىزغا سەۋەب بولىدىغان تەپەككۇر باسقۇچلىرىنى چۈشىنىشىڭىزگە تۈرتكە بولۇپ، رېئاللىققا توغرا مۇئامىلە قىلىشىڭىزغا ياردەم قىلىدۇ.

«ئەقلىي يەكۈن شوتىسى» ئۇقۇمى تەشكىلات پسىخولوگى كىرس ئارگىرىس **(Chris Argyris)** تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە پېتىر سېنجى **(Peter Senge)** تەرىپىدىن «بەشىنچى ئىنتىزام: تەشكىللىنىشنى ئۆگىنىش ئەمەلىيىتى ۋە سەنئىتى» دېگەن كىتابتا قوللىنىلغان.

### مەزكۇر ئۇقۇمنى چۈشىنىش

«ئەقلىي يەكۈن شوتىسى» بىزنىڭ ئۆزىمىزمۇ تۇيمىغان ھالدا مەلۇم بىر رېئاللىقتىن بىر قارارغا ياكى ھەرىكەتكە ئۆتۈش جەريانىمىزنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ جەرياندىكى تەپەككۇر باسقۇچلىرىنى تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك شوتىنىڭ بالداقلىرىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ:




بۇ شوتىنىڭ ئەڭ پەستىكى بالدىقىدا «رېئاللىق ۋە پاكىتلار» بار، بىز:
بىز ئۆزىمىزنىڭ نۇقتىئىينەزىرى ۋە ئۆتمۈشىنى ئاساس قىلغان ھالدا، بۇلارنى تاللاپ تۇرۇپ قوبۇل قىلىمىز.
ئۇلارنى شەرھلەيمىز.
ئەسلىدىلا مەۋجۇت پەرىزىمىزنى ئىشقا سالىمىز، بۇ بەزىدە ھەتتا بۇ خىل مەۋجۇت پەرەزلەر ھەققىدە ئويلانماستىنلا (ئىستىخىيەلىك ھالدا) ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.
شەرھلەنگەن پاكىت ۋە پەرىزىمىز ئاساسىدا يەكۈن چىقىرىمىز.
بۇ خىل يەكۈنلەر ئاساسىدا ئىشەنچ ھاسىل قىلىمىز.
بۇ خىل «ئىشەنچ»ىمىزنى ئاساس قىلغان، «توغرا»دەك كۆرۈنىدىغان ھەرىكەتكە ئۆتىمىز.

نەتىجىدە، بىر ناچار ئايلىنىش (vicious circle) شەكىللىنىدۇ. مەۋجۇت نۇقتىئىينەزىرىمىز رېئاللىقتىن نېمىلەرنى سۈزۈپ، نېمىلەرنى كۆرمەسكە سېلىشىمىزغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە بىزنىڭ ھەقىقىي رېئاللىققا تامامەن كۆز يۇمۇشىمىزغا سەۋەبچى بولالايدۇ. ئەنە شۇ رەۋىشتە بىز پاكىتلارغا كۆز يۇمۇپ، ئەقلىي يەكۈن چىقىرىشتىكى زۆرۈر قەدەم باسقۇچلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، قارىسىغا قارار چىقىرىشقا باشلايمىز.

«ئەقلىي يەكۈن شوتىسى»دىن پايدىلانغاندا، سىز رېئاللىقتا يۈزلىنىشنى ئۆگىنىۋالالايسىز، شۇنداقلا مەۋجۇت نۇقتىئىينەزەر ۋە تەجرىبىڭىزنىڭ هۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىڭىزنى بوغۇپ قويۇشىنىڭ ئورنىغا، ئۇلاردىن ئىجابىي پايدىلىنالايسىز.

## مەزكۇر نەزەرىيەدىن قانداق پايدىلىنىمىز؟

«ئەقلىي يەكۈن شوتىسى» سىزنىڭ تېخىمۇ ياخشى يەكۈن چىقىرىشىڭىزغا ياكى باشقىلارنىڭ يەكۈنلىرىگە توغرا پاكىت ۋە رېئاللىققا ئاساسلانغان هالدا رەددىيە بېرىشىڭىزگە؛ شۇنداقلا يۇرۇشلۇك سېتىش ئەهۋالى ستاتىستىكىسىغا ئوخشاش ئىشەنچلىك سانلىق مەلۇماتلارنى ياكى «مەزكۇر پروجېكىت تۆتىنچى ئايدا ئىشقا كىرىشتۇرۇلىدۇ» دېگەندەك سىناق مەنبەلىك كەسكىن هۆكۈملەرنى تەهلىل قىلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. ئۇ يەنە سىزنىڭ باشقىلارنىڭ يەكۈنلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىڭىزگە ياكى ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.

### بىرىنچى قەدەم:

تەپەككۇر جەريانىڭىزنىڭ خالىغان باسقۇچىدا «ئەقلىي يەكۈن شوتىسى»نى ئىشلىتىڭ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزگە تۆۋەندىكى سوئاللارنى قويسىڭىز، مەزكۇر ئۇسۇل سىزنى پايدىلىق ياردەم بىلەن تەمىنلەيدۇ:

**بۇ خۇلاسە «توغرا»مۇ؟**

نېمە ئۈچۈن مېنىڭ كاللامدا بۇ خىل پەرەزلەر شەكىللەندى؟

مەن نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلىشنى «توغرا» دەپ ئويلايمەن؟

بۇ ھەقىقەتەن بارلىق پاكىتلارنى ئاساس قىلغانمۇ؟

ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەپ قارايدۇ؟

تۆۋەندىكى قەدەم باسقۇچلار ئارقىلىق «ئەقلىي يەكۈن شوتىسى»دىن پايدىلىنىپ، تەپەككۇرىڭىزغا جەڭ ئېلان قىلىڭ:

1. توختاڭ! يەكۈن چىقىرىش جەريانىڭىز ھەققىدە ئويلىنىدىغان ۋاقتىڭىز كەلدى.

2. ئۆزىڭىزنىڭ شۇ تاپتا شوتىنىڭ قايسى بالدىقىدا ئىكەنلىكىڭىزنى جەزملەشتۈرۈڭ:

سىز:

سانلىق مەلۇمات ياكى پاكىتلارنى ئوبيېكتىپ ئەمەس، تاللاپ تۇرۇپ قوبۇل قىلىۋاتامسىز؟

ئۇنى (مەۋجۇت نۇقتىئىينەزىرىڭىزگە ئۇيغۇن شەكىلدە) شەرھلەۋاتامسىز؟

كاللىڭىزدا مەلۇم بىر پەرەز شەكىللەندىمۇ؟ ئۇنىڭ توغرا – خاتالىقى ھەققىدە ئويلىنىۋاتامسىز؟

خۇلاسە چىقاردىڭىزمۇ؟ ئۇنىڭ توغرا – خاتالىقى ھەققىدە ئويلىنىۋاتامسىز؟

نېمە قىلىشنى قارار قىلدىڭىزمۇ؟ ۋە نېمىشقا شۇنداق قارارغا كەلدىڭىز؟

3. هازىر ئۆزىڭىز تۇرۇۋاتقان «بالداق»تىن شوتىنىڭ ئەڭ تۆۋەنكى بالدىقىغا چۈشۈپ، يەكۈن چىقىرىش جەريانىڭىزنى تەھلىل قىلىڭ. بۇ سىزنىڭ ئۆزىڭىز شۇ تاپتا دۇچ كېلىۋاتقان پاكىت ۋە رېئاللىقلارنى ھەقىقىي تونۇپ، توغرا مۇئامىلە قىلىشىڭىزغا تۈرتكە بولىدۇ. ھەربىر باسقۇچتا، ئۆزىڭىزدىن «مەن نېمە ئويلاۋاتىمەن؟ نېمىشقا» دەپ سوراڭ. ھەربىر قەدەمنى تەھلىل قىلغىنىڭىزدا، ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش جەريانىڭىزنى تەكشەشكە موھتاج بولىسىز. مەسىلەن، بەزى پەرەزلىرىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىزگە ياكى ئۆزىڭىز تاللىۋالغان (سۈزۈۋالغان) ئۇچۇرلارنىڭ دائىرىسىنى بىر ئاز كېڭەيتىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندىكى سوئاللار سىزنىڭ ئىشنى ئەڭ دەسلەپتىن، ئەرتىپلىك باشلىشىڭىزغا ياردەم قىلىدۇ:

مەن نېمە ئۈچۈن بۇ خىل تەدبىرنى قوللاندىم؟ ئويلىنىپ بېقىشىمغا تېگىشلىك باشقا تەدبىرلەرمۇ بارمىدى؟

بۇ تەدبىرنى قوللىنىشىمغا قايسى نۇقتىئىينەزەر تۈرتكە بولدى؟ بۇ نۇقتىئىينەزەر پاكىتنى ئاساس قىلغانمۇ؟

مەن نېمە ئۈچۈن بۇ قارارنى چىقاردىم؟ بۇ قارار توغرىمۇ؟
مەن نېمىنى پەرەز قىلدىم؟ نېمىشقا؟ بۇ پەرەزلەر پۈت تىرەپ تۇرالامدۇ؟
مەن مەۋجۇت ئۇچۇرلارنىڭ قايسىلىرىدىن پايدىلاندىم؟ نېمىشقا؟ مەن ئۇچۇرلارنى پۇختا ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن تاللىدىممۇ؟
مەن پايدىلىنىشقا تېگىشلىك رېئال پاكىتلار قايسىلار؟ مەن نەزەردە تۇتۇشقا تېگىشلىك باشقا پاكىتلارمۇ بارمۇ، يوقمۇ؟

**ئىككىنچى قەدەم:**

ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش جەريانىدا، قايسى بالداقتا ھالقىماقچى ئىكەنلىكىڭىزنى ياخشى ئويلاڭ. سىز ئاسانلا پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مايىلمۇ؟ سىز يەنە ئۇچۇرلارنىڭ بىر قىسمىدىنلا پايدىلىنىپ، قالغانلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا مايىلمۇ؟ ئۆزىڭىزدە قايسى خىل مايىللىقلارنىڭ بارلىقىغا بەك دىققەت قىلىڭ، شۇنداق قىلسىڭىز كەلگۈسىدە ئەقلىي يەكۈن چىقىرىشنىڭ ئاشۇ باسقۇچىدا زىيادە ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىشنى ئۆگىنىۋالالايسىز.
شۇنىڭ نەتىجىسىدە، سىز يېپيېڭى تەپەككۇر مېتودى (شۇنداقلا تېخىمۇ كەڭ ئۇچۇر مەنبەسى ۋە پۇختا پەرەزلەر)گە ئېرىشىپ، شوتىنىڭ باشقا بالداقلىرىغا قەدەممۇ قەدەم ئۆرلىيەلەيسىز.

**ئۈچىنچى قەدەم:**

يەكۈن چىقىرىش جەريانىڭىزنى خىزمەتدىشىڭىز ياكى دوستىڭىزغا چۈشەندۈرۈپ بېقىڭ. بۇ نۇقتىئىينەزىرىڭىزنىڭ توغرا – خاتالىقىنى تەكشۈرۈشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر سىز باشقىلارنىڭ يەكۈنىگە رەددىيە بەرمەكچى بولسىڭىزمۇ، ئۇنىڭ بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالماي، ئەكسىچە ئورتاق چۈشەنچە ھاسىل قىلالاش ئۈچۈن، ئۆزىڭىزنىڭ يەكۈن چىقىرىش جەريانىنى چۈشەندۈرەلەيدىغان بولۇشىڭىز ئىنتايىن مۇھىم.

**مىسال:**

رايونلۇق سېتىش بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى ئەڭ يېڭى سېتىش ئەھۋالى دوكلاتىدىن دون (Don)نىڭ سېتىش نەتىجىسىنىڭ يەنە تۆۋەنلىگەنلىكىنى كۆرىدۇ. دېمەك، مەسىلە تولىمۇ ئېنىق، دوننى ئىشتىن بوشىتىش كېرەك.
بۇ خىل ئەھۋالدا كۆپىنچە كىشىلەر سېتىش بۆلۈمى دىرېكتورىنى قارىسىغا ھۆكۈم چىقاردى، دەپ قارايدۇ. ئۇنداقتا بىز «ئەقلىي يەكۈن شوتىسى» ئارقىلىق بۇ خىل خاتا قارارنىڭ قانداق چىقىرىلغانلىقىغا قاراپ باقايلى:
(1) ئەڭ يېڭى ئايلىق سېتىش ستاتىستىكىسى (رېئاللىق) يېتىپ كەلدى.
(2) سېتىش بۆلۈمى دىرېكتورى دەرھال نەزىرىنى دون مەسئۇل بولغان رايون (تاللانغان رېئاللىق)غا ئاغدۇردى
(3) (دون مەسئۇل بولغان رايوندا) سېتىش ئالدىنقى ئايدىكىگە قارىغاندا يەنە تۆۋەنلەپتۇ (شەرھلەنگەن رېئاللىق).
(4) دىرېكتور سېتىشتىكى تۆۋەنلەشنى پۈتۈنلەي دوننىڭ ئىپادىسىنىڭ ناچارلىقىدىن دەپ قارىدى (پەرەز).
(5) ۋە ئارقىدىنلا دوننىڭ ئىپادىسىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى (يەكۈن).
(6) ئاندىن دون بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىكەن دېگەن چۈشەنچىگە كەلدى (ئىشەنچ).
(7) ئاندىن دوننى ئىشنىڭ بوشىتىۋېتىشتىن ياخشىراق چارە يوقلۇقىنى ھېس قىلدى (ھەرىكەت).

ئەمدى بىز «ئەقلىي يەكۈن شوتىسى» ئارقىلىق سېتىش بۆلۈمى دىرېكتورىنىڭ تەپەككۇرىغا رەددىيە بېرىپ باقايلى:

دىرېكتور سېتىش ئەھۋالى دوكلاتىغا «دون (Don)دەك بىر يېڭى كەلدىئاخۇن ھەرگىز كۆپ يىللىق تەجرىبىگە ئىگە <پېشقەدەم>لەردەك كۆپ مال ساتالمايدۇ» دېگەن مەۋجۇت بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن قارىدى. ئاندىن، دون ھەممىدىن كېيىن ئىشقا كىرگەن مال ساتقۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن، دىققىتىنى دوننىڭ سېتىش ئەھۋالىغا مەركەزلەشتۈردى ۋە ئۆزىنىڭ «دون خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ»دىن ئىبارەت مەۋجۇت نۇقتىئىينەزىرىنى قۇۋۋەتلەيدىغان پاكىتلارنى ئاللىۋالدى.

بىز ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، چوقۇم سېتىش بۆلۈمى دىرېكتورىنىڭ ئۈچۈرلارنى تاللاش شەكلىگە ۋە دوننىڭ خىزمەت ئىپادىسى ھەققىدىكى سۇبيېكتىپ پەرىزىگە رەددىيە بېرىشىمىز لازىم.

دوننىڭ سېتىش نەتىجىسى تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ، لېكىن تۆۋەنلەش ئەھۋالى باشقا ساتقۇچىلارنىڭكىدىن يېنىك ئىدى. دون ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن مۇنەۋۋەر مال ساتقۇچى بولۇپ، ئۇ ۋە باشقا مال ساتقۇچىلار شىركەتنىڭ يېڭى مەھسۇلاتلارنى ۋاقتىدا تەمىنلەپ بەرمەيۋاتقانلىقى ۋە ئىسكىلاتتىكى كونا ماللارنىڭمۇ تۈگەي دەپ قالغانلىقى سەۋەبلىك سېتىش مىقدارىنى ئاشۇرالمايۋاتقانىدى.


سېتىش بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى مۇشۇ خىل رەۋىشتە پەرىزىنى ئۆزگەرتكەن ھامان، ئاۋۋال (سېتىشتىكى ئەمەس) ئىشلەپچىقىرىش ھالقىسىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بايقايدۇ. ئۇ يەنە «ئىسكىلاتتا مال ئاز قالغان ئەھۋالدا، دوننىڭ ئىپادىسى قانداق قىلىپ باشقا تەجرىبىلىك ساتقۇچىلارنىڭكىدىن ياخشى بولدى؟ باشقا ساتقۇچىلار ئۇنىڭدىن نېمىلەرنى ئۆگىنەلەيدۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، دوننى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمە قىلغان

**https://www.mindtools.com/pages/article/newTMC_91.htm**

مىسلىسىز ئويغىنىش

# ۋەتەن خائىنلىرى ۋە تارىخىمىزدىكى مىللىي مۇناپىقلار ھەققىدە



2020 مارت - ئاپرىل 101

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

## كىرىش سۆز

**« بىز ئۇنى قەھرىمان دەپ قارايتتۇق ، ئەمما ئۇ بىزگە خائىنلىق قىلدى » - ئاتىلار ھەسرىتى**

**« مىللىي مۇناپىق » تەبىرى بىزدە ئەزەلدىن ئېنىق بولمىدى، شۇڭا ئەسلى مۇناپىقلارغا قەھرىمانلىق ئۇنۋانىنى لايىق كۆرۈش بىزدە غەيرىي بىلىنمەي كەلدى. بۇنىڭغا شۇ جەھەتتە ئىلمى ۋە ئىمانى كامىل، مىللىي غۇرۇرى ۋە مىللىي مەنپەئەت قارىشى مەزمۇت بولغان زىيالىيلىرىمىزنىڭ تەخىرسىز تەبىر بېرىشى بىر بوشلۇقنى تولدۇرغۇسى » دېگەن ئىستەك ئاخىرى بۇ تېمىدا قەلەم تەۋرىتىشكە تۈرتكە بولدى .**

**بىزدە مىلادى 1619 - يىلدىن باشلانغان روھىي زەربىلەر ، ھازىرغىچە تەسىرىنى يوقاتمىغان جاھالەت ، ھازىرغىچە تۈپتىن ئىسلاھ قىلىپ بولالمىغان تەپرىقچىلىق ، ئۆزىنى كەمسىتىش ۋە ئۆزگىگە ئىخلاس قىلىپ ھەۋەس قىلىش روھى ئاخىرىدا ئۆزگىگە قۇللۇقنى ۋە مالايلىقنى شەرەپ بىلىدىغان ئەجەللىك ئېغىر ئىللەتكە ۋە 260 يىللىق خورلۇققا دۇچار قىلدى . ئىككى يېرىم ئەسىر جەرياندا ئىزچىل دۈشمەنلەر بىلەن بىرلىشىپ ئانا ۋەتىنىمىزگە ، ئەزىز خەلقىمىزگە ئۇدا كەچۈرۈلمەس خىيانەت قىلىپ ئۆز دۆلىتىمىزنى ئۆز قولىمىز بىلەن يىقتىشتەك پاجىئەلەرنى پەيدا قىلغان بولساق ، بۇنداق ئۇدا ۋەتەنگە خىيانەت قىلىش ۋە ئۈزۈلمەس مىللىي مۇناپىقلىق ئىللەتلىرى ئاقىۋەت 70 يىللىق قىزىل قىيامەتكە دۇچار بولۇشىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . 1616 - يىلى مەختۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزگە قايتا قەدەم تەشرىپ قىلىشى ، بولۇپمۇ 1626 - يىلى ئۆكتەبىردە قۇمۇلدا ئاغ تاغلىقلار سەردارى ئافاق خوجىنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن چوڭ بالا - قازالار باشلاندى . كىندىك قېنى ۋەتىنىمىزگە تۆكۈلگەن ئافاق خوجا بىلەن تاغىسى تەرەپ قەشقەر بىلەن يەكەننى مەركەز قىلىپ تىركىشىپ ، ئاقسۇ بىلەن خوتەندە تۆر تالىشىپ يۈرۈپ ، قەدىمي تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنى ھازىرغىچە ھوشىغا كېلەلمەس تالاي ئىللەتلەرگە دۇچار قىلدى . ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىن يىمىرىلىشكە باشلىغانلىقىنى پۇرسەت بىلگەن قالماقلار 1628 - يىلى قاراقۇلا ۋە ئوغلى باتۇر قونتاجىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سەئىدىيە خانلىقىغا قاراشلىق ئالتاي تەۋەسىگە كۆچۈپ كەلدى . 1618 - يىلدىن باشلانغان تەختنى تالىشىش كۈرەشلىرى خوجىلارنىڭ ھاكىمىيەتكە قول ئۇزۇتىشىنى پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى . ئەڭ ئاخىرى 1638 - يىلى ئابدۇرېشىتخاننىڭ نەۋرىسى ئابدۇللاخان تۇرپاندىن ئەسكەر تارتىپ يەكەننى قولغا ئېلىپ، بارلىق بۆلگۈنچى ۋە تەپرىقچى شاھزادىلەرنى يوق قىلىپ ئەڭ ئاخىرقى 30 يىللىق مەدەنىيەت گۈللىنىشىگە ئاساس سالدى . سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلانغان قونتاجى 1640 - يىلى تارباغاتايدا قۇرۇلتاي ئېچىپ ، ھازىرقى ئىچكى ۋە تاشقى موڭغۇلنى سوراۋاتقان قالقا موڭغۇللىرى بىلەن بىرلىشىپ ، قالماق خانلىقىنى قۇرۇۋالدى . ئارقىدىنلا قالماقلارنى غەرپكە قوغلىۋەتكەن مانجۇرلار 1644 - يىلى سەددىچىندىن كىرىپ ئون نەچچە يىلدىلا پۈتۈن خىتاينى يۇتۇۋالدى .**

**ئابدۇللاخان دەۋرىدە قايتا ئەسلىگە كەلگەن خەلقىمىز ئافاق خوجىنىڭ دەۋرىدە پۈتۈنلەي چۈشكۈنلىشىپ ، ئۆز ئىچىدىن چىققان ئالىم - ئۆلىمالار ۋە ھەر خىل سەرخىللارغا قارىغاندا، چەتئەلدىن كەلگەن يالغان پەيغەمبەر پۇشتى ۋە ئاقئۇستىخانلىق كەلگۈندى خوجىلارنى بېشىدا كۆتۈرىدىغان « يىراقتىكى موللام داموللام، يېقىندىكى موللام جا موللام » ئىدىيىسىدىكى بىچارە خەلققە ئايلىنىپ قالدى . بۇنىڭ تەسىرى كېيىنچە شۇنچىلىك كۈچىيىپ كەتتىكى ، ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان ئالىملار ۋە ھۈنەرۋەنلەر ۋەتىنىدىن قوغلىنىپ ، ئورنىغا تېگى - تەكتى ئېنىق بولمىغان كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن سەلدەك ئېقىپ كېلىپ خەلقىمىزگە ھۆكۈمران بولدى . كېيىنچە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى تېخىمۇ پەسلىشىپ جۇڭغار قالماقلىرىنى ۋە يىراقتىكى خىتايلاشقان مانجۇلارنى ۋەتىنىمىزگە چىللاپ كەلدى . ئافاق خوجىنىڭ 1678 - يىلى غالدان قونتاجىنى باشلاپ كېلىشىدىن باشلانغان ئەڭ چوڭ خائىنلىق ۋە مىللىي مۇناپىقلىق ئىمىن خوجا بىلەن يۇسۇپ خوجىنىڭ مانجۇرلارنى 1758 - يىلى تارىم ۋادىسىغا چىللاپ كېلىشى بىلەن ئەۋجىگە چىققان ساتقۇنلۇق كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ئېپادىسىنى تاپتى. ئۇ چاغدا قولىمىزدا ھەر ھالدا دۆلىتىمىز بار ئىدى. ھازىر مۇھاجىرەتتە گەرچە**

دۆلىتىمىز بولمىسىمۇ ئەمما ئىستىقبالىمىز بار بولغاچقا، ئىچىمىزدە تېخىچە يۇقىرىقى تەپەككۇر ۋە خاھىشتىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن ۋە ئاكىسىراشنى بىردىنبىر سىياسىي پىرىنسىپى قىلىۋالغان روھىي مەغلۇبىيەتچى بىر قىسىم تەجرىبىسىز زاتلار ، ئەقىلسىز ، نادان ۋە ھاياجان كىشىلىرىمىز ھېلى تۈرك ، ھېلى ئەرەب، ھېلى ئورۇس ، ھېلى ئېنگلىز سىياسەتچىلىرى ياكى ئازراق تەسىرى بار ناتىق كىشىلەرنى چىللاپ كېلىپ ، شۇلار ئارقىلىق ئىشىمىزنى ئالغا باستۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ . ئەمما ھەدېسىلا بۇ ئىشنىڭ ئايىغى چىقمايلا ، يا بىز ئەجنەبىي ئەپەندىلەرنىمۇ سېستىپ قويۇپ ئۇلار بىزدىن زېرىكىپ قېچىپ كېتىدۇ . يا ئۇلار بىزنىڭ مىللىي مەنپەئەتىمىزگە زىيانلىق خاتالىق سادىر قىلىپ ، بىز ئۇلاردىن سەسكىنىپ قېچىپ كېتىمىز . ئەڭ يامان بولغىنى يەنىلا بىزنىڭ كونا خۇيىمىزدىن ۋاز كېچىش ئورنىغا ، تېخىمۇ قۇللۇق روھىنى راۋاجلاندۇرۇپ ، مىللىي ئىرادىمىز ۋە مىللىي مەنپەئەتىمىزنى قىلچە نەزەرگە ئالماستىن ، ھەر ئىشتا ئۆزىمىز تۇرۇشلۇق ئەللەرنىڭ قاپىقىغا قاراپ ئىش تۇتۇپ ، بىلىپ - بىلمەي ئەڭ ئالىي مىللىي مەنپەئەتلىرىمىزنى ئۇلارنىڭ مىللىي مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆزىمىزنى مىت قىلمايلا قۇربانلىق قىلىۋېتىشىمىزدۇر . بۇنداق ئېغىر خاتالىقلارغا ۋە تارىخىي جىنايەتلەرگە دەل ۋاختىدا چەكلىمە قويمىغاندا ، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ . يېقىنقى يۈز يىلدىن بېرى ئاشۇنداق ئەجەللىك خاتالىقلار سەۋەپلىك خەلقىمىزنىڭ دەريا - دەريا ئاققان قانلىرى بىكارغا كەتكىنىدەك ، ھازىر سادىر قىلىنىۋاتقان ئەجەللىك خاتالىقلارمۇ يېقىنقى ئۈچ يىلدا بەرگەن ساناقسىز قۇربانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقىرىۋېتىدۇ . بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى پۈتۈنلەي ھازىرقى نەپسانىيەتچى لىدىرلار ، شۆھرەتپەرەس رەھبەرلەر ، قارا نىيەت ياشلار ، ۋە مۇھاجىرەتتىكى بارلىق نادان ئۇيغۇرلارنىڭ زىممىسىغا ئورتاق يۈكلىنىدۇ .

ئۇنداقتا ، تارىختا ۋەتىنىمىز تۇنجى قېتىم قوراللىق ئىشغال قىلىنىپ ، مۇستەملىكە قىلىنغان **1759** - يىلدىن تاكى **1959**- يىلغىچە بولغان ئىككى ئەسىر جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان تالاي « ۋەتەنگە خائىنلىق » ۋە « مىللىي مۇناپىقلىق » ئۇقۇملىرىغا قانداق تەبىر بېرىش كېرەك !؟؟ ۋەتەن خائىنى بىلەن مىللىي مۇناپىقنىڭ قېلىپلاشقان فورمۇلاسى بارمۇ ؟؟؟ ۋەتەن خائىنى ۋە مىللىي مۇناپىق دېگەن كىم !؟ ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ، خاراكتېرلىرى ، خۇي - مىجەزلىرى ، قىلىقلىرى ۋە تۈپكى سۈپەتلىرى قايسى !؟

## مۇقەددىمە : خائىنلىقنىڭ تەبىرى ۋە يېشىمى

### ( 1 ) : خائىنىنىڭ تولۇق فورمۇلاسى

شەرق ئەللىرى ، جۈملىدىن ئىسلام دۇنياسى كەڭ كۆلەملىك ھەربىي مۇستەملىكىچىلىككە دۇچ كېلىۋاتقان پاجىئەلىك دەۋرلەر ھېساپلانغان **19** - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى داڭلىق ئىسلاھاتچى دىنىي داھىي ، ئىنسانىيەت تەرىپىدىن « شەرقنىڭ مارتېن لۇتېرى » دەپ ھۆرمەتلەنگەن مەشھۇر دىنىي ئىسلاھاتچى ، سىياسىيون ، بۈيۈك مۇتەپەككۇر ۋە پەيلاسوپ مەرھۇم جامالىدىن ئافغانى ھەزرەتلىرى ئوچۇق دېگەن :« ۋەتەن خائىنى دېگەن : دۈشمەن كۈچلىرىنى ئاتا مىراس زېمىنىغا بىر قەدەم يېقىنلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان، بىر كۈن ئۆزاق داۋام قىلىشىغا پاي قوشقان، بىر مىنۇت رەزىل جىنايەت قىلىۋېلىشىغا سۈكۈت قىلىش ئارقىلىق پۇرسەت بەرگەن ئاقىنانچى يارامسىزلار، ئاچكۆز نادانلار ، نەپسانىيەتچى چۈپرەندىلەر، قۇللۇقنى شەرەپ بىلىدىغان قارا قورساقلار ۋە ئۇچىغا چىققان توخۇ يۈرەك قورقۇنچاقلاردۇر ! ». **1870**- يىلى

مەرھۇم **150** يىل ئىلگىرى بۇ گەپلەرنى ھازىرقى ئۇيغۇرلارغىلا قىلغان بولغىيمىتى ؟ ئالىم يەنە شۇنداق دەيدۇ: « ۋەتىنى مۇنقەرزلىكتە تۇرۇپ، كۈندە يېرىم سائەت ۋاختىنى ئەھمىيەتسىز ئۆتكۈزۈش ياكى بىھۇدە ئىشلار بىلەن ئىسراپ قىلىۋېتىش ۋەتەنگە خىيانەتتۇر !». يۇقىرىقى « خائىنىنىڭ فورمۇلاسى » دىن زادى قانداق كىشىلەرنىڭ « ۋەتەن خائىنلىرى » ئىكەنلىكى ئوچۇق چىقىپ تۇرىدۇ . ئۇنداقتا ھەممىمىز بۇ فورمۇلاغا ئۆزىمىزنى قويۇپ ئويلىنىپ باقايلى .

**20** - ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەشھۇر دىنىي ئالىمى ، بۈيۈك مۇتەپەككۇر ۋە ئىسلاھاتچى ئۆلىما مۇھەممەد

غەززالى « خائىن » غا رىئاللىقتا تولىمۇ ئۇيغۇن بولغان ئۆزگىچە تەبىر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ : « « خائىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن دۈشمىنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىشىڭ ھاجەتسىز . پەقەت دۆتلىكىڭلا يېتەرلىك ! » مۇھەممەد غەززالى . ( دېمەك بىر ئەقىللىق دۈشمەن بىزنى قانچىلىك تالاپەتكە ئۇچراتسا ، بىر نادان ۋە كالۋا مۇسۇلمان ئۇيغۇر ياكى دىنسىز ماڭقۇرت ئۇيغۇر ۋاستىلىق بولسىمۇ بىزنى دۈشمەندىن بەتتەر تالاپەتكە ئۇچرىتالايدۇ).
بۇ تەبىرگە قارىغاندا ، مۇھاجىرەتتىكى بارلىق ئۇيغۇرلار « خائىن » كاتېگورىيىسىگە كىرىپ كېتىدۇ . چۈنكى دۆتلۈك ئىنتايىن خەتەرلىك ۋە قورقۇنچلۇق ئىللەت بولۇپ ، بۇ ھەقتە داڭلىق گېرمانىيە ئالىمى ئالاھىدە توختالغان بولۇپ ، تۆۋەندىكى بىر جۈملە خۇلاسىسى ئۇيغۇرلارنى چوڭقۇر ئويلاندۇرۇشى لازىم :

## ( 2 ) : دۆتلۈك يامانلىقتىن بەكرەك خەتەرلىك دۈشمەندۇر

گېرمانىيەلىك مەشھۇر تېئولوگ بونخوففېر (1906~1945، ناتسىستلار تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان ۋە شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلگەن)نىڭ تۈرمىدە يازغان كىتابىدا مۇنداق مەزمۇنلار بار:
دۆتلۈك يامانلىقتىنمۇ بەكرەك خەتەرلىك دۈشمەندۇر. سىز يامانلىققا قارشى تۇرالايسىز، ئۇنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىۋېتەلەيسىز ياكى كۈچ-قۇدرىتىڭىز ئارقىلىق ئۇنىڭدىن مۇداپىئە كۆرەلەيسىز. يامانلىق ھەرۋاقىت ئۆزىنى ھالاك قىلىشنىڭ ئۇرۇقىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. ئەمما دۆتلۈكتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەسلا مۇمكىن بولمايدۇ. دۆتلۈككە نىسبەتەن قارشىلىق ۋە كۈچ-قۇدرەت ھېچنىمىگە ئەسقاتمايدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ ئىنسانىي ئەقىلگە بويسۇنمايدۇ.
دۆتلۈككە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، پاكىت بىلەن ئۆزىنىڭ بىر تەرەپلىمە قارىشى توقۇنۇشۇپ قالسا، بۇنداق پاكىتقا ئىشىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەگەر ئۇ پاكىتنى ئىنكار قىلىش ئەسلا مۇمكىن بولمىسا، ئۇنداقتا بۇ پاكىتنى چوقۇم ئايرىم ئەھۋال دەپ ئېتىبارغا ئالماسلىق لازىم.
شۇڭا زوراۋانلارغا سېلىشتۇرغاندا دۆتلەر ھەردائىم ئۆزىچە كۆرەڭلەپ يۈرۈشىدۇ.
كېيىپ ئېيتالايمىزكى، دۆتلۈك ھەرگىزمۇ ئەقلىي كەمتۈكلۈك ئەمەس، بەلكى بىر ئەخلاقىي كەمتۈكلۈكتۇر. بەزى كىشىلەرنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتى ناھايىتى يۇقىرى، ئەمما ئەمەلىيەتتە دۆتتۇر. بەزى كىشىلەرنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتى تۆۋەنرەك، ئەمما ھەرگىزمۇ دۆتلەردىن ئەمەس. دۆتلۈك تۇغما بولماستىن، بەلكى كېيىن يېتىلدۈرۈلگەن. مەلۇم مۇھىت ئاستىدا بەزىلەر ئۆزىنى دۆت قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ ياكى باشقىلارنىڭ ئۆزىنى دۆتلەردىن قىلىپ چىقىشىغا يول قويىدۇ . ( ئۇيغۇرلار يېقىنقى ئۈچ ئەسىردىن بېرى ھەم ئۆزىنى ئۆزى دۆت قىلىپ يېتىشتۈردى . ھەم دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن سىجىل ۋە سىستېمىلىق ھالدا دۆتلەردىن قىلىپ سۈنئىي يېتىشتۈرۈلۈپ چىقىلدى ) .
دۆتلەر ئادەتتە ناھايىتى جاھىل بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بىز بۇ تۈپەيلى ئۇلارنى مۇستەقىللىققا ئىگە ئىكەن دەپ خاتا ئويلاپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ئادەتتە دۆتلەر بىلەن پاراڭلاشقىنىڭىزدا ئالدىڭىزدا تۇرغان كىشىنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى بىر تالاي شوئار دۆۋىسى ياكى شۇنىڭسىمان بىر نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. بۇ نەرسىلەر ئۇنى كونترول قىلىش قۇدرىتىگە ئىگە. ئەمەلىيەتتە ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن ئازدۇرۇلغان، ئەقىل كۆزى ئېتىلگەن، ئۇنىڭ ئادىمىيلىكى ئىزچىل باشقىلار تەرىپىدىن پايدىلىنىلغان، دەپسەندە قىلىنغان. قاچانكى ئۇ ئۆز ئىرادىسىنى خالاپ باشقىلارغا تاپشۇرىدىكەن، ئۇ يېتەلمەيدىغان يامانلىقنىڭ چەك-چېگرىسى مەۋجۇت بولمايدۇ. ئەمما ئۇ بۇ يامانلىقلارنى مەڭگۈ تونۇپ يېتەلمەيدۇ.
بىزنىڭ ھۆكۈمرانلىرىمىز كىشىلەرنىڭ مۇستەقىل ۋە ئۆتكۈر تەپەككۇرغا ئىگە بولۇشىنى ئەمەس، بەلكى دۆتلەردىن بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ( بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقىنىمىزدا ۋەتەن خائىنلىرى ۋە مىللىي مۇناپىقلارنىڭ ھەقىقىي ئىستىكى بىلەن تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ مۇددىئاسىنىڭ بىردەك ئىكەنلىكىنى بايقايمىز . ۋەتىنىمىزدە 108 يىلدىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان ئاتالمىش نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياستى ئەمەلىيەتتە دەل دۆتلەشتۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ ) .
خەقلەر ھەر قانچە ئەۋلىيا بوپكەتسۇن ، ھەتتا پەيغەمبەر ئەۋلادى بوپكەتسۇن ، بىزنىڭ ھەممە ئىشىمىزنى

بىزدەك ئەتراپلىق ۋە تولۇق كۆرۈپ يېتەلمەيدۇ . شۇڭا چىقارغان خۇلاسىلىرى ۋە دىئاگنوزلىرىمۇ بىزگە ماس كەلمەي قالىدۇ . شۇڭا ئىچكى ئەھۋالىمىز ۋە ماماتلىق مەسىلىمىز ھەققىدە ھېچكىمنىڭ كۆزى بىزدەك كۆرمەيلا قالماي ، ھېچكىم مەسىلىنى بىزنىڭ ئەڭ ئالىي مىللىي مەنپەئەتىمىز ۋە مىللىي ئىرادىمىزنى يېگانە ئۆلچەم قىلىپ ئويلىمايدۇ . دېمەك بىز ئۆزىمىزنىڭ مەسىلىسىگە ، مىللىي تارىخىمىزغا ، داڭلىق تارىخىي شەخسلىرىمىزگە « قارىغۇ » ياكى « يەكچەشمە » كۆز بىلەن بىر تەرەپلىمە خاھىش بىلەن بېقىش ئەمەس ، بەلكى بىجىرىم ۋە ساغلام كۆز بىلەن بېقىشىمىز لازىم . شۇندىلا مەسىلىنىڭ ماھىيىتى روشەنلىشىدۇ . يەنى\ئىبىز يۇقىرىقى مەسىلىلەردە ئۆزگىلەرنىڭ كۆزى ۋە مەنپەئەتى بىلەن ئەمەس ، بەلكى ھەر ۋاقىت ئۆزىمىزنىڭ كۆزى ۋە ئەڭ ئالىي مىللىي مەنپەئەتىمىزنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ باھا بېرىشىمىز كېرەك .

## بىرىنچى بۆلۈم: خائىنلىق ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر زىيىنى

قەدىمدىن ھازىرغىچە «خائىن» سۆزى ۋەتەنگە ۋە مىللەتكە ئاشكارا ھەم يوشۇرۇن ئاسىيلىق قىلىپ كەلگەن كىشىلەرگە قارىتىلىپ كەلگەن بىر سۆزلۈك ۋە يىرگىنىشلىك ئاتالغۇ بولۇپ ، ھەر تۈرلۈك مەينەتچىلىكلەر ۋە ھىلە - مىكىرلەر كۆپىيىپ كەتكەن ھازىرقى زامانىمىزدا ئۇنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ كەتكەن.
زامانىمىزدا «خائىن» سۆزى ۋەتەن ۋە مىللەتكە ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاننىڭ سىرتىدا، مۇناپىقلارنى، چېقىمچىلارنى، ئۆز مىللىتىنىڭ زىيىنىغا چاپىدىغان غالچىلارنى، ساتقۇنلارنى ۋە ھەقىقەتكە كۆز يۇمغۇچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
خائىنلار – ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ سۆڭىكىنى غاجايدىغان لالما ئىتلار ، يىلىكىنى شورايدىغان تۈلۈم چاشقانلار، مىللەتنىڭ گۆركارلىرى ، خەلقنىڭ ئىززىتىنى دەپسەندە قىلغۇچى ۋە ئۆز قان - قېرىنداشلىرىنىڭ باشلىرىنى بېسىمدارلارغا ۋە تاجاۋۇزچى باندىتلارغا قوشقوللاپ سۇنغۇچى ھارامزادە ئەبلەخلەردۇر . يېقىنقى 70 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر مىللىتىدىكى خائىنلار تەبىقىسى ۋەتەندە ئاساسلىقى زور كۆپچىلىك قېپقىزىل يازغۇچىلار ۋە شائىرلارنى، قارا قورساق ۋە جان باقار موللىلارنى، ھوقۇق بىلەن مەنسەپ ئۈچۈن ھەر نەرسىسىدىن ، ھەتتا ئىپپەت - نومۇسلىرى بىلەن خوتۇن - قىزلىرىدىن كېچىدىغان ئاچكۆز ۋە نومۇسسىز ئەمەلدارلارنى، مەنسەپ ۋە پۇل تەمەسىدە ئۆز مىللىتىنى سېتىشنى كەسىپ قىلىۋالغان غالچىلار ، پۇل ئۈچۈن خەلقنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقى ۋە يەرلىك ئىقتىسادىي كۈچىنى ۋاكالىتەن يوقاتقۇچى قىزىل بايلار ، قىزىل ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە دېھقانلار قاتلىمىدىكى بىر قىسىم تېگى پەس چېقىمچى ۋە تۆھمەتخور كاززاپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا ، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تېخىمۇ يوشۇرۇن نىقاپلىق ۋە كېلىپ چىقىشى سىرلىق بولغان تالاي مىللىي مۇناپىقلار ساماندەك كۆپ بولۇپ ، ئۇلار ئاساسلىقى مۇھاجىرەتتىكى خەلقىمىزنىڭ ئاقساقاللىرى ، لېدىرلىرى ، زىيالىلىرى ، دىنىي زاتلىرى ، پۇلدار - بايلىرى ، ئاۋام ئارىسىدا مەلۇم دەرىجىدە تەسىرى بار جامائەت ئەرباپلىرى قاتارلىق خەلقىمىزنىڭ تەقدىرى ۋە سىياسىي ئىستىقبالىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان داڭلىق كىشىلەر ئەتراپىغا قان شورىغۇچى پاشىلاردەك ۋە چىۋىنلەردەك زىچ مەركەزلەشكەن . بەلكىم ئۇلار ئاللىبۇرۇن يۇقىرىقى مىللىي ، دىنىي ۋە سىياسىي تونلارغا ئورۇنۇۋېلىپ ، ھەرىكەتكە ئۆتۈپ بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن . ئەمما ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئالاھىدىكى ، خۇسۇسىيىتى ۋە ئۆزگەرمەس سۈپىتى بولغاندەك ، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزگەرمەس ۋە ئاۋامدىن يوشۇرالماس تۈپ خاراكتېرلىرى ۋە سۈپەتلىرى ئاسماندىكى تولۇن ئايدەك ئوچۇق بولۇپ ، ئومۇمىي مەدەنىيەت سەۋىيىسى خېلىلا تۆۋەن بولغان خەلقىمىز خۇددى « نامازشام قارىغۇلىرى » غا ئوخشاش ئۇلارنى ئېنىق كۆرەلمەيدۇ . شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى بىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر جۈملىنى ئوقۇپ چىقىپ ، شۇ فورمۇلا بىلەن سۈپەتلەنگۈچىنى قىينالمايلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ :
« ۋەتەن خائىنلىرى ۋە مىللىي مۇناپىقلار ھەممىسىلا بىردەك شەخسىي مەنپەئەتىنى ، شەخسىي غۇرۇرىنى،[1] ئېھتىياجىنى ، ئاتاق - ئابرۇيىنى ، خاھىشىنى ، شەخسىي پىكرىنى، شەخسىي ئارزۇسىنى ، شەخسىي قارى-

شىنى، مىللەتنىڭ نام - ئابرۇيىدىن، ئېھتىياجىدىن ، ئىستىكىدىن ، مىللىي ئارزۇسىدىن ، مىللىي غۇرۇرىدىن ، مىللەتنىڭ تەقدىرىدىن ۋە ئالىي مىللىي مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن قويىۋالىدىغان تېگى پەس ۋە نومۇسسىز ئەبلەخلەردۇر . بۇنداق خاراكتېر ۋە سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان ئىپلاس مەلئۇنلار بىردەك قۇتلۇق ، پاك ۋە ھەققانىي مەسىلىمىزنىڭ تىزگىنىنى ۋە ئالىي سىياسىي تەقدىرىمىزنى نەچچە ئەۋلاد قان - قەرزگە بوغۇلغان مەينەت باندىتلار ، ئاتالمىش دېموكراتىك دۈشمەنلەر ۋە باشقا شەيتاندەك سەممىيەتسىز ۋە رەزىل دۇنياۋى ئۇيغۇر دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا قوش قوللاپ تۇتقۇزۇپ قويۇش ئۈچۈن تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىدۇ . مەيلى ئۇلار « دەرەخ كېسىدىغان پالتىلارغا ياغاچ ساپ » بولغانلىقلىرىنى ئاڭقىرالىسۇن ياكى ئاڭقىرالمىسۇن ، قىلمىشلىرىدىن يانماي ۋە تۆۋە قىلماي ، كەچۈرۈلمەس جىنايەتلىرى ۋە خىيانەتلىرىدە داۋام قىلىۋەرسە ، ئۇنداقتا ئۇلار 21 - ئەسىردىكى ئەڭ كەچۈرۈلمەس ۋەتەن خائىنلىرى ، ئەبەدىي لەنەتكە دۇچار بولىدىغان ئىبرەتلىك مىللىي مۇناپىقلار ۋە تارىخىي جىنايەتچىلەردۇر ! » .

## ( 1 ): خائىنلىق - قېنى ، گېنى ۋە تېگى پەسلىكتۇر !

**20** - ئەسىرنىڭ مەشھۇر ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالى ، خائىنلىق ۋە ئۇنىڭ رەزىللىكى ھەققىدە يەنە مۇنداق دەپ يازغان:«خائىنلىق بىر خىل رەزىل قىلمىش. ئۇنى روھىيىتى ۋە مەنىۋىيىتى بۇلغانغان، روھى كور، نەپسانىيەتچىلىك ئىدىيىسى كۈچلۈك، ئىنتايىن تېگى پەس ئادەملەر سادىر قىلىدۇ . ئىسلامنىڭ نەزىرىدە خائىنلىقنىڭ گۇناھى مۇناپىقلىق ۋە كاپىرلىقنىڭ گۇناھىدىن ئېغىر ئىكەنلىكىدە شەك يوق. قۇرئان كەرىمدە:«خىيانەتكە ئادەتلەنگەن، گۇناھقا چۆمگەن كىشىنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ» دەپ كەلگەن. ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزمۇ بىر ھەدىستە: «ئاللاھ بىرەر بەندىسىنى ھالاك قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭدىن ھايانى سۇغۇرۇپ ئالىدۇ، ئۇنىڭدىن ھايا سۇغۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ھەر كىمنىڭ نەپرىتىگە ۋە غەزىپىگە لايىق بىرى بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئامانەت يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئامانەت يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ ھەمىشە خىيانەت قىلىدىغان ماھىر خائىنغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇ خائىنغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن رەھىم _ شەپقەت يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن رەھىم _ شەپقەت يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ كىشى لەنەتكەردىگە ئايلىنىدۇ، ئۇ لەنەتكەردى بولغاندىن كېيىن، ئىمان ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىدۇ» دەپ ئالدىن ئاگاھلاندۇرغان . خائىنلار مەيلى ئۆزىنىڭ قەۋم - قېرىنداشلىرى، مەيلى ئۆزلىرى ئىشلىگەن خوجايىنلىرى تەرىپىدىن بولسۇن ھەرگىزمۇ ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى خائىن - مىللىتىدىن تانغان تېگى پەس تۆزكور بولغانلىقتىن، ئۇنى باشقىلار ئەمەس، ئۆزىنىڭ قوۋم - قېرىنداشلىرىمۇ سۆيمەيدۇ. ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ. مۇنداق خائىنلارنى ئىشلەتكەن خوجايىنلىرىمۇ ئۇلارغا ئىشەنچ قىلمايدۇ، سۆيمەيدۇ، ۋاپا قىلمايدۇ، ئاخىرى ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇپ تۈگىتىدۇ. چۈنكى ئۆزىنىڭ قوۋم - قېرىنداشلىرىدىن تانغان، ئۆز مىللىتىنى قىرغىن قىلغان ، ئۇلارنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ياۋلارغا ئىشلىگەن خائىنلارنى ئىشلەتكەن خوجايىنلارمۇ ئۇلارنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى، تۆزكورلۇقىنى، ۋاقتى كەلسە ئەجنەبىي خوجايىنلىرىنىمۇ سېتىپ قويىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ - دە، ئۇلارغا ۋاقتىنچە ئىنئاملارنى قىلىپ تۇرۇپ پەيلەپ خىزمەتلىرىگە سېلىپ بولۇپلا ، ئاستىرتتىن ئۇلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىغا كىرىدۇ. دۇنيادا خائىندەك پەسكەش، زىيانكار، نومۇسسىز ۋە ئەخمەق مەخلۇق بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئۇ مىللىتىنىڭلا ئەمەس، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ گۆرىنى ئۆز قولى بىلەن كولايدۇ ئەمەسمۇ؟!»

## ( 2 ) : ئۇيغۇرلاردىن چىققان خائىنلارنىڭ زىيىنىمۇ ئاز بولمىغان

مەرىپەت تور بېكىتىدە ئېلان قىلىنغان نوپۇزلۇق ماقالىلەرنىڭ بىرىدە، ئۇيغۇر زىيالىلىرىدىن مەلۇم بىرىنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازغانلىقى قەيت قىلىنغان: «مۇناپىقلىق ئەنە شۇنداق تېگى پەسلىك ۋە ئۇچىغا چىققان رەزىللىكتۇر. ئۇيغۇر مىللىتىدىن چىققان، تېگى پەس، رەزىل خائىنلارنىڭ خەلقىمىزگە سالغان زىيانلىرى ئاز بولمىغان. مەسىلەن: مىلادىيە 9 - ئەسىردە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىپ تاشلىنىشىغا ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ

قاغانلىق سارىيىدىكى بىر قىسىم خائىن، مۇناپىقلارنىڭ پۈتۈن مەخپىيەتلىكلەرنى قارشى تەرەپكە يەتكۈزۈپ قويۇش ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىگە خىيانەت قىلغانلىقى سەۋەب بولغان. شۇنداقلا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يىمىرىلىپ قالماقلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىدىمۇ، مەنسەپ تەمەسىدە دۈشمەنگە سېتىلىپ كەتكەن قورچاق ئافاق خوجا باشچىلىقىدىكى مۇناپىقلارنىڭ خائىنلىقى ئاساسلىق رول ئوينىغان. ھازىرمۇ بۇ خىلدىكى مۇناپىقلارنىڭ خەلقىمىزگە بولغان زىيانكەشلىكى داۋام قىلماقتا » .

بۈرۈنلاردا ۋەتىنىمىزدە تاجاۋۇزچى باندىتلار ۋە ئىشغالچى بېسىمدارلارنىڭ ئازراق ئىنئامىغا ئالدىنىپ ئۆز خەلقىنى ئۇلارغا تۇتۇپ بېرىدىغان، قورسىقى يوغىناپ قالغان ئايالارنى پىلانلىق تۇغۇتنىڭ غالچىلىرىغا چېقىپ قويىدىغان، بىرەر ئادەمنىڭ بالىلارنى ئاللاھنى ۋە رەسۇلۇللاھنى تونۇتقانلىقىنى بىلىپ قالسا ساقچىلارنى باشلاپ كېلىدىغان، خەلقىم، مىللىتىم دېگەنلەرنىڭ كاللىسىنى زالىملارغا سوۋغات قىلىدىغان ھايۋان مىجەز خائىنلار، ساتقۇنلار ۋە مۇناپىقلار كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ، خەلقىمىزنى يىللاپ زار - زار يىغلاتقان بولسا ، مانا ئەمدىلىكتە ئۆزىنىڭ كونا شەخسىي ئۆچلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن دۈشمەنگە ئىختىيارىي غالچا بولۇپ ، بۈرۈنقى بارلىق كۆزىگە سىغمىغان كىشىلەرنى ھەر خىل بەتنام ۋە تۆھمەتلەر بىلەن چېقىشتۇرۇپ ، ئۇلارنى جازا لاگىرلىرىدا تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز ھەر خىل ئېغىر خورلۇقلار ۋە دەپسەندىچىلىكلەرگە دۇچار قىلغاننى ئاز دەپ ، ئۇلارنىڭ يىگىرمە - ئوتتۇز يىللاپ ناھەق تۈرمىلەرگە قامىلىپ ھاياتىنىڭ مەنىسىنى يوقىتىشىغا ، ھەتتا ئۆلۈمىگە سەۋەپ بولۇۋاتقان مەلئۇنلارنىڭ سانى ساناقسىز ، زىيىنى مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر بولماقتا . بولۇپمۇ جازا لاگىرلىرىدىكى ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنى خالىغانچە ئاياغ - ئاستى قىلىدىغانلارنىڭ يەنىلا ئۇيغۇر زۇۋانلىق خىتاي روھلۇق ، تاشقى شەكلى ئۇيغۇر ، ئىچكى مەنىۋى دۇنياسى پۈتۈنلەي خىتايلىشىپ كەتكەن ئىپلاس ۋە نومۇسسىز توڭگۇزلار ئىكەنلىكى بىزنىڭ يۈرەكلىرىمىزنى مۇجۇپ تاشلىماقتا . بۇنداق غالچىلارنىڭ بارلىق جىنايى قىلمىشلىرىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەشمۇ ئاسان ئەمەس . مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقى خورلۇق ۋە خارلىقلارنى ئۇزۇل - كېسىل تۈگىتىش ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك ھەرىكەتكە كېلەلمەي ، تېخىچە بىر - بىرىنى باھالاپ ، قارىلاپ ، قۇرۇق نام - ئاتاق تالىشىپ ، « بەگ‌گىلەرنىڭ خىيالى » دىكى ۋەقەلىككە ئوخشاش تېخى قولىدا بولمىغان مەۋھۇم نەرسىلەرنى ۋە مەۋھۇم مەنسەپلەرنى تالىشىشتىن باشقا « قابىلىيىتى » بولماسلىقى، بۇ ئاز كەلگەندەك بىر قىسىم ئاتالمىش زىيالى ۋە دىپلوملۇق ئەرباپلارنىڭ ئاخىرى چىقماس قۇرۇق تالاش - تارتىش قوزغاپ ، خەلقىمىزنى ئەخمەق قىلىپ ، ئاساسلىق دىققەتنى ھازىرقى ئاچچىق رېئاللىقتىن ئۇستىلىق بىلەن بۇرۇۋېتىپ، ساددا ۋە نادان خەلقىمىزنى يا ئۆتمۈشتىكى شانلىق تارىخلار بىلەن مەست قىلىپ ، بۈگۈنكى ئاچچىق رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى ، ياكى ئەتىكى ئېنىق بولمىغان « مەۋھۇم پارلاق كېلەچەك » نى پەش قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى بۈگۈنكى زور مەسئۇلىيەتتىن قاچۇرۇپ ، خەلقنى بەزلەپ بىخۇتلاشتۇرۇش رولىنى ئويناپ ، دۈشمەن بىلەن پاراللېل ھەرىكەت قىلىۋاتقان ھالەتنى پەيدا قىلىۋاتقانلىقى ئادەمنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ . چۈنكى ھازىرقى ئۇيغۇرلار توردا بىر نەچچە سائەت سۆزلەپ قويغانغا ، ئايدا ، يىلدا نەچچە قېتىم نامايىش قىلىپ ، چوڭ شوئار توۋلاپ قويغانغا ئەھۋالىمىزدا قىلچە ئۆزگىرىش بولمايدۇ . ئۇنداقتا بىزگە قويۇلىدىغان تەلەپ قانچىلىك ئېغىر ۋە چىڭ!؟ جامالىددىن ئافغانى ھەزرەتلىرى بۇ ھەقتە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارغا شۇنداق ھۆكۈم قىلىدۇكى : « ۋەتىنى مۇنقەرزلىكتە تۇرۇپ، كۈندە يېرىم سائەت ۋاختىنى ئەھمىيەتسىز ئۆتكۈزۈش ياكى بىھۇدە ئىشلار بىلەن ئىسراپ قىلىۋېتىش ۋەتەنگە خىيانەتتۇر !». شۇڭلاشقا مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار مۇشۇ خىل يۈكسەك روھ ۋە زور مەسئۇلىيەت بىلەن بېلىنى چىڭ باغلاپ ھەرىكەتكە ئۆتمىسە، كېلەچەكتە تارىخىمىزدىكى ئەڭ كەچۈرۈلمەس ۋەتەن خائىنلىرى ۋە ئەشەددىي مىللىي مۇناپىقلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ .

## ئىككىنچى بۆلۈم: قەدىمقى زاماندىكى ئۇلۇغ ناملىرى مەڭگۈ مەدھىيلىنىپ تۇرىدىغان بۈيۈك داھىيلىرىمىزدىن يېقىنقى زامانلاردىكى ئەبەدىي لەنەتلىنىپ كېلىۋاتقان ۋەتەن خائىنلىرىغىچە

تارىختا ئۇيغۇر خەلقىنى ماماتلىق پەيتلەردە ساقلاپ قالغان « بوسات تېكىن » ، « ئاي ئوجرۇ» ، « كۆل بىلگە قادىرخان » ، « بارچۇق ئارت تېكىن » ، « قوچقار تېكىن » ، « ئارسلان تېكىن » ، « سۇلتان ئالائىددىن ئەرەتنا » ، « مەھمۇد ۋە مەسئۇد ئاتا - بالا يالۋاچلار» كەبى داھىيلار يېقىنقى 400 يىللىق تارىخىمىزدا قايتا ئوتتۇرىغا چىقمىدى . بۇ 400 يىلدا ئۇيغۇر خەلقى ئەجداتلىرىدىن مىراس قالغان يۈكسەك مەدەنىيەت ۋە بۈيۈك قەھرىمانلىق داستانلىرىغا تايىنىپ تۇرۇپ « ئۆزىنى ساقلاپ كەلگەنىدى».

دۇنيا تارىخىغا نەزەر سالساق ، نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تارىخىدا ئۇلارنى قاراڭغۇلۇقتىن قۇتقۇلدۇرغان ، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى خەۋپكە ئۇچرىغاندا ئۇلارغا ئۈمىد بەخش ئەتكەن ۋە يېڭى ھاياتلىققا ئېرىششىگە يول ئاچقان لېدىرلىرى بولغان . مەسىلەن : كونا گىرىكلەرگە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ، كونا موڭغۇللارغا چىڭگىزخان ، كونا ئورۇسلارغا ئىسكەندەر ياروسلاۋ ، چارروسلارغا ئۇلۇغ پېتېر ، گېرمانلارغا بىسمارك ، فرانسۇزلارغا ناپالېئون ، ئىنگلىزلارغا چېرچىل ئەنە شۇنداق لېدىرلەردىن ئىدى . شۇنىڭغا كۆرە ، مۇشۇنداق لېدىرلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى ۋە ئىدىيىلىرى تىللاردا داستان بولۇپ ، خەلق تەرىپىدىن ئۇلۇغلىنىدۇ ۋە ھەتتا ئىدېئاللاشتۇرۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ نامى مەڭگۈلۈك قىلىنىدۇ . بۇ بىر سىمۋوللۇق جەرياندۇر. خەلق بۇنداق لېدىر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەنىسىنى قايتا - قايتا چايقاپ ئاكتىپلايدۇ ، كوللېكتىپلاشتۇرىدۇ .( تەۋەلىك تۇيغۇسىغا ئېرىشىدۇ ) ھەم ئۇ نامايان قىلغان قىممەتلەرنى ئىچكىيلەشتۈرىدۇ. ئۆزىنى ئۇنىڭغا پەخىر ، ھۆرمەت ۋە ئۇلۇغلاش بىلەن باغلايدۇ

قەدىمكى زاماندىكى بىر قىسىم خوشنا ئەللەرنىڭ تارىخىغا نەزەر سالساق ، قىتان، جۇرجىت ۋە موڭغۇللارنى قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلدۇرغان ، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى خەۋپكە ئۇچرىغاندا ئۇلارغا ئۈمىد بەخش ئەتكەن ۋە يېڭى ھاياتلىققا ئېرىششىگە يول ئاچقان قابىل داھىيلىرى ( لىدېرلىرى) ئوتتۇرىغا چىققان .

قىتانلاردىن يوللۇغ ئاپاگي ( ئاپوجى ) تارىختا قىتان دېگەن بىر قەۋمنى دۇنيا تارىخىغا قوشۇپ، 200 يىللىق سەلتەنەتكە ئۇل سالغان. ئەمما قىتانلارنىڭ مەدەنىيەت ئاساسى ئاجىز بولغاچ ، ئۇلار تېزلا شىمالدىكى جۇرجىتلارغا ۋە سېپىل ئىچىدىكى خىتايلارغا سىڭىشىپ كەتتى .

جۇرجىتلاردىن ئاگۇدا چىقتى . ئۇنىڭ غەيرىتى بىلەن تارىختا « ئالتۇن خانلىقى » دەپ ئاتالغان جۇرجىت دۆلىتى پەيدا بولدى . ھەتتا بۇ خانلىق 1616 - يىلى قۇرۇلغان « كېيىنكى ئالتۇن خانلىقى » نىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى . مەزلۇم جۇرجىتلار قىتانلارنى يوقىتىپلا ، ئۆزلىرى ئەڭ چوڭ زالىمغا ئايلىنىپ ، 1114 - يىلى ئاگۇدا تىكلىگەن سەلتەنەتنى 1214 - يىلدىن باشلاپ، ئۆزلىرى قاتتىق ئېزىپ كەلگەن موڭغۇللارنىڭ يېڭى قاغانى چىڭگىزخانغا تارتقۇزۇپ قويۇشقا باشلىدى. جۇرجىتلار 1236 - يىلى ئۆگەدەيخان زامانىدا مۇنقەرز بولۇپ ، سېپىل ئىچىدىكىلىرى خىتايلارغا سىڭىپ كەتتى . مانجۇرىيەدە قالغان قالدۇقلىرى كېيىنچە موڭغۇللاردىن قۇتۇلۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشىدا كېيىنكى مانجۇلار نامىدا تارىخ سەھنىسىگە قايتا چىقتى .

نۇرخاچ ئاساس سالغان مانجۇرلار 1644 - يىلى سەددىچىندىن كىرگەندىن كېيىنلا تېز سۈرئەتتە خىتايلاشتى.1916 - يىلى خىتايدىكى بەش مىللەتنىڭ بىرى ھېساپلانغان مانجۇرلار 1949 - يىلدىن باشلاپ 1959 - يىلغىچە تولۇق يوق قىلىندى. ھازىر ئۇلارنىڭ خىتايلاردىن ھېچبىر پەرقى قالمىدى .

موڭغۇللارنىڭ بوۋىسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان، بىر قىسىم تارىخچىلار تەرىپىدىن « بايانچۇر » قاغان ئۆزى شۇ دەپ قارىلىۋاتقان بۇزەنجۇرخان ئوغلى قايدۇدىن تۆت ئەۋلاد ئۆتكەندىن كېيىن، 1125 - يىلى جۇرجىتلارنىڭ قىتانلارنى يوق قىلغانلىقىدىن پايدىلانغان تۇنجى موڭغۇل قاغانى قابۇل قاغان 1127 - يىلى دۇنيا سەھنىسىدە تۇنجى موڭغۇل سەلتەنىتىنى تىكلىۋالغاندىن كېيىن ، موڭغۇللار ئۇنىڭ ئوغلى ئامباغاينىڭ دەۋرىدە تېخىمۇ كۈچەيگەن . ھەتتا ئۇلار ئامباغاينىڭ نەۋرىسى تۆمۈرچىن ( داڭلىق چىڭگىزخان ) دەۋرىدە جاھاندىكى دەرىجىدىن تاشقىرى غايەت زور ئىمپېرىيەگە ئايلانغان . ئەمما موڭغۇللارمۇ چىڭگىزخاندىن كېيىن ، ئۆزلىرى تىزگىنلەپ تۇرغان خىتايلار ، ئەرەبلەر ، تۈركلەر ۋە قىپچاقلارغا سىڭىشىپ كەتتى . بولۇپمۇ مەدەنىيەتتە ئۇلارغا ئۇستاز بولغان ئۇيغۇرلار موڭغۇللارنىڭ ئاساسلىق قەبىلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ ، 13 - 14 - ئەسىرلەردە بىر مەھەل ئۇيغۇر دەۋرى ياراتتى .

ئۇيغۇرلار ماماتلىق پەيتلەردە قالغاندا بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ئۇيغۇر سەركىلىرى دانا ۋە يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن كەسكىن تەدبىر ۋە چارە قوللىنىپ ، مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزنى قوغداپ كەلدى . ئۇلارنى بىرمۇ بىر سانىغىلى تۇرساق تېمىدىن يىراقلاپ كېتىمىز .

تولىمۇ ئەپسۇس ، يېقىنقى ئۈچ ئەسىردە رۇسلار ئىچىدە بۈيۈك پېتىر ( 1672 - 1722 ) ئوتتۇرىغا چىقىپ ، رۇسلارنىڭ كېيىنكى 300 يىلدا دۇنيا زومىگەرى بولۇشىغا ئۇل سالدى . گېرمانلاردىن 18 - ئەسىردە فېرىدېرىك چىقىپ، بارلىق تارقاق گېرمان قەبىلىرىنى « پىرۇسسىيە» نامىدا ئۇيۇشتۇرغان بولسا ، 19 - ئەسىردە چىققان بىسمارك چىقىپ ، بارلىق ئۇششاق گېرمان تائىپىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ، ئىككىنچى ئىمپېرىيەنى قۇردى . ئاندىن گىتلىر ئۈچىنچى ئىمپېرىيەنى قۇردى . مانا بۈگۈن گېرمانلار ياۋروپانىڭ پاراۋۇزى ۋە سەركىسى .

رۇسلاردىن 18 - ئەسىردە بۈيۈك پېتىر چىقىپلا، كەلگۈسى 300 يىللىق رۇسلار سەلتەنىتىگە ئاساس سالغان بولسا ، فرانسۇزلار 19 - ئەسىردە بىر ناپولېئون چىقىرىپلا ، ياۋروپانىڭ زومىگەرىگە ئايلىنىپ قالدى . ئەنگلىيە بولسا بىر چېرچىل ئارقىلىقلا دۇنيادىكى يوقىلاي دېگەن تەسىرى ۋە كۈچىنى ساقلاپ قالدى .

قارايدىغان بولساق ، بىزدىكى ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىق قۇتلۇق ۋە شەرەپلىك كۈرىشىمىزنى شەخسىي مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ، ھەتتا شەخسىي خاھىشىمىز ئۈچۈن ئەزىز خەلقىمىزنى ، ۋەتىنىمىزنى ۋە بارلىقىمىزنى قۇربانلىق قىلىپ خائىنلىق قىلىش ئىللىتى ھازىرغىچە ئىزچىل داۋام قىلماقتا.

بۇ ئەجەللىك ئاجىزلىق يالغۇز ئۇيغۇرلاردىلا ئەمەس ، بەلكى بارلىق تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق بولغان « جانغا زامىن ئاجىزلىق » . ئەمما بىزدەك دۆلىتى بېسىۋېلىنغان ، دۈشمىنى كۆپ مىللەتكە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق . چۈنكى بىزدەك قىممەت باھالىق تاۋارغا ئايلىنىپ قالغان خەلقنى سېتىپ خەجلەيدىغان مىللىي مۇناپىقلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ . بىز بۇنى يورۇتۇش ئۈچۈن تارىختىكى بىر نەچچە ۋەكىل ۋە سىمۋول خاراكتېرلىق خائىنلار ۋە مىللىي مۇناپىقلارنى مىسال ئالساقلا ئەقىللىق خەلقىمىز ھازىرقى مىللىي مۇناپىقلىق ۋە خائىنلىقنىڭ نېمىلىكىنى ، ئۇلارنىڭ قانداق ئەبلەخلەر ئىكەنلىكىنى ئاسانلا چۈشىنىپ كېتەلەيدۇ ۋە ئۇلارنى ئالەمگە سازايى قىلىپ ئىبرەت قىلالايدۇ .

## ( 1 ) : ئۇيغۇر تارىخىدىكى بىر قىسىم ۋەتەن خائىنلىرى ۋە ئەشەددىي مىللىي مۇناپىقلار :

**1 . تاڭ تەيزۇڭغا سېتىلغان ئاسىنا سىر :**

مىلادى 582 - يىلى بىر پۈتۈن كۆكتۈرك قاغانلىقى ئىككىگە پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن ، شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك قاغانلىرى ئىزچىل قايتا بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈپ ، ئۆز ئارا ھۇجۇم قىلىشىپ زىددىيەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. بۇ ھال تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە كۈچىيىشىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى . ئاسىنا سىر ( ئاسىنا تۇر ) ئەسلىدە غەربىي تۈرك قاغانى چۇلۇ قاغانىنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى ئىدى . ئاسىنا سىرمۇ ئەنە شۇ قاغانلار قاتارىدا بىر مەزگىل غەربىي تۈرك قاغانى بولۇشقا مۇۋەپپەق بولدى . ئەمما خەلق ئۇنى قوللىمىغاچقا ، كۆڭلى قاتتىق رەنجىگەن ئاسىنا سىر تۈركلەرگە قاغان بولۇشتىن تاڭ تەيزۇڭغا تەسلىم بولۇپ ، ئۇنىڭ غالچىسى بولۇشنى ئەۋزەل بىلىپ ، 636 - يىلى لى شىمىنغا تەسلىم بولغان . نەتىجىدە تاڭ تەيزۇڭ ( لى شىمىن )ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق سەددىچىندىن تەڭرىتاغقىچە بولغان بىپايان ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلغان . ئارقىدىنلا ئاسىنا سىر 648 - يىلى 100 مىڭ ئەسكەر بىلەن تارىم ۋادىسىغا بېسىپ كىرىپ ، كورلا ، كۇچار، ئاقسۇ، قەشقەر ۋە خوتەن خانلىقلىرىنى بېسىۋېلىپ، داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ پەرغانىگە قەدەر بولغان بىپايان زېمىنلىرىمىزنى ئىشغال قىلغان . ئاسىنا سىر 650 - يىلى ئىشغالنى تاماملاپ ، شۇ يىلى ئۆلگەن تاڭ تەيزۇڭنىڭ يېنىدا قوغدىغۇچى ئەرۋاھ بولىمەن دەپ 655 - يىلى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ بىللە دەپنە قىلىنغان . ئۇ تەسلىم بولغاندىن كېيىنكى 29 يىل ئىچىدە مەركىزىي ئاسىيادىكى بارلىق قېرىنداش خانلىقلارنى مۇنقەرز قىلىپ ، شۇ يەرلىك بىر مىليوندەك ئۇيغۇرنىڭ قېنىنى ناھەق تۆككەن بولۇپ ، تارىختا ئۇنىڭدەك سادىق غالچا چىقىپ باقمىغانىدى . ئۇنىڭ خائىنلىقىنىڭ بەدىلىنى خەلقىمىز تاكى 751 - يىلى تالاستا تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى يوقاتقانغا قەدەر 101 يىل جانلىرى ۋە قانلىرى بىلەن ئېغىر تۆلىگەن .

## 2 . ئۇيغۇر قاغانلىقىنى ئاغدۇرغان قۇلۇق باغا :

744 - يىلى قۇرۇلۇپ ، 756 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنى يۆلەپ ، 762 - يىلدىن باشلاپ ئۇنى بېقىندى قىلىۋالغان ئۇيغۇر قاغانلىقى 823 - يىلى تارىختىكى ئەڭ كېڭەيگەن ئالتۇن دەۋرگە كىرىپ ، كورېيەدىن ھازىرقى تالاس ۋە ئىسسىقكۆل ۋادىلىرىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ، بۇ جايلاردىكى قارلۇقلارغا « يابغۇ » ئۇنۋانىنى بېرىپ ، قايتىدىن بېقىندۇرغان . قارلۇقلارنىڭ غەربىي قىسمى ئەسلىدە ئەرەبلەر بىلەن بىرلىشىپ 751 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنى تالاس ئۇرۇشىدا مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ، شەرقىي قىسمىمۇ 756 - يىلى ئۇيغۇر قاغانلىقىدىن يۈز ئۆرۈپ غەرپكە قېچىپ كېلىپ ، مۇستەقىل بولۇۋالغان ئىدى . بىراق قاغان چىقىدىغان « ياغلاقار » ئۇرۇقى بىلەن، ۋەزىر چىقىدىغان « ئادىز » ئۇرۇقى ئارىسىدىكى تەخت تالىشىش ئۇرۇنۇشلىرى 825 - 832 - يىللاردا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ نوپۇزى ۋە ھەيۋىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويغان . نەتىجىدە قارلۇقلار قايتىدىن بۆلۈنۈپ چىققان . ئارقىدىنلا 836 - يىلى ئاناساي دەريا بويىدىكى قىرغىزلارمۇ ئىسيان كۆتۈرۈپ مۇستەقىل بولۇۋالغان . خىتايلاشقان تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن باشقا بارلىق قەبىلىلەرنى يوشۇرۇن كۈشكۈرتۈپ مەقسىتىگە يەتكەن . ئاقىۋەت 839 - يىلى ئۇيغۇر قاغانلىقى پايتەختى ئوردۇبالىقدا ئالدى بىلەن سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، 832 - يىلى ئۆلتۈرۈلگەن قازار قاغاننىڭ ئورنىغا قاغان بولغان ئىنىسى قۇت تېكىن قاغان ئۆلتۈرۈلۈپ ، كىچىك تېكىن قاغان بولغان . ھاكىمىيەتنى ياغلارقارلاردىن چىققان ھەربىي ۋەزىر قارا بولۇق تىزگىنلىگەن . شۇنداق قىلىپ قاغانلىق قايتىدىن ياغلاقارلار قولىغا قايتىپ كەلگەن . بىراق بۇرۇنقى ئادىز ئۇرۇقىدىن بولغان ھەربىي ۋەزىر قۇلۇق باغا قىرغىزلار ئارىسىغا قېچىپ بېرىپ ، بارلىق دۆلەت مەخپىيەتلىرى ۋە سىرلارنى ئاشكارىلاپ ، ئۇيغۇر قاغانلىقىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتكەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ يىلى قىشقا تارىختا كەم كۆرۈلگەن جۇت - شىۋىرغانلىق ھاۋارايى كۆرۈلگەن . بۇ ھال مىليونلىغان چارۋىلار ۋە ئادەملەرنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . قاتتىق جۇت ئاپىتىدە ئېغىراۋاتقان ئۇيغۇر قاغانلىقى 840 - يىلى 200 مىڭ قىرغىز قوشۇنىنى باشلاپ كەلگەن ۋەتەن خائىنى ۋە مىللىي مۇناپىق قۇلۇق باغا قولىدا مۇنقەرز بولغان . قىرغىزلار قاغانلىقنى يىقىتقاندىن كېيىن ، شەرقىي ئۇيغۇرلار ئۈچ لىنىيە بويىچە غەربىي ئۇيغۇرلار ۋە قارلۇقلار ئارىسىغا كۆچۈپ كېلىپ ، ئارقا - ئارقىدىن يەنە ئىككى خانلىق ، بىر قاغانلىق قۇرۇپ چىققان . خائىن قۇلۇق باغامۇ ۋاقتىدا يىغىشتۇرۇلغان.

## 3 . قاراختايلارنى چىللاپ كەلگەن ئارسلانخان:

تۇڭگۇس ئۇرۇقىدىكى جۇرجىت ، موڭغۇل ۋە قارا تاتارلار بىلەن بىر قاتاردىكى قارا خىتايلار ئەسلىدە ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىغا قاراشلىق بىر تۈركىي قەبىلە بولۇپ ، « كىدان ، قىتان » دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان . ئۇلار 916 - يىلى خىتاي خانلىقىنى قۇرۇپ ، كۈچىيىپ ، ئەڭ قۇدرەت تاپقاندا ، قاراخانىلارغا ھۇجۇم قىلىپ ، 1018 - يىلى قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ ، قاراخانىلارغا بېقىندى خانلىق بولۇپ قالغان . ئۇلار 1124 - يىلى جۇرجىتلار قولىدا مۇنقەرز بولۇپ ، غەرپكە قېچىپ كېلىپ ، كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلىپ مەغلۇپ بولۇپ ، قاراخانىلاردىن پاناھلىق تىلەپ تۇرۇپ قالغان . 1126 - يىلى مەھمۇد كاشغەريي ، 1128 - يىلى ئۇنىڭ جىيەنى قاغان ئەھمەد ئارسلانخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، قارلۇقلار ئىسيان كۆتۈرۈپ ، يېڭى قاغان ئىبراھىم بۇغراخانغا قارشى ئۇرۇش چىقىرىدۇ . شىمالىي ئىلىكخان قارلۇقلارنى تىنجىتىشتا قىينىلىپ تۇرغاندا ، قاراختايلار ئاقساقىلى يوللۇغ تاش ھەم قارلۇقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ، ھەم ئىلىكخاننى ئۇتۇقلۇق ئالداپ ، « قارلۇقلارنى باستۇرۇپ، قۇز ئوردۇنى قوغداش » باھانىسىدە يۈرۈش قىلىپ ، 1134 - يىلى بالاساغۇننى ئىشغال قىلىۋېلىپ ، قاراختاي خانلىقى ( 1134 - 1212 ) نى قۇرۇپ ، شىمالىي ئىلىكخاننى قەشقەرگە قېچىشقا مەجبۇرلايدۇ . بۇ جەرياندا قارلۇقلار ئاقساقىلى ئارسلانخان ئىزچىل قاراختايلارنى قوللايدۇ . ئۇ ئەسلىدە مۇشۇ خىزمىتى ئارقىلىق شىمالىي ئىلىكخان تەۋەسىدە قارلۇق خانلىقىنى تىرىلدۇرمەكچى ئىدى . بىراق ئۆز دۆلىتىگە خائىنلىق قىلغان بۇ مىللىي مۇناپىق بىردىنلا قىيىن ئەھۋالدا قالىدۇ . چۈنكى قاراختايلار قارلۇقلارنى قاتتىق ئېزىپ ۋە ئېغىر ئالۋاڭ - ياساق قويۇپ چىدىغۇسىز قىينايدۇ . قاراخانىلارغا قارشى قاراختايلارنى چىللاپ كېلىپ ، خاتا قىلغانلىقىنى ھېس قىلغان ئارسلانخان ئىسيان كۆتۈرۈپ يوللۇغ تاشىن ( گۇرخان ) نى ئاغدۇرماقچى بولىدۇ .

ئەمما ھىلىگەر گۇرخان ئۇنى خىتايلاردىن ئۆگەنگەن « ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش تاكتىكىسى » بويىچەداۋاملىق ئۆزىگە سادىق بولۇشقا مەجبۇرلايدۇ . نەتىجىدە شەھىدانە خوتەن يەنە بىر قېتىم قەتلىئام قىلىنىپ، قانغا غەرق بولىدۇ .

قاراختاي خانى يوللۇغ تاشىنىنىڭ ئوغلى گۇرخان ئەينى چاغدا ئىشلەتكەن سىياسىي تەدبىرنى ھازىرقى خىتايلار « ئۆزىنىڭ گۆشىدە ئۆز يېغىنى قورۇش » دەپ ئاتايدۇ . خىتايلاردىن بۇنى ئەڭ بۇرۇن ئۆگىنىۋالغان قارا خىتايلار ( غەربىي قىتانلار ) بۇ ئۇسۇلنى ئۇتۇقلۇق سىناق قىلغان . ئەينى چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇنجى بولۇپ قارا خىتايلارغا قارشى چوڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خوتەن ئاھالىسىنى باستۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەن گۇرخان ئەسلىدە قارا خىتايلارنى چىللاپ كېلىپ تۇنجى بەيئەت قىلغان قارلۇق خانى ئارسلانخاننى قوراللىق باستۇرۇشقا بۇيرۇق قىلغان . چۈنكى گۇرخان قارلۇقلارنىڭمۇ كۈنسىرى ئۆزىگە قارشى ھالغا كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالغان . بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىسا، ئاۋۋال قارلۇقلارنى باستۇرۇپ ، قۇز ئوردۇنىڭ ئەمىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ ، ئاندىن خوتەنلىكلەرنى باستۇرماقچى بولغان . ئەمما ئارسلانخان ئۆز قەۋمىنى قوغداش ئۈچۈن نائىلاج بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ ، خوتەنلىكلەرنى باستۇرغان. شۇنداق قىلىپ ، قىل ئۈستىدە قالغان قاراختاي خانلىقى يەنە يەتمىش يىل ( 1142 - 1212 ) دەۋران سۈرگەن . ۋەتەن خائىنى ۋە ئىككى قولى خوتەن خەلقىنىڭ قانلىرى بىلەن بويالغان مىللىي مۇناپىق ئارسلانخان قارلۇقلارنىڭ پۈتۈنلەي تارىختىن يوقىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، قاراختايلارنى چاقىرىپ كەلگەن قارلۇقلار ئۆزلىرى خىيانەت قىلغان ۋە قىرغان قاراخان ئۇيغۇرلىرىغا سىڭىشىپ يوقىلىپ كېتىدۇ .

4 . غالدانىنى چىللاپ كەلگەن ئافاق خوجا :

**1626** - يىلى **17** - ئۆكتەبىردە قۇمۇلدا تۇغۇلغان« ھىدايىتۇللا ئىشان » **1644** - يىلدىن باشلاپ سەئىدىيە خانلىقىدا ئېغىر مالىمانچىلىق چىقىرىپ، يولۋاسخاننى ئۆلتۈرۈپ يېڭى تەختكە چىققان ئىسمائىلخان تەرىپىدىن **1670** - يىلى قوغلاپ چىقىرىلغان . شۇ يىلى قالماق خانى سېڭگىمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ ، غالدان تىبەتتىن ئىلىغا قايتىپ كەلگەن . غالدان **1672** - يىلى قالماق خانى بولۇۋېلىپ ، **1674** - يىلغىچە بارلىق رەقىپلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكەن . ئۇنىڭ كۆپ قان تۆككىنىدىن غەزەپلەنگەن دالاي(5) ئۇنىڭ راھىپلىق نامىنى **1675** - يىلى بىكار قىلغان . غالدان كېيىنكى يىلى ئەپۇ سوراپ بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى پامىر ئارقىلىق تىبەتكە ئەۋەتكەن . **1676** - يىلى كەشمىر ھاكىمى كامران مىرزىنىڭ تەكلىپى بويىچە ئافاق خوجا دەل ئاشۇ پامىردىن كەلگەن دالاينى تاۋاپ قىلىش ئۆمىكىگە قوشۇلۇپ ، تىبەتكە بارغان .

ئۇ چاغدا قالماقلارنىڭ رەقىبى مەنچىڭ خاندانلىقى كەڭسۈنى ئىشغال قىلغاچقا قالماقلار دالاينى تاۋاپ قىلىشتا ئەنجان ۋە بەدەخشان يولىنى ئىشلەتكەن . چۈنكى بۇ ئىككى دۈشمەن ئارىسىدا سەئىدىيە خانلىقى مەۋجۇت ئىدى. ماۋارائۇننەھر بولسا غالدانغا يېقىندى ئىدى. شۇڭلاشقا ئايلىنىپ بېرىشقا مەجبۇر بولغان . غالدانمۇ تىبەت بىلەن جۇڭغار قالماقلىرىنى ئايرىپ تۇرغان سەئىدىيە خانلىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت باشلاپ ، **1675** - يىلى ئېمىل ، ئالتاي ۋە ئىلىنى بېسىۋېلىپ ، ئۆزىنى قونتاجى دەپ ئاتىغان . **1676** - يىلى بەشبالىقنى بېسىۋالغان . **1677** - يىلى تۇرپان بىلەن قۇمۇلنى سەئىدىيە خانلىقىدىن زورلاپ تارتىۋالغان. **1678** - يىلى ئەسكەر ئەۋەتىپ، كەڭسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنى يۇتىۋالغان . دەل شۇ يىلى ھىدايىتۇللا ئىشان دالاي لاما تەرىپىدىن « ئافاق خوجا » دەپ ئاتىلىپ ، كۆكنۇر ئارقىلىق غالدان يېڭى ئىشغال قىلغان كەڭسۇ ، قۇمۇل ، بەشبالىق يولى ئارقىلىق غۇلجىغا يېتىپ كەلگەن . **1679** - يىلى دالاي تەرىپىدىن « بوشۇكتۇخان » دەپ مەرتىۋە نامىغا ، ھەم ئافاق خوجىدەك قابىل يول باشلىغۇچىغا ئېرىشكەن غالدان ئەڭ سەرخىل **120** مىڭ ( بەزى مەنبەلەردە **60** مىڭ ) ئەسكەر بىلەن تارىم ۋادىسىغا بېسىپ كىرىپ ، ئۇزاق ئۇرۇشلاردىن كېيىن ، ئافاق خوجىنىڭ ئىچىدىن ماسلاشقان مۇرتلىرىنىڭ ياردىمىدە يەكەننى ئىشغال قىلىپ ، سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرغان . ئافاق خوجا قورچاق خان بولغان.

ئەمما ئۈچ ئايدىن كېيىن خان جەمەتىدىن مۇھەممەد ئىمىنخان ئافاق خوجىنى مەغلۇپ قىلىپ ، يەكەننى

قايتۇرۇۋالغان . ئافاق خوجا غۇلجىغا قېچىپ كەتكەن . 1680 - يىلى غالدان ئافاق خوجىنى ئالدىغا سېلىپ ، قان ئىچەر 60 مىڭ قالماق ئەسكىرى بىلەن قايتا باستۇرۇپ كەلگەن . مۇھەممەد ئىمىنخان غالداننى ئاقسۇدا توسقان . غالدان زادىلا شەھەرگە كىرەلمىگەن . ئافاق خوجا دەرھال قەشقەر ۋە يەكەندىكى مۇرىتلىرىنى قوزغاپ ئىسيان چىقارغان . خان نائىلاج يەكەنگە چېكىنگەن . غالدان ئاقسۇ بىلەن ئافاق خوجىنىڭ مۇرىتلىرى كۆپ قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ ، بۇ جايلاردا مىرزا ئابابەكرىنىڭ جاللاتلىقىدىنمۇ ئاشۇرۇپ جاللاتلىق قىلغان . مۇھەممەد ئىمىنخان يەكەننى قاتتىق مۇداپىئە قىلغاچقا ، ئۇرۇش سوزۇلۇپ كېتىپ ، غالداننىڭ قوشۇنىدىن يېرىمىدىن كۆپرەكى ھالاك بولغان . بۇ چاغدا يەنىلا ئافاق خوجا شەھەردىكى مۇرىتلىرىنى قوزغاپ ، بەزى ئەسكەرلەرنى سېتىۋېلىپ ، پايتەختنى ئىشغال قىلىپ دەھشەتلىك قىرغىن قىرغان . تارىختىن بۇيان يەكەن بۇنداق ئېغىر ۋە دەھشەتلىك قەتلىئامغا ئۇچراپ باقمىغان ئىدى.  چۈنكى ئېغىر تالاپەت تارتىپ كۆزىگە قان تولغان قالماقلار كوچىلاردا ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئۇيغۇرلارنى قىرىپلا قالماي ، يەنە بارلىق ئۆي - ئۆيلەرگە بېسىپ كىرىپ قەتلىئام قىلغانىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ  تۇنجى پاجىئەلىك سەھىپىسىنى ئاچقان ئەڭ چوڭ ۋەتەن خائىنى ۋە ئۇچىغا چىققان دىنىي ۋە مىللىي مۇناپىق ئافاق خوجىنىڭ ۋاستىسىدە 170 يىللىق سەئىدىيە سەلتەنىتى يىمىرىلگەن . ئۇيغۇرلار تۇنجى قېتىم يات مىللەتلەرگە قۇل بولۇپ قالغان . ھەتتا چىڭگىزخان ۋاختىدىمۇ ئۇيغۇرلار موڭغۇللار بىلەن تەڭ ھوقۇقلاردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپلا قالماي ، بەلكى بۈيۈك موڭغۇل سەلتەنىتىنىڭ ئۇزاق داۋام قىلىشىغا تۆھپە قوشقانىدى . ئارىدىن تۆت ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن ئەڭ قارا قورساق موڭغۇللار بولغان قالماقلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالغان . 1680 - يىلى غالدان سەئىدىيە خان جەمەتىدىن بولغان ئابدۇرېشىت ( ئاقباشخان) نى سەئىدىيە خانى ، ئافاق خوجىنى دالايغا ئوخشاش دىنىي رەھبەر قىلىپ تەيىنلىگەن . ئەمما غالدان 1682 - يىلى ئافاق خوجىنىڭ ساداقىتىدىن تەسىرلىنىپ ، ئاقباشخاننى بىكار قىلىپ ، ئافاق خوجىنى خان قىلغان . چۈنكى ئافاق خوجا ھەر يىلى قالماقلارغا ساناقسىز پۇل ، رەخت ۋە ئۆزىگە قارشى چىققان كىشىلەردىن نەچچە مىڭ خىزمەتكار قۇللارنى ئەۋەتىپ ، تېزەك قالايدىغان قالماقلارغا ئوتۇن تېرىپ ، ئوتۇن يېرىپ ، ئوت قالاپ بەرگەننى ئاز دەپ ، ئات - ئۇلاغلىرىغا ھەلەپ ئېتىپ بېرىدىغان بىكارلىق چاكارلارنى تەمىنلەپ تۇرغاچقا ، قالماقلارنىڭ ھەممىسى شاھانە ياشاشقا باشلىغان ئىدى . بۇ ئەھۋاللار غالداننى راسلا تەسىرلەندۇرگەن . 1683 - يىلى مەنچىڭ خانى كاڭشى خىتايدىكى ئۈچ باسقاق بەگ توپىلىڭىنى باستۇرۇپ ، 1684 - يىلدىن باشلاپ سەددىچىندىن چىقىپ ، سېرىق ئۇيغۇرلار يۇرتى كەڭسۇنى ، 1686 - يىلى قۇمۇلنى ئىشغال قىلىپ ، 1687 - يىلى باركۆلگە قىستاپ كەلگەن . 1688 - يىلى غالدان ئۇستىلىق بىلەن قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇدۇل تاشقى ۋە ئىچكى موڭغۇلنى بېسىۋالغان . غالداننىڭ ئۇرۇش راسخوتىنى تەل قىلىپ بېرىش ئۇچۇن ئافاق خوجا « بىر تەڭگىنى ئىككى تەڭگە » دەپ ئوبورۇت قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن بولۇپ، بۇيرۇق ھەممە جايدا ئىجرا قىلىنغان . ئەمما خوتەن خەلقى « بىرنى بىر دەيمىز » دەپ چىڭ تۇرۇپ ، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىغاچقا ، ئافاق خوجا 1689 - يىلى ئەسكەر باشلاپ كېلىپ ، خوتەن مۆتىۋەرلىرىنى قىرىپ تاشلىغان . بۇ خىل قىرغىن ئۇنىڭ خوتەندىكى ئىناۋىتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان . 1689 - يىلى يىراقتا يۇرۇش قىلىپ ، مەنچىڭ ئاستانىسى خانبالىقنى ۋەيران قىلىپ ، مەنچىڭ خانلىقىنى يوقاتماقچى بولغان . ئۇ 1690 - يىلى ئىيۇلدا خانبالىققا يەتتە يۈز چاقىرىم كەلگىچە قىستاپ كەلگەن . زېرەك ۋە قابىل مۇھەممەد ئىمىنخان غالداننىڭ مانجۇرىيە سەپىرىدىن پايدىلىنىپ ، شۇ يىلى تۇرپاندىن يەكەنگە كېلىپ ، خوتەندىكى قىرغىن بىلەن يۈزىنى تۆكۈۋالغان ئافاق خوجىنى ئاغدۇرۇپ ، سەئىدىيە خانلىقىنى تىرىلدۇرگەن . شۇ يىلى كۈزدە كاڭشى ئۆزى قوشۇن باشلاپ چىقىپ ، ئۇلانباتۇردا غالداننى مەغلۇپ قىلغان . غالدان قۇبدۇغا قېچىپ كەتكەن . 1691 - يىلى غالداننىڭ جىيەنى سېۋان ئاراپتان خوجىلارنىڭ ئۇرۇشلىرىدىن پايدىلىنىپ ، تۇرپاندىن كۇچاغىچە بولغان جايلارنى تەسىرىگە كىرگۈزۈۋالغان . شۇ يىلى ئافاق خوجا مۇھەممەد ئىمىنخاننىڭ سىڭلىسى

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا ئۆيلىنىپ قايتا ئىناۋەت تاپقان . 1692 - يىلى ئافاق خوجا پىچاقچى سوپىلىرىنى ئىشلىتىپ ، خاننى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ ، يەنە خان بولۇۋالغان . ئاندىن ئوغلى يەھيانى ئورۇنباسار خان دەپ جاكارلىغان . ئەمما ئىككى يىل توشمايلا ئافاق خوجا 1694 - يىلى 8 - مارت يەكەندە رەقىپلىرى تەرىپىدىن

زەھەرلىنىپ ئۆلگەن . ئاقباشخان بىلەن سۇلتان ئەھمەد يەكەنگە كېلىپ سەئىدىيە خانلىقىنى تىرىلدۈرگەن . غالدانمۇ 1697 - يىلى كاۋشى تەرىپىدىن يەنە مەغلۇپ بولۇپ ، 3 - ماي زەھەر ئىچىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان . سېۋان ئاراپتان قالماق خانى بولغان . ئاراپتان 1699 - يىلى يەكەندىكى سۇلتان ئەھمەدنى مەغلۇپ قىلىپ ئىلىغا ئېلىپ كەتكەن . گەرچە مۇھتەرەم خېنىم بىلەن باشقا خان ئەۋلادلىرى سەئىدىيە خانلىقى قايتىدىن ساقلاپ قالماقچى بولغان بولسىمۇ ، ئەمما ئاپاق خوجىنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز زىيانكەشلىكلىرى نەتىجىسىدە 1710 - يىلى پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغان . شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۈچ ئەسىرلىك پاجىئەلىك دەۋرى باشلانغان .

5 . يۈسۈپ خوجا :

يۈسۈپ خوجا ئەسلىدە غالدان ۋە سېۋان ئاراپتانغا قارشى كاۋشى بىلەن ئىتتىپاقلاشقان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇمۇل تارخانبېگى ئەبەيدۇللانىڭ ئەۋرىسى بولۇپ ، ئەبەيدۇللا تارخانبەگ 1699 - يىلدىن 1709 - يىلغىچە مانجۇرلارغا تۇنجى قارام قۇمۇل ۋاڭى بولۇپ، 1709 - يىلى ۋاپات بولغان . 1727 - يىلى سېۋان ئاراپتان ئۆلگەندە مانجۇرلار قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ مەنچىڭ چېگراسىنى ئۈزلۈكسىز مۇھاپىزەت قىلىپ بەرگەنلىكىگە جاۋابەن ئەبەيدۇللا بەگنىڭ نەۋرىسى ئىمىن ۋاڭغا ئەركان بېگلىك مەرتىۋىسى بەرگەن . ئىمىننىڭ ئوغلى يۈسۈپكە ۋە نەۋرىسى ئىسھاققا « ئىنانچىخان» مەرتىۋىسى بەرگەن . 1740 - يىلى ئىمىن ۋاڭ ئۆلۈپ ، ئۇنىڭ ئوغلى يۈسۈپ 3 - ئەۋلاد ۋاڭ بولۇپ ، قۇمۇلنىڭ باسقاق بېگى بولغان . شۇ ۋاقىتتىن بېرى قۇمۇل ۋاڭلىرى مانجۇرلارنىڭ ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىدە يول باشلىغۇچى ۋەتەن خائىنلىرىغا ئايلىنىپ قالغانىنى ئاز دەپ ، 1760 - يىلدىن كېيىنكى ئۇيغۇر مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىنى مانجۇر ئىشغالچىلىرىغا ۋاكالىتەن قانلىق باستۇرىدىغان ئەشەددىي مىللىي مۇناپىقلارغا ئايلانغان. مەزكۇر يۈسۈپ خوجا 1758 - يىلى 1678 - يىلى ئافاق خوجا سەئىدىيە خانلىقىغا خان بولۇش ھەۋىسىدە سادىر قىلغان تارىخىي جىنايەتنى ، 1754 - يىلى قالماق ئامۇرسانا سادىر قىلدى . ئۇ قالماق خانى بولۇش غەرىزىدە مانجۇرلارنى چىللاپ كېلىپ ، 1755 - يىلى قالماق خانى داۋاچىنى يوقاتتى . ئەمما مانجۇر تاجاۋۇزچىلىرى مۇنبەت ئىلى ۋادىسىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي ئامۇرسانانى 1757 - يىلى يوقىتىپ ، 1758 - يىلى تارىم ۋادىسىغا تاجاۋۇز قىلغاندا خوجا جاھان تەرىپىدىن يەكەندە مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ مەغلۇپ قىلىندى . ئەمما ئۇلار ئۇيغۇر خەلقىنى يەپ جان ساقلاپ، 1759 - يىلى يانۋاردا ياردەمچى قوشۇنى ۋە خائىن خوجاسى بەگ ، ئىمىن خوجا ۋە تۇردى خوجىنىڭ ياردىمىدە قۇتۇلۇپ چىقىپ ، ئالتە ئاي ئاقسۇدا تەييارلىق قىلىپ ، شۇ يىلى 5 - ئىيۇل پايتەخت يەكەننى ، شۇ يىل ئاخىرىغىچە پۈتۈن سەئىدىيە تەۋەسىنى ئىشغال قىلىۋالدى. بۇ ئىشغالدا تۆھپىسى زور بولغان قارا تاغلىق خوجىلاردىن بولغان تۇرپان - قۇمۇل ۋە ئاقسۇ - كۇچار خوجىلىرى كېيىنچە ھەر قايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەرگە ئەمەلدار بولدى . مانجۇلار خوجىلارنى تارتۇقلاش باھانىسىدە تەسىر دائىرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ ، ئۇلارنى يىراق قەشقەر ۋە خوتەنگە قورچاق ھاكىم قىلىپ ، ئۇلارنى شىتاتلىق بەگلەرگە ئايلاندۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ ئالدىدىكى ئىناۋىتىنى يەكسان قىلدى . شۇڭا ئۇلار ئاداققىچە مانجۇرلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ غالچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولدى . يۈسۈپ خوجا 1758 - يىلى باھاردا چيەنلوڭ( 1711 - 1796 ) تەرىپىدىن ئاغلاقچى ئامبال مەرتىۋىسى بىلەن مانجۇر باندىتلىرىنى باشلاپ تارىم ۋادىسىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، 1759 - يىلى تارىم ۋادىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قالدۇق مۇستەقىل ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلغان. 1760 - يىلى ئۇيغۇرلارنى يۇتۇۋېلىشتا زور تۆھپە كۆرسەتكەن قۇمۇل ۋاڭى يۈسۈپنى چيەنلوڭ خانبالىقىغا چاقىرىپ ، شاھانە زىياپەت بەرگەن . ئۇنىڭ ئىنىسى ئابدۇللانى ئۇچتۇرپان ھاكىمى قىلغان . ( مەزكۇر غالچا 1765 - يىلى خەلقىمىز تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن . چيەنلوڭ ئۆچ ئېلىپ ، بارلىق ئۇچتۇرپان ئاھالىسىنى قىرىپ تاشلىغان ) . باشقا 40 نەپەر ۋەتەن خائىنلىرىمۇ خىزمەتلىرىگە قارىتا تارتۇقلانغان.

1761 - يىلى چيەنلوڭ ئۆزىگە ياردەملىشىپ ئۆز دۆلىتىنى مانجۇرلارغا ئىشغال قىلىشىپ بەرگەن ۋەتەن خائىنلىرى ۋە مىللىي مۇناپىقلاردىن ( ئاساسلىقى قارا تاغلىق تۇرپان - قۇمۇل خوجىلىرى ۋە يەرلىك ھوقۇقدار مۇناپىقلار) 126 كىشىنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ ، ئۇلارنى بىر يەرگە توپلاپ ، « مۇسۇلمانلار رايونى » قۇرۇپ

تۇرغاقلىقىقا تۇتۇپ قالغان . چۈنكى مانجۇرلار ئۇلارنىڭ ئىككىنچى ئامۇرساناغا ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى .

ئۆز خەلقىگە ۋاپا قىلمىغانلار ئۆزگىلەرگە هامان ۋاپا قىلمايتتى . كېيىنچە بۇ جاي ئۇيغۇرلارغا هۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە مۇسۇلمان ئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىشتىكى كۆزنەككە ئايلانغان . ( ئۇنۇما تاكاهىرو ) . 1762 - يىلى 17 - ئۆكتەبىر مانجۇلار ئىلىدا « ئىلى گېنېرال مەھكىمىسى » قۇرۇپ ، شىمال تەرەپنى ھەربىي كۈچ بىلەن ئىدارە قىلغان . تۇرپان - قۇمۇل ۋە ئالتە شەھەر قارا تاغلىق خوجىلار ۋە يەرلىك خائىن بەگلەر ئارقىلىق باشقۇرۇلغان . 1765 - يىلى 14 - فېۋرال جىگدە يېغىلى پارتلاپ ، شۇ يىلى 14 - ئاۋغۇست ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ سەۋەبىدىن ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولغان . ئەڭ چوڭ ۋەتەن خائىنى يۇسۇپمۇ بىر يىل قاتتىق قىينىلىپ 1766 - يىلى ئۆلگەن .

6 . مانجۇرلارغا ساداقەتمەن ئىمىن خوجا :

ئىمىن خوجىنى تونۇمايدىغانلار يوق بولسا كېرەك . ئۇنىڭ خائىنلىق يالدامىسى بولغان ھېلىقى ھەيكەل بىلەن مۇنار ھېلىمۇ تۇرپاندا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا . 1731 - يىلى قالماقلار تەرىپىدىن 40 كۈن لۇكچۇندە قورشاۋغا چۈشۈپ قالغان ، 1754 - يىلى داۋاچىدىن يېڭىلىپ قېلىپ ، چيەنلوڭدىن ياردەم تەلەپ قىلغان تۇرپان ۋالىي ئىمىن خوجا 1755 - يىلى داۋاچىنى يوقىتىش باھانىسىدە ۋەتىنىمىزگە كىرگەن مانجۇر تاجاۋۇزچىلىرىغا يول باشلاپ ، شىمالنى دۈشمەنگە بويسۇندۇرۇپ بېرىشىپ، 1758 - يىلى چيەنلوڭ تەرىپىدىن مەسلىھەتچى ئامبال مەرتىۋىسى بىلەن قۇمۇل ۋالىي يۇسۇپ خوجا بىلەن بىرلىكتە دۈشمەننى بىپايان تارىم ۋادىسىغا باشلاپ كىرگەن . كېيىنكى ئىشلار يۇقىرىقى يۇسۇپ خوجىنىڭ بايانىدا تولۇق بېرىلدى . ئۇنىڭ تۆھپىسىنى ۋە مانجۇرلارغا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئوغلى سۇلايمان 1777 - يىلى تۇرپاندا بىر مۇنار ۋە ھەيكەل ياساتقان . بۇ دەل ھازىرقى « ئىمىن ۋاڭ مۇنارى » بولۇپ ، چيەنلوڭنىڭ يارلىقىنى بېشىدىن ئۈستۈن تۇتۇپ تۇرغان بۇ ھەيكەل پۈتۈن ئىشلارنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ تۇرماقتا .

7 . ئۇنۋېرسال مۇناپىق نىياز ھېكىمبەگ :

نىياز ھېكىمبەگ يەكەندە تۇغۇلغان . كىچىك ۋاختىدا يەكەندىكى خىتاي ئەمەلدارلار تەرىپىدىن « ۋاڭ نىياز » دەپ ئاتالغان . 1864 - يىلى يەكەندىكى تۇڭگانلار مانجۇرلارنى ئاغدۇرغاندا ، نىياز ھېكىمبەگ ئۇلارغا يېقىن تۇرۇپ ، « ما نىياز » دەپ ئاتالغان . ئاندىن ئۇيغۇرلار ئۈستۈنلۈك ئىگىلىگەندە ئۇ بىردىنلا شۆھرەت تېپىپ « پالۋان نىياز » دەپ داڭق چىقارغان . 1865 - يىلى ئۇ يېڭىلىپ ئەسىرگە چۈشۈپ قالاي دېگەن بەدۆلەت ياقۇپبەگنى قاچۇرۇۋەتكەن . شۇ تۆھپىسى ئۈچۈن ئاتالىق غازى ئۇنى 1866 - يىلى خوتەننى ھىلە بىلەن قولغا ئېلىپلا ، نىيازنى خوتەن ھاكىمى قىلغان . شۇڭا ئۇ « نىياز ھېكىمبەگ » دەپ ئاتالغان . بىراق ئۇ ئىچىدە « مېنى يەكەنگە ھاكىمبەگ قىلمىدى » دەپ خاپا بولغان . شۇڭا ئۇ ئەڭ ئەجەللىك ۋاقىتتا بەدۆلەتنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ ، زوزۇڭتاڭنىڭ ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇپ ، يېقىنقى 150 يىللىق پاجىئەلىك قىسمىتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبچىسى بولۇپ قالغان . ئۇنىڭ قىلمىشى ئافاق خوجىدىنمۇ ۋەھشىي بولغان. بىرى ۋەتىنىدىن قېچىپ چىقىپ پادىشاھ بولۇش ئۈچۈن دۈشمەننى چىللاپ كەلگەن بولسا ، يەنە بىرى ئۆز پادىشاھىنى ئۆلتۈرۈپ، دۈشمەننىڭ قورچاق ئەمەلدارى بولۇش ئۈچۈن ۋەتىنىگە ۋە خەلقىگە خىيانەت قىلغان . ئۇنىڭ ئاقىۋىتى تولىمۇ ئىبرەتلىك بولغان . زوزۇڭتاڭ ئۇنى « ئۆز پادىشاھىغا سادىق بولمىغان بىرى بىزگە ئەسلا سادىق بولمايدۇ » دەپ قاراپ ، ئۇنىڭغا « ئاچ قويۇپ قىيناپ ، ئۆز گۆشىنى ئۆزىگە يېگۈزۈش جازاسى » بەرگەن . نىياز ھېكىمبەگ 40 كۈن ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ ئۆلگەن .

يۇقىرىقى ۋەتەن خائىنلىرى ۋە ئەشەددىي مىللىي مۇناپىقلار ناۋادا ھۆر دۆلىتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان بولسىتى ، مەغلۇپ بولغان تەقدىرىدىمۇ مىللىي تارىخىنىڭ ئەڭ شانلىق سەھىپىلىرىگە پۈتۈلگەن بولاتتى . ئەمما ئۇلار ئۆز مەنپەئەتى ۋە خاھىشى ئۈچۈن ۋەتىنى ۋە خەلقىگە خائىنلىق قىلغانىنى ئاز

دەپ ، بىرلىرى خەلقىمىزنى 100يىللاپ ، يەنە بىرلىرى ساق 333 يىللاپ قان يىغلاتقاچقا تارىخنىڭ ئەڭ لەنەتلىك سەھىپىسىگە ئەبەدىي پۈتۈلۈپ كەتتى . مۇھاجىرەتتىكى ئۆزىنى بىلەلمىگەن بارلىق ئاشكارا - يوشۇرۇن ۋەتەن خائىنلىرى ۋە مىللىي مۇناپىقلار بۇلاردىن ئىبرەت ئېلىشىپ ، ۋاختىدا توۋا قىلىشى ، ھەقىقەتكە ، خەلقى قوينىغا قايتىپ كېلىشى ، بۇرۇنقى جىنايەتلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئاكتىپ كۈرەش قىلىشى كېرەك .

## ( 2 ) تارىخىمىزدىكى بىر قىسىم كەچۈرۈلمەس ئەشەددىي مىللىي مۇناپىقلارنىڭ ئاقىۋىتى :

《 قان ئىچەر ئۈچ ھاجى 》 كىملەر ئىدى؟

1930- ۋە 1940-يىللاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى ئۆزىنىڭ ئاسىيا ئىستراتېگىيەسى بويىچە مەخسۇس تەربىيەلەنگەن ئالاھىدە خادىملىرىنى مەخپىي ۋەزىپىلەر بىلەن ۋەتىنىمىزگە ئەۋەتكەنىدى. ئۇلار ك گ ب نىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە پىلانلىق تۈردە چېگرالاردىن ئۆتۈپ مىلتارىست شېڭ شىسەينىڭ ئۇيغۇرىستاندا تىكلىگەن كۈچلۈك ھاكىمۇتلەق ھەربىي ھاكىمىيىتىگە يانتاياق بولغانىدى. ئۇندىن باشقا ئۇلار يەنە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن ياپونىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر تەسىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئارقا ھويلىسى بولغان ئۇيغۇرىستانغا سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتەك بىر قاتار ئالاھىدە ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ھەر مىللەتتىن بولغان ئالاھىدە خادىملار ئىچىدە خەلق ئارىسىدا «قان ئىچەر ئۈچ ھاجى» دەپ نام ئالغان سىرلىق شەخسلەر ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

ئۇنداقتا، ئۆز ئىسىملىرىنىڭ ئارقىسىغا «ھاجى» دېگەن مۇبارەك نامنى قوشۇۋېلىپ، شېڭ شىسەينىڭ ساقچى ئورۇنلىرىغا باشلىق بولغان، ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنى قان يىغلاتقان بۇ «ئۈچ ھاجى» كىملەر ئىدى؟ ئۇلار قانداق شارائىتتا، نېمە ۋەزىپىلەر بىلەن ۋەتىنىمىزگە كىرگەن؟ ئۇلار يەنە 1930-يىللاردىكى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ سىياسىي ھاياتىدا قانداق جاراھەتلەرنى قالدۇردى؟

ك گ ب نىڭ ئالاھىدە خادىملىرىدىن بولغان « قان ئىچەر ئۈچ ھاجى» نىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلى ئاپرېسېفنىڭ تەۋسىيىسى ھەمدە شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپى بويىچە مەخپىي ھالدا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىمىز . ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، «گۆش يۇزلۇك، پولتاي كۆز» سېيىت ھاجى، ئىككىنچىسى، «تاز چىراي، بادام دوپپىلىق» ھاشىم ھاجى، ئۈچىنچىسى، «بۇدۇر چاچلىق، سۆرۈن تەلەت» قادىر ھاجى ئىدى. يەنە بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ ئۈچەيلەننىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئېلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلەر بولۇپ، بالا چاغلىرىدا ئاتا-بوۋىلىرىغا ئەگىشىپ سوۋېتلار ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە بارغانلار ئىكەن. ئۇلار شۇ يەردە ئوقۇپ مەلۇم سەۋىيىسىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ك گ ب تەرىپىدىن تەربىيىلەش ئوبيېكتى قىلىپ تاللىنىپ موسكۋا ۋە باشقا جايلاردا ئالاھىدە خادىم سۈپىتىدە تەربىيىلەنگەن. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۆلىشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن ك گ ب تەرىپىدىن ئالاھىدە ۋەزىپىلەر بىلەن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىلگەن شەخسلەر ئىدى. باش كونسۇل ئاپرېسېف يەنە شېڭ شىسەيگە تەكلىپ بېرىپ سېيىت ھاجىنى ئۈرۈمچىدىكى، ھاشىم ھاجىنى قۇمۇلدىكى، قادىر ھاجىنى قەشقەردىكى ساقچى ئىدارىلىرىگە مەسئۇل خادىم قىلىپ ئورۇنلاشتۇرسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

1935-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا «ئۈچ ھاجى» چېگرادىن ئۆتۈپ، شېڭ شىسەينىڭ دۇبەن مەھكىمىسىگە يېتىپ كېلىدۇ. شېڭ شىسەي سوۋېت باش كونسۇلى ئاپرېسېفنىڭ پىكرى بويىچە دېگەندەك سېيىت ھاجىنى ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ سوراق-تەپتىش باشقارمىسىغا، ھاشىم ھاجىنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە، قادىر ھاجىنى بولسا قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ستالىننىڭ قىزىل تېررورلۇق يىللىرىدا ك گ ب نىڭ سىستېمىلىق تەربىيىسىنى ئالغان بۇ سىرلىق ئۈچ شەخسنىڭ بىردىنلا ئۈرۈمچى، قۇمۇل ۋە قەشقەردىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم جاينىڭ ساقچى ئورۇنلىرىغا مەسئۇل خادىم قىلىپ ئەۋەتىلىشىدە ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭمۇ ھەم شېڭ شىسەينىڭمۇ سوققان چوتلىرى بار ئىدى.

## 1 . ئەزىزانە قەشقەرنى خانىۋەيران قىلىۋەتكەن قادىر ھاجى

قادىر ھاجى ئەسلى قەشقەر بەشكېرەملىك بىر ھاجىنىڭ ئوغلى بولۇپ ، دادىسى قادىر بىلەن زاكىرنى ھەج قىلدۇرۇپ ، بىرىنى تۈركىيەدە ، يەنە بىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇتىدۇ . ئەمما قادىر ھاجى ئوقۇش جەريانىدا سېپى ئۆزىدىن ئەشەددىي ۋەتەن خائىنى ۋە مىللىي مۇناپىققا ئايلىنىدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتسىز قېلىشىدا ، پەرغانىدىكى ئۈچ يېرىم مىليون ئۇيغۇرنى ئۆزبېكىستان دۆلىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن قۇربان قىلىۋېتىدۇ . « تارانچىلار بىلەن قەشقەرلىكلەر بىر مىللەت ئەمەس » دەپ بىلجىرلاپ ، ئۇيغۇر نامىنى رەت قىلىپ ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تا ھازىرغىچە ۋەتەنسىز ۋە كىملىكسىز قېلىشىغا سەۋەبچى بولغاندىن سىرت ، ئابدۇللا روزى باقىغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئىلى ۋادىسىدا ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇش پىلانىنىمۇ يوققا چىقىرىدۇ . ئاخىرىدا ستالىن ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ قالتىس جاھىل ۋە تەرسا مىجەزىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇنى 1935 - يىلى مايدا باشقا ئىككى قان ئىچەر ھەمراھى بىلەن بىللە ۋەتىنىمىزگە ئەۋەتىدۇ . قادىر ھاجىنىڭ قەشقەرگە ئەۋەتىلىشىدە ناھايىتى ئېنىقكى، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ پائالىيەتلىرىگە كۆز-قۇلاق بولۇش ھەمدە ئۇنىڭ ئامما ئىچىدىكى يۇقىرى ئابرۇيىنى بىر ئاماللار بىلەن ئاجىزلىتىش مۇھىم نىشان قىلىنغان. مەلۇمكى، خوجانىياز ھاجى ئۆلكىگە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەتكەندىن كېيىن مەھمۇت مۇھىتى قەشقەر گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى ھەمدە ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلەر 6-دىۋىزىيىسىنىڭ باش قوماندانى سۈپىتىدە قەشقەردە تۇرۇشقا قالغانىدى. ئەمما شېڭ شىسەي قولىدا ئۇزۇن يىللىق جەڭ قىلىش تەجرىبىسىگە ئىگە 3 مىڭدىن ئارتۇق خىللانغان ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان مەھمۇت مۇھىتىدىن كېچە-كۈندۈز خاتىرجەمسىز ئىدى. شۇڭا ئۇ سوۋېت كونسۇلى ئافرېسېفنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياۋۇزلۇقتا ئۈچىغا چىققان قادىر ھاجىنى قەشقەر ساقچى ئىدارىسىگە باشلىق قىلىپ ئەۋەتىپ مەھمۇت مۇھىتىنىڭ تەسىرىنى تازىلىماقچى بولىدۇ. قادىر ھاجىنىڭ قەشقەرگە يېتىپ بېرىشى بىلەن گېنېرال مەھمۇت مۇھىتىغا ھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان بېسىممۇ بىردىنلا كۈچىيىشكە باشلايدۇ. قادىر ھاجى سوۋېت تەرەپنىڭ يۆلىشى بىلەن قىرغىز پولكى تەشكىل قىلىۋالغان ئىسھاقبەگ ۋە مەۋلانوفلار بىلەن بىرلىشىپ مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئەسكىرى كۈچىنى چەكلەشكە كىرىشىدۇ. 1937-يىلىنىڭ ئاپرېل ئېيىغا كەلگەندە گېنېرال مەھمۇت مۇھىتى چەتئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قادىر ھاجى ئۆز دەۋرىدە مەھمۇت مۇھىتى ھىمايە قىلىپ كەلگەن قەشقەر ۋە ئاتۇشتىكى نەچچە يۈزلىگەن زىيالىيلارنى، ئوقۇتقۇچىلارنى ھەمدە ھەر ساھە سەرخىللىرىنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ. مەھمۇت مۇھىتى چەتكە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئابدۇنىياز كامالنى دىۋىزىيە قوماندانى قىلىپ سايلاپ شېڭ شىسەيگە قارشى جازا يۈرۈشى قوزغايدۇ. ئۇلار قەشقەر كونا شەھەرنى تېزلىكتە ئىشغال قىلىپ، قادىر ھاجى تۇتقۇن قىلغان تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنى ئازاد قىلىش ئالدىدا تۇرغاندا، قادىر ھاجى قول ئاستىدىكى مەۋلانوپ قىسىملىرىغا بۇيرۇق بېرىپ قەشقەر ياۋاغ تۈرمىسىدە قامىلىپ ياتقان 300 دىن ئارتۇق گۇناھسىز مەھبۇسنى پىلىموتقا تۇتۇپ قىرىپ تاشلايدۇ. ئاندىن كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆلۈكلەرگە بېنزىن سېپىپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. قادىر ھاجىنىڭ بىۋاسىتە بۇيرۇقى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئەنە ئاشۇ گۇناھسىز مەھبۇسلار ئارىسىدا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تارىخىدىكى ئوت يۈرەك ئوغلان ھەم مەرىپەت مەشئەللىرىدىن مەمتىلى تەۋپىق بىلەن قۇتلۇق ھاجى شەۋقىيلەرمۇ بار ئىدى.

ئۇيغۇر خەلقىگە ئېغىر زىيانكەشلىكلەرنى قىلغان مەلئۇن قادىر ھاجى ئابدۇللا روزىباقىنىمۇ ستالىنغا چېقىشتۇرۇپ، 1928 - يىلدىن باشلاپ خىزمىتىدىن قالدۇرۇۋەتكەن بولسا، كېيىنچە ئۇنى رەسمىي قارىلاپ تۈرمىگە تاشلاتقان. ئەمما لەنىتى قادىر ھاجىنى قەشقەر مۆتىۋىرى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم بىۋاسىتە ستالىنغا شىكايەت قىلىپ، 1938 - يىلى ئۇنى قولغا ئالدۇرۇۋەتكەن . ئىشلىتىلىش قىممىتى تۈگىگەن مەلئۇن قادىر ھاجى شۇ يىلى كۈزدە ھازىرقى نورۋېگىيەگە يېقىن تۈرمىدە قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئابدۇللاھ روزىباقىمۇ شۇ يىلى دېكابىردا ئېتىپ تاشلانغان .

## 2 . خوجىنىياز ھاجىنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن ھاشىم ھاجى

هاشىم هاجى، ئۇيغۇر، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتىنىڭ پولكوۋنىك دەرىجىلىك ئەمەلدارى ( ھاشىم ھاجىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىسمى ھەسەن). 1935-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەيگە ياردەمگە ئەۋەتكەن يۈي شيۇسۇڭ ( ئەسلى ئىسمى ۋاڭ شۇچېڭ) باشچىلىقىدىكى 25 نەپەر خىتاي ، ئۇيغۇربولشېۋىكلار پارتىيىسى ئەزالىرى بىلەن ۋەتىنىمىزگە كېلىپ، شىڭ شىسەينىڭ ساقچى باشقارمىسىدا ئىشلەيدۇ. 1935-يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولىدۇ. 1937-ئەتىيازدا خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش ئۈچۈن ئۆز دۆلىتىگەقايتىدۇ. شۇ يىلى سىمنوف ( رۇس) بىلەن ۋەتىنىمىزگە كېلىپ، شىڭ شىسەي تەسىس قىلغان مەخپىي سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولىدۇ. 1938-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەتىنىمىزگە ئەۋەتكەن سىمنوف، ياقۇپ ( قازاق) لار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇيغۇرىستاندىكى ئاساسلىق مەھبۇسلارنىڭ ئىقرارنامىسىنى ئېلىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي شۇ يىلى قىشتاسوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ جاڭ شىڭ، يىڭ لىياڭ، خوجىنىياز ھاجىم، خاڭخەنجاڭ،شېرىپخان تۆرە، ماشاۋۇۋ، مەيۈز ۋاڭ، ئابدۇللا داموللا، سوپا شەنجاڭ قاتارلىق 108كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بەرسە بولىدۇ، دېگەن تەستىقىنى ئېلىپ كېلىپ شېڭشىسەيگە يەتكۈزىدۇ. شىڭ شىسەي تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن شۇ يىلى 12-ئايدامەخپىي سوت ھەيئىتى ھاشىم ھاجىنىڭ نازارەت قىلىشى ئاستىدا ئىككىنچى تۇرمە( ھازىرقى ئوتتۇراخەلق سوت مەھكىمىس ئورۇنلاشقان ئورۇن) دە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئارغامچابىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ھاشىم ھاجى ئۆز دۆلىتىگە قايتىدۇ.

ھاشىم ھاجى 1939-يىلى ئەتىيازدا موسكېۋادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قايتىدىن ئاتالمىش ئۆلكىلىك سابىق ساقچى باشقارمىسىدا 6-بۆلۈم دېگەن ئاخبارات بۆلۈمىگە باشلىق بولىدۇ ۋە مەخپىي سوت ھەيئىتىنىڭ خىزمىتىنىمۇ ئىشلەيدۇ.

1939-يىلى شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھەرىكەت باشلايدۇ. سوۋېتپەرەس خادىملارنى قولغائالىدۇ. مەسلەن: ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قۇربان نىياز ( سوۋېت ئىتتىپاقى قىزغىزىستان قىزىل ئارمىيە ئۇنۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن )،مالىيەنازارىتىنىڭ نازىرى قۇربان سەئىدى، تەمىنات نازىرى ئابدۇللا داموللا ۋەمىللىيلاردىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەنلەرنىڭ زور كۆپچىلىكىنى قولغا ئالىدۇ،ئۇلارغا<< تۇرپان، پىچان، توقسۇندىكى دېھقانلار توپىلىڭىنى پىلانلىغان>>دېگەن گۇناھنى ئارتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە بۇ توپىلاڭنىڭ پىلانلىغۇچىلىرى ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن ساقچى باشقارمىسىدىكى سوۋېتلىك ئاخبارات مۇتەخەسسىسى ھاشىم ھاجىلار، دەپ مەلۇم قىلىدۇ،نەتىجىدە سوۋېت ئىتتىپاقى، سوۋېت كونسۇلخانا خادىملىرى بىلەن ھاشىم ھاجىنى قايتۇرۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھاشىم ھاجى ۋەتىنىمىزگە قايتا كەلمەيدۇ.

يېقىندائۇقۇشىمىزچە، ھاشىم ھاجى ( ھەسەن ) ئالمۇتىدا 1972-يىلى ئېغىر دەرت تارتىپ ئۆلگەن.

### 3 . قۇۋ تۈلكە سېيىت ھاجى :

سېيىت ھاجىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك باش ساقچى ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنىشىدا ئۇنىڭ ك گ ب دىن ئۆگەنگەن «كوممۇنىزم دۈشمەنلىرى»نى سوراق-تېرگاۋ قىلىش جەھەتتىكى ئالاھىدە قابىلىيىتى ۋە خىزمەت تەجرىبىسى سەۋەب بولغانىدى. 1930-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇر ئېلىگە ئېتنوگرافىيەلىك تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن، كېيىنچە ئاقسۇدا سوۋېت ئىشپىيونلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ بىر مەزگىل شىڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىسىدە ياتقان ئامېرىكىلىق ياش ئەھمەد كامال «تەبەسسۇم يىتكەن زېمىن»ناملىق كىتابىدا ئۆزىنىڭ شىڭ شىسەي تۈرمىسىدە سوۋېت ئالاھىدە خادىمى سېيىت ھاجى تەرىپىدىن سوراق قىلىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئەھمەد كامالنىڭ يېزىشىچە، سېيىت ھاجى قازاق بولۇپ، شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۇتۇلغان چەتئەللىكلەرنى، بولۇپمۇ غەرب ئەللىرىدىن ئۇيغۇر ئېلىگە قەدەم قويغان «كوممۇنىزم ئىدىيىسى» گە قارشى بولغان ئەجنەبىيلەرنى سوراق قىلىش جەھەتتە شەيتانىنمۇ ئۇسسۇلغا سالالايدىغان ك گ ب خادىمى ئىكەن. ئۇ ئەھمەد كامالنى سوراق قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ نەچچە ئونلىغان «كوممۇنىزم دۈشمەنلىرى»نى باش ئەگدۈرگەنلىكىنى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئېلىگە كەلگەن گېرمانىيىلىك تېخنىك گېئورگې ۋاسىل بىلەن

## 4 . چوڭ ساتقۇن قۇربان سەئىدى :

قۇربان سەئىدى ئەسلىدە مەھمۇد مۇھىتىنىڭ تۇققىنى بولۇپ ، 1917 - يىلى تۇرپان ئاستانە يېڭىچە مەكتەپنى پۈتتۈرگەن تۇنجى قارار ئىلغار ئوقۇغۇچىسى ئىدى . كېيىنچە تاغىسى بىلەن بىللە ئىنقىلاپ قىلىپ ، 1934 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن . بىراق شېڭ شىسەي 1935 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە مەھمۇد مۇھىتىنىڭ يېقىنلىرىنى بىر - بىرلەپ ئۇرۇمچىگە چاقىرىپ ، « تەربىيىلەش » باھانىسىدا ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، تۇنجى تۈركۈمدە قۇربان سەئىدى قاتارلىقلارنى مىللىي مۇناپىقلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ . بۇ ئەھۋاللارنى سېزىپ قالغان گېنىرال مەھمۇد شېڭ شىسەيگە قارشى ئۇرۇش قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ . ئۇ يېقىنلىرىنى چاقىرىپ بۇ ئىستىكىنى بىلدۈرگەندە تۇنجى بولۇپ مۇشۇ قۇربان سەئىدى قارشىلىق بىلدۈرۈپ ، پىلاننى سۇغا چىلاشتۇرىدۇ . ئامالسىز قالغان مەھمۇد مۇھىتى 1937 - يىلى 2 - ئاپرىل جۈمە كۈنى « ئوۋ ئوۋلاش » باھانىسى بىلەن قەشقەردىن چىقىپ ، تېزلا ھىندىستانغا چىقىپ كېتىدۇ . قۇربان سەئىدى تۆھپىسى ئۈچۈن مەھمۇد سىجاڭنىڭ ئورنىغا سىجاڭ بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇمۇ ئۇرۇمچىگە چاقىرتىلىپ، شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئۆلگەن. شېڭ شىسەي پەقەت مەھمۇد سىجاڭ ۋەقەسى تۈپەيلىدىنلا ، تۇرلۇك بەتناملارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، شەرقىي تۈركىستاندا بىر قانچە 10 مىڭ ئادەمنىڭ بېشىغا چىقتى. بۇنى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ھەرگىزمۇ ئۇنۇتمايدۇ. قۇربان سەئىدىگە ئوخشاش ئاش بەرگەنگە مۇش بەرگەن مىللىي مۇناپىقلارمۇ تارىخنىڭ لەنەتلىك سەھىپىلىرىگە ئەبەدىي مىخلىنىپ ، قىيامەتكىچە لەنەتلىنىدۇ .

## 5 . تېگى پەس غالچا غوپۇر تۆەنجاڭ :

غوپۇر تۆەنجاڭ ئەسلىدە مەھمۇد مۇھىتىنىڭ يېقىن كوماندىرى بولۇپ ، ئۇ 1934 - يىلى 13 - ئاپرىل جۈمە يەكەندىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ ، تۇنجى جۇمھۇرىيىتىمىزنى مۇنقەرز قىلىش بۇيرۇقىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىجرا قىلغان ئىدى . شۇ يىلى ئىيۇلدىن بېرى مەھمۇد مۇھىتى بىلەن بىللە قەشقەردە تۇرۇۋاتقان غوپۇر تۆەنجاڭ 1936 - يىلى شاپتۇل داموللا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، شېڭ شىسەينىڭ تەلپى بىلەن نەچچە كوماندىر بىلەن ئۇرۇمچىگە « ئوقۇش » قا بېرىپ ، ئىدىيە ئۆزگەرتىپ قايتىپ كېلىدۇ . 1937 - يىلى باھاردا ئۇنىڭ بىراقلا ئۆزگىرىپ كەتكىنىنى سېزىۋالغان مەھمۇد مۇھىتى بۇ بىر نەچچە خائىنلار ۋە مىللىي مۇناپىقلارنى ئىشقا چۈشكىلى قويماي ، مەجبۇرىي ئىككى ھەپتە ئارام ئالدۇرىدۇ . ئاندىن ئۆزى دەرھال جىددىي تەييارلىق قىلىپ ، ھىندىستانغا چىقىپ كېتىدۇ . كېيىنچە غوپۇر ۋە بىر نەچچە سەپدىشىنىڭ شېڭ شىسەي ئالدىدا مەھمۇد مۇھىتىنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن قەسەم بەرگەنلىكىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . ئاخىرىدا بۇنداق ئۆز دۆلىتىنى ئۆزى يىقىتقان ، ئۆز خەلقىگە خائىنلىق قىلغان مىللىي مۇناپىق غوپۇر باشقا خائىنلار بىلەن بىر قاتاردا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن .

## 6 . خوتەندە مىللىي قىرغىنچىلىق قىلغان ئەشەددىي جاللات رازاق مەۋلانوف :

1937-يىلى 5-ئاينىڭ 30-كۈنى سەھەردە،قەشقەر ياۋاغ تۈرمىسىگە قاماقلىق 300دىن ئارتۇق سىياسى مەھبۇس تۈرمە ھويلىسىغا يالاپ ئېلىپ چىقىلىپ،تۇتاش ئوققا تۇتۇلغاندىن كېيىن،بېنزىن چېچىپ كۆيدۈرىۋېتىلگەن.قەشقەر ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قادىر ھاجىنىڭ باشقۇرىشىدىكى بۇ تۈرمىنى شۇ چاغدا سوۋېت ئىتىپاقىنىڭ قەشقەرگە كىرگۈزگەن قىرغىز ئاتلىق قىسىملىرىنىڭ تۈئەنجاڭى رازاق مەۋلانوپ ئۈچىيۈزدەك ئەسكىرى بىلەن ساقلايتتى.

ئەينى يىللىرى يەكەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ۋە يەكەننىڭ ھاكىمى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن ئابدۇرېشىت يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە،(ياۋاغ تۈرمىسىنى ساقلىغۇچى)مەۋلانوپ،تېرىسىگە سىغماي ھۆكۈرەپ يۈرگەن زامانلىرىدا،ئىنتايىن قەبىھ ئىشلارنى سادىر قىلغان ئىكەن.ئۇ بىر قېتىم،قۇربان ھېيتىدا قاتتىق مەس بولۇپ قېلىپ،دادقىباي دىگەن ئاغىينىسى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈشتە بەسلىشىپ باقماقچى بولۇپ،باشقىلارغا بۇيرۇپ تۈرمىدىن 40 نەپەر مەھبۇسنى ئېلىپ چىقىپ

ئۇلارنى ئوق-سول قىلىپ قاتار ياتقۇزۇپ،يېنىدىن پىچىقنى چىقىرىپ،باشقىلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:«مەن پىچاقنى بىر قېتىمدىن سۇرۇش بىلەن،بۇ ئوق تەرەپتىكىلەرنىڭ جېنىنى تېزلىك بىلەن ئالالايمەن،سول تەرەپتە ياتقۇزۇلغانلارنى دادقىباي بوغۇزلىسۇن»دەپ،جاللاتلىق ماھارىتىنى كۆرسەتكەنىكەن...شۇ زامانلاردىكى قانلىق ۋەقەلەرنىڭ ھازىر بار بولغان شاھىدلىرى مەۋلانوپنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى غەزەپ بىلەن ھېكايە قىلىشىدۇ.

شاھىتلارنىڭ ئەسلىمىلىرىدە قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ دەل 1937 - يىلى ماينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئابدۇنىياز قوشۇنى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغاندا ، جاللات رازاق مەۋلانوفنىڭ قولىدا قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى مەلۇم . بۇ مەنزىرىنى مەرھۇم مۇتىئى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىكەن . ئۆلگۈر مەۋلانوفنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جىنايەتلىرى بۇنىڭ بىلەنلا ئاخىرلاشمىغان .

ياپونلارنىڭ خىتاينى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشى ۋە قوشۇمچە پانموڭغۇلىزىم ۋە پانتۈركىزىم پىلانى ستالىننىڭ 1937 - يىلى 31 - ئىيۇل كۈنى موسكۋادا شېڭ شىسەينىلا ساقلاپ قېلىش ، باشقا بارلىق ئۇيغۇر قوراللىق كۈچلىرىنى يوقىتىش قارارى بېرىشكە مەجبۇرلىغان . نەتىجىدە 1937 - يىلى 5 - ئاۋغۇستتا چېگرادا ئىسھاقبەگ باش بولغان « ئوشىسكىي » ئاتلىق قىسمى ، مەۋلانوف باش بولغان

« نارىنىسكىي » ئاتلىق قىسمى تەشكىل قىلىنىپ ، شۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا موسكۋا ئەتراپىدىن ئالاھىدە يۆتكەپ كېلىنگەن داڭلىق « بېرژىنىسكىي » ماتورلاشقان تانكا قىسمىغا يول باشلاپ ، 5 - سېنتەبىردىن 15 - سېنتەبىر كۈنىگە قەدەر ئاقسۇدىكى ئابدۇنىياز كامال ئەسكەرلىرىنى تارمار قىلغان . 22 - سېنتەبىرگە قەدەر قوغلاپ ، بومبا تاشلاپ قىرىپ يوقىتىپ، 22 - سېنتەبىردىن 28 - سېنتەبىرگە قەدەر يەكەندىن چاقىلىققىچە (ئەسلىدىكى خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى تەۋەسى ) بېسىپ ياتقىلى ئۈچ يىل توشقان تۇڭگانلارنى يوقىتىپ، قەشقەرنى ئىسھاقبەگكە ، خوتەننى مەۋلانوفقا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن . قەشقەردە 300 دىن ئارتۇق مىللەت سەرخىللىرىنى قىرىپ تاشلىغان جاللات رازاق مەۋلانوف خوتەندە تۇرغان 5 يىل ئىچىدە « مۇستەقىلچى » ، « جۇمھۇرىيەتچى » « خوجىنىياز ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ، ئابدۇنىياز ۋە سوۋېتقا قارشى مەھمۇدنى قوللىغان ، ئەسكەر بولغان » دېگەن بەتناملار بىلەن يۈز مىڭغا يېقىن كىشىلەرنى قىرىپ تۈگەتكەن .

1942 - يىلى شېڭ شىسەي ستالىندىن يۈز ئۆرۈگەندە ، مەۋلانوف خوتەننى كەڭ كۆلەمدە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپلا ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن . ئىسھاقبېكمۇ غۇلجىدىن سوۋېتقا قېچىپ جېنىنى ساقلاپ قالغان . 1944 - يىلى 12 - نويابىر غۇلجا شەھىرىدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان . 16 - نويابىر ئىسھاقبېك بىلەن مەۋلانوف يەنە قايتىپ كەلگەن . مەۋلانوف تېخى مىللىي ئارمىيەنىڭ ئەڭ جەڭگىۋار قىسمى بولغان تېكەس ئاتلىق 1 - پولكىنىڭ كوماندىرى بولغان . ئىسھاقبېك مۇنۇنوفنىڭ پارتىزان ئەترىتىنى ئاساس قىلىپ تېكەس 1-ئاتلىق پولكى قۇرۇلغاندا ئىككى قولى قەشقەر ۋە خوتەن خەلقىنىڭ قانلىرى بىلەن بويالغان ۋەتەن خائىنى ۋە مىللىي مۇناپىق رازاق مەۋلانوف (قىرغىز) كوماندىر بولغان ، پولك كومىسسارى ئىبراھىموف، شتاب باشلىقى سىدىقجان ئاخۇنبايۇپ (ئۇيغۇر) ئىدى . شۇنداق قىلىپ ، 1937 - 1942 - يىللاردا قەشقەر - خوتەنلەرنىڭ سەركىلىرىنى قىرىپ تاشلاپ ، يۈز مىڭدىن ئوشۇق بىگۇناھ خەلقىمىزنىڭ قېنىنى ئىچكەن ئۇچىغا چىققان مىللىي مۇناپىق رازاق مەۋلانوف ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز مەزگىلىدە بىردىنلا « مىللىي قەھرىمان » غا ئايلىنىپ قالغان .

## 7 . باۋۇدۇن شۆتاڭ :

باۋۇدۇن بەگ ئەسلىدە قاراقاشلىق كىشى بولۇپ ، زوزۇڭتاڭ ۋاختىدا قۇرۇلغان شۆتاڭدا ئوقۇغان تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر بولغاچقا ، ئۇ كېيىنچە مىلىتارست خىتاي جىڭ شۇرىن دەۋرىدە ئاتالمىش خوتەن ۋالىي مەھكىمىسىدە كاتىپ بولغان . 1933 - يىلى 24 - فېۋرال قاراقاش قوزغىلىڭى غەلىبە قىلىپ ، مارتتا قوزغىلاڭچىلار خوتەندىكى ئىلچى ھەربىي گازارمىسىنى قورشىغاندا ، قوزغۇلاڭچىلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ كەتكەن خىتاي ۋالىي تەسلىم بولماقچى بولغاندا ، مىللىي مۇناپىق باۋۇدۇن خىتايلارنى تەسلىم بولۇشتىن توسۇپ، « بۇ پەقەت

نەچچە موللىنىڭ قىلغان ئىشى . نەچچە كۈن چىدىساق ئۇلار زېرىكىپ تارقىلىپ كېتىدۇ » دەپ دۈشمەنگە مەدەت بەرگەن . ۋالىي ، خەلقنىڭ « ئاللاھ ، ئاللاھ » دېگەن چۇقانىدىن قورقۇپ كېتىپ ، باۋۇدۇندىن ئۇلار نېمە دەيدۇ !؟ تەلىپى نېمە !؟ دەپ سورىسا ، مۇناپىق باۋۇدۇن قەستەن « ئۇلار نان ، نان » دەيدۇ دەپ تەرجىمە قىلغان . شۇڭلاشقا خىتايلار تەسلىم بولمىغان . مۇھەممەد ئىمىن بۇغرالار خوتەننى ئالغاندىن كېيىن ، ۋەتەن خائىنى ۋە مىللىي مۇناپىق باۋۇدۇن كاتىپ ، خوجاينىلىرى بىلەن بىللە چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن . نەتىجىدە 1933 - يىلى 5 - ئاپرىل خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان . مەزكۇر كۈچتىن كېيىنچە تۈنجى جۇمھۇرىيەت تۇغۇلغان .

## 8 . تەلۋە ئەمەت ( ئەھمەد مەزىن ) :

تەلۋە ئەمەت ئابدۇقادىر داموللامغا تىغ سالغان قاتىل بولۇپ ، ئارقا تېرەكلىرى گەرچە ئۇنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قېلىپ ، يىراق ئۇرۇمچىگە قاچۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ ، ئەمما خەلقىمىزنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك لەنىتىگە دۇچار بولغان بۇ مەلئۇن ئاخىرىدا بەرداشلىق بېرەلمەي ، ئەقلىدىن ئادىشىپ ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ ئۆلگەن .

## 9 . ئۆمەر باي :

ئۆمەر باي ئەسلىدە مۇسابايلار بىلەن بىر قاتاردىكى تەڭداشسىز باي بولۇپ ، بۇ ئىككى جەمەت تولا تىركىشىپ يۈرۈپ، ئاخىرى مۇسابايلار غۇلجىغا يۆتكىلىپ كەتكەن . شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر باي قەشقەرنىڭ يېگانە ھۆكۈمرانىغا ئايلىنىپ قالغان . بولۇپمۇ 1914 - يىلى قەشقەرنىڭ داڭلىق دىنىي داھىيسى باۋۇدۇن مەخدۇم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، دىنىي ھوقۇقمۇ ئۆمەربايىنىڭ قولىغا ئۆتكەن . شۇ يىلى قەشقەرگە تىتەي بولۇپ كەلگەن مافۇشىڭمۇ دەسلەپتە ئۆمەربايىنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش قىلغان. كېيىنچە ئۆمەر باي ياڭ زېڭشىڭنىڭ باجگىرىگە ئايلانغان .

1920 - يىللىرى ئۆمەر باي تارىمدىكى قەشقەر ،خوتەن ۋە ئاقسۇنىڭ سېلىق - باجلىرىنى ياڭ زېڭشىڭغا بىراقلا تۆلەپ، ئارقىدىن ئۆزى خەلقتىن ھەسسىلەپ يىغىپ ئىقلىپ كەتكەن . ئابدۇقادىر داموللام مائارىپ ئۈچۈن ئىئانە سورىسا بەش تىللامۇ بەرمىگەن . تۈنجى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندا ، رەھبەرلەر چىرايلىق گەپ قىلىپ ئېرىشەلمىگەن پۇللارغا شېڭ شىسەي 1937 - يىلى ئۆمەر باينى ئۆلتۈرۈپ ، مۇسادىرە قىلىنغان ھېساپسىز بايلىقلار بىلەن ستالىندىن قەرز ئالغان بەش مىليون رۇبلى ئالتۇننى تۆلىگەن .

1937-يىلى 12- ئايدا،شېڭ شىسەي ئومۇمەن ئىلگىرى تۆمۈر،ئوسمان،سابىت داموللام، ماخوسەن ۋە مەھمۇت مۇھىتىغا ئەگىشىپ پاراكەندىچىلىك سالغانلار بىردەك قولغا ئېلىنىپ تازىلىنىدۇ،دەپ جاكارلىغان.نەتىجىدە پەقەت قەشقەردىلا 5000 كىشى قولغا ئېلىنغان.ئۇلار بىردەك«خائىن»دەپ جاكارلانغان ھەمدە مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان.12-ئاينىڭ 17-كۈنى قەشقەر رايونىدا«خائىنلارنىڭ مال-مۈلكىنى ئېنىقلاش ھەيئىتى»قۇرۇلغان.شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ھەربىي مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە ستالىندىن ئالغان قەرزىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن،مۇشۇ باھانىدا، ۋەتىنىمىز مىقياسىدا نۇرغۇن چوڭ بايلارنى قولغا ئېلىپ،ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغان.يەنە بىر جەھەتتىن كۆزگە كۆرۈنگەن ئەمەلدارلارنى ۋە زىيالىلارنى قىرىپ تۈگەتكەن. ئۆمەر بايمۇ بۇ قىسمەتتىن قۇتۇلالمىغان .

ئەمما ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قاتىللىرى قاتارىدا ئۆمەر باينىڭ قايسى رولنى ئۆتىگەنلىكى ھازىرغىچە ئېنىق بولمىسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ جەرياندىكى بارلىق ئىشلاردىن خەۋىرى بولغانلىقى ئۈچۈن يەنىلا مىللىي مۇناپىق بولۇشتىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان.

كۈنلەردىن بىر كۈنى مەمتىلاجى شاڭخەي دوتەي يامۇلغا بېرىپ، دوتەينى كونسۇلخانىغا چاقىرتقانلىقى ھەققىدىكى خەتنى كۆرگەن. دوتەي كونسۇلخانىغا چىققاندىن كېيىن، سوۋېت كونسۇلى دوتەيگە: “قەشقەردە ھازىر بىر ئادەم بار، بۇ ئادەم تالىپلارغا تارىخ، جۇغراپىيە، ھېساب ئۆگىتىمەن دەپ يۈرىمىش. بۇ ئادەم تارىخ، جۇغراپىيە، ھېساب ئۆگىتەلەمدۇ؟ ئەگەر ئۆگەتسە ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ شۇڭا بۇ ئادەمنىڭ ئىشلىرىنى دەرھال تەپتىش قىلىپ، نەتىجىسىنى ماڭا مەلۇم قىلىڭ!” دېگەن.

دوتەي كونسۇلخانىدىن قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۆمەرباي ئارقىلىق ئابدۇقادىر داموللامنى سۇرۇشتۇرگەن. ئۆمەرباي ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلغان، ئەمما دوتەي بۇنىڭغا كۆنمەستىن، مەدرىسەدىكى پائالىيەتلىرىنى سۇرۇشتۇرۇشكە بۇيرۇغان. ئۆمەر باي ئابدۇقادىر داموللامنىڭ دەرس ئارىلىقىدا تارىخقا ئائىت بىلىملەرنى قىستۇرۇپ بايان قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى تالىپلار ئارقىلىق بىلگەندىن كېيىن، دوتەيگە مەلۇم قىلغان. دوتەي بۇ ئاخباراتنى كونسۇلغا مەلۇم قىلغان. كونسۇل ئابدۇقادىر داموللامنى دەرھال كۆزدىن يوقىتىشقا بۇيرۇغان. ئەگەر بۇ ئىشتا دوتەي سۇسلۇق قىلسا، ياك زېڭشىنغا مەلۇم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ پوپوزا قىلغان. سوۋېت كونسۇلىنىڭ پوپۇزىسىدىن قورقۇپ كەتكەن جۇ دوتەي خىزمىتى بەدىلىگە **300** سەر كۈمۈش تەڭگە بېرىش، ئۆزىنىڭ ۋە بالا – چاقىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئەبەدىي كاپالەتلىك قىلىش شەرتى بىلەن قاتىل ئەھمەتنى ياللىۋېلىپ، ئابدۇقادىر داموللامنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن. كېيىن قاتىل ئەھمەت تۇتۇلغان بولسىمۇ، بۇ ئىشتا سوۋېت كونسۇلى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ قولى بولغانلىقتىن، ئىشنى ئارقىسىغا سۆرەش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئەھمەتنى جىنايى جاۋابكارلىقتىن قاچۇرۇپ، ھېچقانداق چارە كۆرمىگەن. قاتىل ئەھمەت كېيىنكى چاغلاردا خەلقنىڭ نەپرىتى تۇپەيلىدىن نېرۋىسىدىن ئادىشىپ، ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يەپ ئۆلگەن.

ئابدۇقادىر داموللام قەتلىئام قىلىنغان كۈننىڭ ئەتىسى يۇسۇپ توقام دېگەن كىشى: "بۇ ئۆمەربايىنىڭ قىلغان ئىشى" دېگەن. بۇ سۆزگە ئاساسەن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شاگىرتلىرى ئۆمەربايىنى ئىزدەپ، ھېسابلاشماقچى بولغاندا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئوتتۇرىغا چىقىپ: "بۇ ئۆمەربايىنىڭ قىلغان ئىشى ئەمەس، ئابدۇقادىر داموللام شۆېت دوختۇرخانىسىغا ئوت قويغانلىقى ئۈچۈن شۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن" دېگەن. ئۆمەرباي ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش جەريانىدىن پۈتۈنلەي خەۋەردار بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ پۈتكۈل سودا ئىشى سوۋېت بىلەن بولىدىغان بولغاچقا، بۇ سىرنى تىنىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. بۇ سىرنى بىلىدىغان ئىنايەتخان مەخسۇم، ئابلىراخۇن مەخسۇم، مۇساخان تېۋپىنىڭ ئوغلى ئابدۇۋايىت ئاخۇن، ئوردائالدىلىق ماموت ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت ھاجىم، مەمتىلاجى شاڭخەي، جاڭقورغانلىق زۇنۇن ھاجىم، خانئېرىقلىق ئىمىن ئاخۇن خەلپىتىم قاتارلىقلار:"ئابدۇقادىر داموللامنى شۆېتلار ئەمەس، ئورۇسلار قول تىقىپ ئۆلتۈرگۈزدى" دېگەنلىكى ئۈچۈن، جۇ دوتەي بۇلارنى تۇتۇپ، ھەپسىگە سولاپ قويغان. ئىنايەتخان مەخسۇم، ئابلىراخۇن مەخسۇملار بۇ ئىشنى ئىككىنچى تىنماسلىققا ۋەدە قىلىپ، چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن. جامال ئاخۇن خەلپىتىم كالتايلاققا، زۇنۇن ھاجىم غۇلجىغا، مەمتىلاجى شاڭخەيگە كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سىرى يېشىلمەي، شۇ پېتى بېسىلىپ قالغان.

## **10.** ئابدۇغۇپۇر داموللا ( شاپتۇل داموللا ) :

مەلۇمكى، ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللا **1930**-يىللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي قۇتۇلۇش ئىنقىلابىغا ئېغىر زىيان كەلتۈرگەن كىشىدۇر. ئۇ جاللات شېڭ شىسەينىڭ ۋەتىنىمىزدە يولغا قويغان «ئالتە بۈيۈك سىياستى» نىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفكە زىت ئەمەسلىكىنى تەرغىب قىلىپ كىتاب يازغان، كېيىنچە گېنېرال مەھمۇت مۇھىتى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن شەخس. ئۇ ئەسلىدە قەشقەر پەيزاۋاتتىكى شاپتۇل يېزىسىدا تۇغۇلۇپ ، شۇ يەردە ۋە قەشقەر شەھىرىدە مەدرىسىدە ئوقۇغان . **20** - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇخاراغا بېرىپ ئوقۇپ ، ئاندىن ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىپ قايتىپ كەلگەن . ئۇنىڭ تەلىيىگە **1914** - يىلى قەشقەرنىڭ شەيخۇل ئىسلامى ۋە بۈيۈك ئۆلىماسى باۋۇدۇن مەخدۇم ۋاپات بولۇپ ، ھوقۇق ئۆمەر باينىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالغان . شاپتۇل داموللا دەرھال ئۆمەر بايغا يېقىن تۇرۇپ ، باينىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى چارسۇ مەدرىسىگە باش مۇدەررىس، كەينىدىنلا قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە مۇدەررىس بولغان . ئەمما قەشقەرگە قازى ۋە مۇپتى بولۇش ئىستىكى ئەمەلگە ئاشماي ، بۈيۈك مۇپتى ئابدۇقادىر داموللامغا ھەسەت قىلىشقا باشلىغان . شۇڭا ئۇ ئەمدى ما تىتەي بىلەن يېقىنلاشقان . **1924** - يىلى **31** - ماي ماتىتەي ما دوتەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندە ، بىر دوملاپلا ماشاۋۇغا يېقىنلاشقان . شۇ يىلى **14** - ئاۋغۇست مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللامغا سۇيىقەست قىلغۇچى گۇرۇھنىڭ غوللۇق

ئەزالىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان . 1933 - يىلى مايدا تۆمۈر سىجاڭ قەشقەرنى قولغا ئالغاندا ، ئۇ ما دوتەيىنى تاشلاپ تۆمۈر پاشاغا يېقىن تۇرغان . پاشا ئۇنى باش قازى قىلغان . ھەتتا ئۇنى سابىت داموللام بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگىلى يەكەنگە ئەۋەتكەن. ئەمما شاپتۇل داموللا يەكەندە خوتەن ئىسلام ئارمىيىسىنى مەسخىرە قىلىپ « ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت قۇرىمىز دېگىنى نېمىسى !؟ ئۇلار ماجەنساڭغا تەڭ كېلەلەمدىكەن !؟ » دەپ بىلجىرلاپ ، تۆمۈر سىجاڭ بىلەن خوتەن تەرەپنىڭ ئارىسىنى بۇزغان . شۇ يىلى 7 - ئاۋغۇست تۆمۈر پاشا ماجەنساڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندە ، شاپتۇل دامولىلا مۆكۈۋالغان . 12 - نويابىر سابىت داموللام جۇمھۇرىيەت جاكارلىغاندىن كېيىن ، شاپتۇل دامولىلا بارلىق جىنايەتلىرىدىن ھېساپ بېرىشكە قىستالغان. تەلىيىگە ، 1934 - يىلى 6 - فېۋرال تۇڭگانلار قەشقەرنى قايتا ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ، ماجۇڭيىڭ باندىتلىرى قەشقەردە دەۋران سۈرگەن بەش ئاي جەريانىدا ئۇ قېچىپ يۈرۈپ جان ساقلىغان . شۇ يىلى 15 - ئىيۇل مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قەشقەرگە كىرىشى بىلەن ئۇنىڭ يۆلتۆزى قايتىدىن ئېگىز كۆتۈرۈلگەن . ئۇ يەنىلا گېنىرالنىڭ يېقىنى بولۇۋالغان. تۇرپانلىقلار ئىچىدە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى كۆپ بولغاچقا ، مەھمۇد مۇھىتى ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ ئۆزىگە مۇشاۋۇر قىلىۋالغان . ھەممە ئىشنى ئۇنىڭ بىلەن كېڭىشىپلا قالماي ، ئۇنى « مىللەت مەجلىسى » رەئىسى قىلىپ تىكلىگەن . 1935 - يىلى ئۇنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلىدىغان خەلق قۇرۇلتىيىغا قەشقەرنىڭ ۋەكىلى قىلىپ ئەۋەتكەن . گېنىرال ئۇنىڭدىن كۆپ ئۈمىدلەرنى كۈتكەن ئىدى . بىراق شاپتۇل دامولىلا قايتىپ كېلىپلا ، شېڭ شىسەينى ماختايدىغان بىرىگە ئايلىنىپ قالغان . ئۇ ھەتتا ھەممە يەردە جاللات شېڭ شىسەينىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالغان ۋە ئۆزى بىۋاستە ئۇزۇتۇپ قويغانلىقىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن . شېڭ شىسەي ئۇنى 1936 - يىلى قۇرۇلتايغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلغاندا ، گېنىرال ئۇنى يىغىشتۇرۇشنى قارار قىلغان . دامولىلىدىن بۇرۇن سورىغان « مۇناپىقنىڭ جازاسى » ھەققىدىكى پەتىۋاسى بويىچە ئۇنىڭغا جازا ئىجرا قىلغان. شۇنداق قىلىپ ئالدىنقى ئەسىردىكى ئەڭ كەچۈرۈلمەس دىنىي ۋە مىللىي مۇناپىق شاپتۇل دامولىلا 1936 - يىلى 12 - ماي سەيشەنبە كەچ سائەت 00:33 لەردە قەشقەر تۈمەن دەريا 1 - كۆۋرۈكىدىن ئەمدىلا ئۆتۈپ ، 2 - كۆۋرۈككە كېلىدىغان بوش يەردە گېنىرال تەرىپىدىن ئالدىن بۇيرۇق بېرىلگەن ئالاھىدە خادىم تەرىپىدىن بوغۇزلىنىپ ئەلگە ئىبرەت قىلىنىدۇ . ( بەزى شەخسىي ئەسلىمىلەردە بۇ ۋەقە 20 - ئىيۇن كەچ يۈز بەردى دېيىلگەن ) .

## 11 . مەمتىمىن ئاق كىرپىك :

خۇدايىم بىلۇر بالىلىرىم قالدى دادۇ-پەريادتا، دېرىكىمنى ئالالماي سەرسان بولۇپ ھەر ياقتا.

ئەل خائىنى ،مەمتىمىن ئىچى قارا مۇناپىق، ھۆكۈمەتكە ئۇستۇمدىن خەۋەر بېرىپسەن ساختا.

« ئەل خائىنى ،مەمتىمىن ئىچى قارا مۇناپىق»دىگەن مىسرادىكى مەمتىمىن 1930–1940-يىللىرى قەشقەر تەۋەسىدە شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئىشپىيونلۇق قىلىپ،ئىككى قولىنى نۇرغۇن خەلقپەرۋەر ئوغلانلارنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويىۋالغان مۇناپىق مەمتىمىن ئاق كىرپىك دىگەن كىشىنى كۆرسىتىدۇ . ئاخىرىدا جاللات شېڭ شىسەي ئاساسىنى پۇختىلىۋالغاندىن كېيىن بۇ مۇناپىقنىمۇ تۈمەنلىگەن مۇناپىقلار قاتارىدا يىغىشتۇرۇپ تاشلىغان .

## 12 . روزى موللا

روزى موللا تۇرپاندىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمەت يامۇلىدا ئەمەل تۇتقان.ئۇنىڭ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەل ئىچىدىكى ئەل كۆرەلمەسلىكى شۆھرىتىنى كۆرەلمەسلىكى ۋە شەخسى ئاداۋىتى ئاخىرىدا ئۇنى خىتايلارغا غالچىلىق قىلىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلارنى تۇتۇپ بېرىشكىچە ئېلىپ كەلگەن. روزى موللا شۇ قىلمىشى تۈپەيلىدىن خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ تارىخىمىزدىكى ئەڭ لەنەت ئوقۇلىدىغان خائىنلارنىڭ بىر تىپىك مىسالىغا ئايلىنىپ قالغان.

## ئۈچىنچى بۆلۈم: خائىنلارنى جازالاش ئۈچۈن خەلقىمىزنىڭ روھىيىتىنى تازىلاپ ، تەپەككۇرىنى ئىسلاھ قىلىپ ، قايتا ياساپ چىقىش كېرەك

داڭلىق خىتاي يازغۇچىسى لۇشۇن ئەپەندى تىپىك خىتاي ۋە خىتايلاشتۇرۇلغان قۇللارنىڭ پىسخىكىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەن :

« باتۇرلار غەزەپلەنسە، ئۆزىدىن كۈچلۈكلەرگە تىغ كۆتۈرىدۇ . قورقۇنچاقلار غەزەپلەنسە ، ئۆزىدىن ئاجىزلارغا تىغ كۆتۈرىدۇ . قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان مىللەتتە، چوقۇم كىچىك بالىلارغا ھومىيىشىنىلا بىلىدىغان نۇرغۇن قەھرىمانلار مەۋجۇت. توخۇ يۈرەكلەر ! ». لۇشۇن .

勇者愤怒，抽刃向更强者；怯者愤怒，却抽刃向更弱者。不可救药的民族中，一定有许多英雄，专向孩子们瞪眼。这些孱头们！ --- 鲁迅

يۇقىرىقى بىر جۈملە خۇلاسە مۇھاجىرەتتىكى تېخىچە خىتايچە زېھنىيەت ۋە قۇللۇق روھىدىن قۇتۇلالمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن . ھازىر تەشكىلات ياكى جامائەت شەكلىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى دەل يۇقىرىقىدەك ئىنتايىن بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان . ئۇلاردا كۈچلۈك دۈشمەنگە تىغ كۆتۈرۈش ئەمەس ، تىل ئۇزىتىش جۈرئىتىمۇ كەمچىل . ئەمما ئۆز ئىچىدىكى ، ئارقا تېرىكى ، پۇلى ۋە نوپۇزى بولمىغان ھەر قانداق بىرىگە كەلگەندە تولىمۇ جەسۇر بولۇپ كېتىدۇ . بۇ جەسۇرلۇق يەنىلا قاپاقنى تۇرۇش ۋە ئازراق ئېغىز ھۇجۇمى قىلىشتىن يىراققا بارالمايدۇ .

« چىۋىن قونسا غىڭشىيسەن ، كالتەك تەگسە جىم » ، « شىر ئالدىدا تۈلكىدەك قىلىسەن سۆكۈت ، ئەمما چۈجە ئالدىدا بولىسەن بۈركۈت » دېگەن ئەقلىيەلەر يېقىنقى ئۈچ ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يوشۇرۇن مىللىي پىسخىكىسىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرگەن . يۇقىرىدا لۇشۇن ئېيتقان سۆز بۇنى تېخىمۇ ئوبرازلىق ۋە ئاممىباپ شەكىلدە ئىپادىلەپ بەرگەن .

333 يىلدىن بۇيانقى ئەھۋالىمىز مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق بولغاچقا ، دۈشمەنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قانلىق قىلىچلىرى بىلەن خالىغانچە قەتلىئام يۈرگۈزۈپ ، ئاخىرىدا زەپەر قۇچقان تۆھپىكار سۈپىتىدە مەغرۇرلارچە ۋەتىنىمىزدىن بەخىرامان چىقىپ كېتىشتى .

ئەگەر بىز **1759** - يىلى جاۋخۇي بىلەن فۇدېنى ، **1765** - يىلى ئاگۇي بىلەن مىڭرۈينى، **1828** - يىلى چاڭلىڭ بىلەن چاڭچىڭنى ، **1878** - يىلى زوزۇڭتاڭ بىلەن دۇڭ فۇشياڭنى ، **1944** - يىلى شېڭ شىسەي بىلەن جۇشاۋلياڭنى قاچۇرۇپ قويماي تىرىك تۇتۇپ، ئۆز قولىمىز بىلەن چاناپ تاشلىغان بولساق، ۋاڭجېن بىلەن ۋاڭ ئېنماۋ ، ۋاڭ لېچۈەن بىلەن چېن چۈەنگو خەلقىمىزگە بۈنچىلىك تالاپەت كەلتۈرۈش توگۇل ، بۇنداق ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىشنى خىيال قىلىپ بېقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتى.

خەير :« ئەرگە بىر نۆۋەت ، يەرگە بىر نۆۋەت » .

شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلارنى قايتىدىن جەڭگىۋار ۋە كەسكىن « ئىدىيە » بىلەن قوراللاندۇرۇپ ، قۇللۇق روھىنى پاچاقلاپ تاشلاش كېرەك . شۇندىلا ئۇلار خۇدا بەرگەن ۋاز كېچىلمەس ھوقۇقلىرى ئۈچۈن چوقان كۆتۈرەلەيدىغان ، ۋاستە تاللىماي ئۇنى قايتۇرۇپ كېلەلەيدىغان بولىدۇ . دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتا ، ئۇنى يېقىپ چوڭ قىلغان ئاتىسى ستالىننىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشىمىز زۆرۈر !

« ئىدىيە قورالدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ ! بىز دۈشمەنلىرىمىزنىڭ قوراللىق بولۇۋېلىشىغا يول قويمايمىزيۇ ، نېمىشقا ئىدىيىلىك بولۇۋېلىشىغا يول قويغىدەكمىز !؟ ».

« دۈشمەننىڭنى ئۇسسۇلغا سالغۇدەك چۈشەن! تارىخ ئىسپاتلىدىكى يېڭىلمەس قوشۇن يوق!» .

« بىر جاننىڭ ئۆلۈمى چوڭ پاجىئە، مىليون جاننىڭ قىرىلىشى پەقەتلا ستاتىستىكا خالاس!».

ئۇندىن باشقا تارىخ ھەققىدىكى قاراشلىرىمىزنى كەسكىن ئىسلاھ قىلىپ ، تارىخنى بوگۈنىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالىشىمىز كېرەك !

تارىخ ھەققىدە ئۈچ دىكتاتور نېمە دەيدۇ ؟

ستالىن مۇنداق دېگەن: « تارىخنى غالىپلار يازىدۇ، بىز تارىخنى ئەلۋەتتە خالىغىنىمىزچە يازىمىز.
گېتلېر مۇنداق دېگەن: « تارىخ بولسا بىر مەسۇمە قىز، بىز ئۇنى قانداقلا ياسىساق بولىۋېرىدۇ » .
ماۋزېدۇڭ مۇنداق دېگەن: « تارىخنى خەلق يېزىپ قالدۇرىدۇ! » . ئۇنداقتا خەلق زادى كىم؟ خەلق ماۋزېدۇڭ! خەلق بولسا ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى خىتاي كوممۇنىست هاكىمىيىتى! دېمەك ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى ئىگە چىقمىغان مىللەتنىڭ تارىخى باشقىلارنىڭ قولى بىلەن خالىغانچە يېزىلىدۇ ! دۇشمەنلەر بىزگە يېزىپ بەرگەن ۋە مەجبۇرىي ئۆگەتكەن ساختا، بۇرمىلانغان تارىخ هامان ئەڭ هالقىلىق پەيتتە بىزنى ئېچىمىزدىن يىمىرىپ تاشلايدۇ .

« تارىخنى بىلمىگەن مىللەت يوقىلىشقا مەهكۇمدۇر ! » غازى مۇستاپا كامال پاشا ( ئاتا تۈرك ). ئۇيغۇرلار يۇقىرىقى ئۇيغۇر دۇشمەنلىرى ئۆزلىرى ئېتىراپ قىلغان ئۇنۇملۇك ئىدىيۋى قورالللار ۋە كامال ئاتا تۈركنىڭ بەزى كەسكىن ئىسلاهات ئۇسۇللىرى بىلەن قوراللانسا ، پات ئارىدا مەركىزىي ئاسىيانىڭ گېرمانىيەسى ، تۈرك - ئىسلام ئەللىرىنىڭ ياپونىيەسى ، هەتتا پۈتۈن دۇنيانىڭ غوللۇق تەسىرى بار كۈچتۈڭگۈر دۆلىتى سۈپىتىدە دۇنيا سىياسىي سەهنىسىدە قايتا قەد كۆتۈرۈشى پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى بوپقالىدۇ .

## تۆتىنچى بۆلۈم: تارىخىمىزدىكى خائىنلارنىڭ ۋە مىللىي مۇناپىقلارنىڭ جازاسى قانداق بولغان !؟

تارىختىن بۇيان ئەجداتلىرىمىز خائىنلارنىڭ جازاسىنى بېرىشكە سەل قارىمىغان . ئۇلارنى هەر ۋاقىت ئالەمگە ئىبرەت قىلىپ كەلگەن .

ئۇيغۇر قاغانلىرى تەختكە چىقىشتىن بۇرۇن ئىككى قاۋۇل ئەركەك ئۇنىڭ گېلىنى قاتتىق ئۇچ قېتىم بوغۇپ تاكى قاغان تېپىرلاپ كەتكىچە قويۇپ بەرمەيتتى . بۇنىڭ چوڭقۇر مەنىسى بار بولۇپ ، يامان تەرەپتىن تەهلىل قىلغاندا ، قاغان ناۋادا دۆلەتنى ۋە خەلقىگە خىيانەت قىلسا ، قانداق جازالىنىدىغانلىقىنى هەر ۋاقىت ئېسىدە تۇتۇشى كېرەكلىكىنى ئىپادىلىسە ، مەسئۇلىيەت نۇقتىسىدىن قاغاننىڭ ۋەزىپىسىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى ، قاغانلىقتا مۇشۇنداق ئېغىر يۈكلەرنى كۆتۈرەلىگۈدەك لاياقىتى بار بىرىنىڭلا سالاهىيىتى بارلىقىنى هەر ۋاقىت ئەسلىتىپ تۇرۇش ئۇچۇن ئىدى .

يېقىنقى زامان تارىخىمىزغا قىسقىچە نەزەر سالغىنىمىزدا ، 1924 - يىلى ئابدۇقادىر داموللامغا قول سالغان سۇيىقەستچىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ، 1933 - يىلى تۆمۈر سىجاڭ بىلەن سابىت داموللام ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ ، ئاندىن ماجەنساڭغا سېتىلىپ ، تۆمۈر سىجاڭنىڭ بېشىغا چىققان ، ئاخىرىدا جاللات شېڭ شىسەيگە سېتىلىپ ، 1935 - يىلى ئۇنى ئۈرۈمچىدە پەيغەمبەرنىڭ ئىزباسارى دەپ ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەن پەيزاۋات شاپتۇللۇق ئابدۇغۇپۇر داموللا ( تارىخىمىزدىكى سېسىق نامى پۇر كەتكەن شاپتۇل داموللا ) 1936 - يىلى يەنە بىر قېتىم ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىنغاندا ، ئەقىللىق مەخمۇت مۇهىتى شېڭ شىسەينىڭ يەنىلا ئابدۇغۇپۇر شاپتۇل داموللىدىن پايدىلىنىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى بايقىۋېلىپ ، داموللا ئۈرۈمچىگە يىغىنغا بېرىشتىن ئىلگىرىلا :

« داموللام مۇناپىقنىڭ هۆكمى نىمە ؟» دەپ سورىغان. شاپتۇل داموللا قىلچە ئويلانمايلا :

« كۆزىنى ئويۇپ تىلىنى كەسمەك، پۇت قولىنى كېسىپ دارغا ئاسماق » دەپ بىمالال جاۋاپ بەرگەن.

مەخمۇت مۇهىتى پەتىۋانى ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئالدىن ئېلىپ ، كېيىنچە شاپتۇل داموللا ئۈرۈمچىگە مېڭىشتىن ئىلگىرى خوشلاشقىلى كېلىپ ، ۋىدالىشىپ قايتقاندا ، ئۆيىگە قايتىش يولىغا ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۆزى پىچقان پەتىۋا بىلەن تېگىشلىك جازا ئىجرا قىلغان.

شۇنداق قىلىپ،1936 - يىلى 12 - ماي ( هىجرىيە 1355 - يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 21 - كۈنى سەيشەنبە كەچ، ئۆيىگە ئاتلىق قايتىۋاتقان شاپتۇل داموللا تۇمەن دەريا بويىدا ئىككى ئالاهىدە خادىم تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇيرۇقنى مامۇت سىجاڭ بەرگەنىدى. ئالاهىدە خادىملار شاپتۇل داموللىنى ئۇ ئۆزى بەرگەن پەتىۋا بويىچە كۆزىنى ئويۇپ تىلىنى كەسكەندىن سىرت ، تاكى بويۇنغىچە بوغۇزلاپ تاشلىغان.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانىيە تەسلىم بولغاندا, ئۆزىنىڭ ۋەتىنىگە خائىنلىق قىلىپ نېمىسلار

ئۇچۇن ئىشلىگەن فىرانسىيىلىك، پولشالىق، يۇگوسلاۋىيەلىك ، ۋېنگىرىيەلىك، ئۇكرائىنالىق ، جۇملىدىن ھەرقايسى مىللەتتىن بولغان خائىنلارنىڭ رەسىملىرىنى كوچىلارغا چاپلىۋېتىپ چىقىپ كەتكەن. نەتىجىدە ئازات بولغان رايونلار ئۆزىگە خائىنلىق قىلغانلارنى تېپىپ چىقىپ ئېچىنىشلىق شەكىلدە ئۆلتۈرۈپ، ئاۋامغا ئىبرەت قىلغان . ياپونلارمۇ خىتايدىن چىقىپ كەتكەندە ئوخشاشلا شۇنداق قىلغان . شىڭشىسەيمۇ خائىنلاردىن كۆپ پايدىلانغان. كېيىنچە ھەرخىل قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن كۆپ قىسىم غوللۇق ۋەتەن خائىنلىرى ۋە مىللىي مۇناپىقلارنى ئۆلتۈرگەن . قالغانلىرىنى خەلق ئېنىقلاپ چىقىپ ، ئۆزلىرى لايىقىدا بىر تەرەپ قىلغان .

**بەشىنچى بۆلۈم : خائىنلار ۋە مىللىي مۇناپىقلارنى چەكلەش ۋە تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش چارىلىرى :**

« مۇھىم كوزىر قورال - ياراقلىرى توخۇ يۈرەك قورقۇنچاقلىرىنىڭ ، تەڭگە - تىللالىرى ھىلىگەر قويمىچىلىرىنىڭ ، قۇتلۇق قەلىمى ناپاك ۋە نادانلىرىنىڭ ، شانۇ - شەۋكەتلىك سەلتەنىتى قۇۋلۇقتا ۋايىغا يەتكەن مىللىي مۇناپىقلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن مىللەت مەڭگۇ قەد كۆتۈرەلمەيدۇ » .

بىز ھەر قانداق كاشىلا ۋە ئىللەتلەرنى تۈپ يىلتىزىدىن ئوڭشايمىز دەيدىكەنمىز چوقۇم ئالدى بىلەن ئۇنى پەيدا قىلغۇچى ئىچكى - تاشقى ئامىللارنى ، كاشىلىنىڭ تېگى - تەكتىنى، كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى ئوبدان ئېنىقلاپ ، ئاندىن ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىرلەرنى تولۇق تەتبىقلاپ ، بۇنداق ئېغىر كاشىلا ۋە ئىللەتلەرنىڭ قايتا ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك .

ئۇنداقتا مۇناپىقلار قانداق ئادەملەردىن كۆپ چىقىدۇ ؟؟؟

كىم بولسا بولسۇن ، قانداق ئىش بىلەن شۇغۇللانمىسۇن،قىلىۋاتقان سۆزى،ئىشلەۋاتقان ئىشى خەلق ئالدىدىكى جاۋابكارلىقىدىن ئايرىلمىسا ، بۇنداق ئادەمنىڭ ھاياتى مەنىلىك ئۆتىدۇ ، ئۆزىنىڭمۇ قەدىر قىممىتى بولىدۇ.بەزى ئادەملەر ئۆزى تۇغۇلغان زېمىننى،سۆيۈملۈك خەلقنى ئويلاپ قويمايدۇ،بىر تويسا بىر كۆلسە شاھ بولغاندەك سۆيۈنىدۇ .ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزى، ئىشلىگەن ئىشى ئۆز مەنپەئەتىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ . بۇنداق ئادەملەردە ئەل يۇرت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش دېگەن بۇرچ ۋە كۈچلۈك ھېسسىيات بولمايدۇ . نەتىجىدە ئۇلار ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگىلا جاۋابكار بولۇپ سۆز سۆزلەيدۇ،ئىش قىلىدۇ،بۇنداق ئادەملەر تولىمۇ چاكىنا ئەمەسمۇ؟!دەل مۇشۇنداق ئادەملەردىن مۇناپىقلار كۆپلەپ چىقىدۇ .

يۇقىرىقى قۇرلارنى بىرلا ئوقۇپ باققان ھەر بىر ئەقلى - ھوشى جايىدا ئۇيغۇر پەرزەنتىنىڭ كاللىسىدا ئاپتوماتىك ھالدا زادى قانداق ناچار قىلمىشلارنىڭ مىللىي مۇناپىقلىق ئىكەنلىكى ، زادى قانداق ئادەملەرنىڭ « مىللىي مۇناپىق » ئىكەنلىكى **100%** ئېنىق بولىدىغانلىقى ئېنىق . چۈنكى بولۇۋاتقان ئىشلار ۋە بىز شاھىت بولۇۋاتقان رېئاللىق ۋە شەخسلەر بۇنى تولۇقى بىلەن تەستىقلىماقتا . ھەقىقەت ۋە ئادالەت گويا قۇياش كەبى ئوچۇق بولۇپ ، ئۇنى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمىغانغا ئوخشاش ، جاھالەت ۋە خىيانەتمۇ شۇنداق ئوچۇق نامايەن بولۇپ تۇرۇپتۇ . ھازىر كەمچىل بولۇۋاتقىنى يەنىلا بىزدىكى نادانلىق ، جۈرئەتسىزلىك ، ئىككى يۈزلىمچىلىك ۋە خىتايچە زېھنىيەتتىن كېلىپ چىققان « مېنى چاقمىغان يىلان مىڭ يىل ياشىسۇن ! » دېگەن شەخسىيەتچى خاھىشقا بېقىنىشتىن كېلىپ چىققان « مەيدانسىزلىق» ۋە تۇراقسىزلىقتۇر . بۇ خىل تۇراقسىزلىق بىزدە  دوست - دۈشمەنلىك قارىشىنى سۇسلىتىپلا قالماي، ھەممە ئىشقا مۇئامىلە قىلغاندا ئالدى بىلەن « بۇ ئىشنىڭ ماڭا پايدىسى بارمۇ ياكى زىيىنىمۇ !؟ » دەيدىغان ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى قاراشنىڭ ئومۇملىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ ، نەچچە مىليون خەلقنى نەچچە ئون مىڭ ئەپيۇنكەش دۈشمەنلەر بىمالال ئىدارە قىلالايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان . گەرچە خەلقىمىز ئىچىدە ياخشىلار مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىسىمۇ ، بىراق ئۇلار ھەر دەۋردە بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا يامان كىشىلەرگە خۇشامەت قىلىپ يۈرگىنىنى ئاز دەپ ، خەلق داھىيلىرى ۋە يولباشچىلىرىنى يېتىم قالدۇرۇپلا قالماستىن بەلكى ، ئۇلارنى ئۆز قولى بىلەن دۈشمىنىگە تۇتۇپ بېرىدىغان ناچار قىلمىشلىرىمىز نەتىجىسىدە مۇشۇ كۈنگە چۈشۈپ قالغان. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلاردىكى بۇ خىل مەيدانسىزلىق ۋە ئاكىسىراش خاھىشىنى، « ئىت ئۈرگۈچىسىغا ئامراق »

ۋەتەن خائىنلىرىنى ۋە مىللىي مۇناپىقلارنى تازىلاش ئۈنچە تەس ئەمەس . شۇڭلاشقا مۇھاجىرەتتىكى بارلىق ۋەتەنسۆيەر ۋە مەسئۇلىيەتچان قېرىنداشلىرىمىزنى قولىغا قەلەم ئېلىپ ، ھەر قايسى « ئۇيغۇر خەلقىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ قارىلىۋاتقان شەخسلەر ۋە ھەر خىل تەشكىلاتلار » نى قوللاش بىلەن بىرگە ، خەلقىمىزنىڭ جانىجان مەنپەئەتلىرى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەردە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان سەرخىللارنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىشى كېرەك . ھېچقانداق دەلىل - پاكىت بولماستىن ئۆز ئارا يىرىكلىشىپ قالغانلىق ياكى پىكىر ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى

« ۋەتەن خائىنى » ، « مىللىي مۇناپىق » دېگەندەك سۆرلۈك ۋە يىرگىنىشلىك بولغان ھەيۋەتلىك ئاتالغۇلارنىڭ قىممىتى چۈشۈرۈپ، ئۇنى تور يۈزىدىكى پىتنە - پاسات ، كوچا پاراڭلىرى دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ . بۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنۇشمۇ ئۇچىغا چىققان مىللىي مۇناپىقلىق ! شۇڭا قولغا قەلەم ئېلىك . بىراۋنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈشتىن ۋە قارىلاشتىن قاتتىق ساقلىنىڭ . بىر ئادەمنى ناھەق قارىلاپ ئىناۋىتىنى يوق قىلىش ئۇنى ئۆلتۈرگەندىنمۇ ئېغىر جىنايەت . بۇ ئارقىلىق سىز ھەر ئىككى دۇنيالىق بەختتىن مەھرۇم قالىسىز .

گېپىڭىزدە راستچىل بولسىڭىز گۇمان قىلغان شەخسلەر ھەققىدە ئارخىپ قالدۇرۇپ چىقىڭ . پات ئارىدا خەلقىمىزنىڭ ئەڭ ئالىي مىللىي مەنپەئەتىدىن باشقىنى تونۇمايدىغان « مىللىي سوت » ۋە قىلمىشى چېكىدىن ئاشقان مىللىي مۇناپىقلارنى سوتلاپ جازا بېرىدىغان « ھەربىي سوت » قۇرۇلىدۇ . شۇ چاغدا دەلىل - ئىسپاتلارغا ھاجەت چۈشىدۇ . ئاخىرىدا خەلقىمىز ۋە دۆلىتىمىز ھەر قانداق ۋەتەن خائىنلىرى ۋە مىللىي مۇناپىقلارغا تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ . ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ تارىخنىڭ لەنەتلىك سەھىپىسىگە يېزىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا « ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك »، « قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرەر » ۋە « سېزىكى بار سەكرەيدۇ » دېگەنگە ئۇيغۇن ھالدا ئازراق كەينىدىن گەپ - سۆز چىقىپ بولغىچە ئىنتايىن ئالاقزادە ھالدا توردا ئۆزىچە ئالىجوقا ۋارقىراپ ، خەلقىمىزنىڭ زېھنىنى چېچىۋېتىدىغان تەنتەك ۋە پىشمىغان مايسا پائالىيەتچىلەر ۋە سەرخىللار ئۆزلىرىنى بېسىۋېلىشى كېرەك . چۈنكى ئۇنداق بىنورمال قىلىق پەقەت ئۆزىدىكى شۈبھىلەرنى تېخىمۇ كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ خالاس .

مەزكۇر ئەسەرنى مىللىي مۇناپىقلارنىڭ تۇنجى قۇربانلىقى بولۇپ كەتكەن مەرھۇم يەتتە قىزلىرىمىنىڭ شاھادىتىنىڭ **255** يىللىقى ، مەرھۇم ئىپارخانىنىڭ ۋاپاتىنىڭ **254** يىللىقى ، ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ ئىككىنچى قۇربانلىقى بولۇپ كەتكەن مەرھۇم نۇزۇگۇم ( نازۇگۇم ) چېپىلغانلىقىنىڭ **190** يىللىقىغا بېغىشلايمىز.

ئۇلۇغ ئاللاھ سەپلىرىمىزنى ۋەتەن خائىنلىرى ۋە مىللىي مۇناپىقلاردىن خالىي قىلسۇن ! ئۇنداق كىشىلەرگە تەۋبە قىلىش ۋە گۇناھىنى يۇيۇش پۇرسىتى بەرسۇن ! جاھىللىق بىلەن خىيانەت قىلىشنى داۋام قىلغانلارنى پۈتۈن ئالەمگە ئىبرەت قىلىشقا نېسىپ قىلسۇن !

ئاللاھ كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ[19].
سۈرە غافىر **19** - ئايەت .

مەنبەلەر :
1 . تارىخىمىزدىكى سىرلار ۋە ئۇنتۇلغان ئۇلۇغلىرىمىز .
2 . قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىلار .

3 . ئومۇمىي خىتاي تارىخى .
4 . ئۇيغۇر يىلنامىسى .
5 . ئۇيغۇرلار .
6 . شەرقىي تۈركىستان تارىخى.
7 . شەرقنىڭ مارتېن لۇتېرى .
8 . مۇستەبىتلەرنىڭ خارەكتېرلىرى.
9 . مۇھەممەد رەشىد رىزانىڭ ھاياتى.
10 . ۋەتەنگە خىيانەت ۋە مىللىي مۇناپىقلىق ئىللەتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش ئامىللىرى .
11 . تارىخىي ھەمىدى .
12 . ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى .
13 . قەدىمقى مەركىزىي ئاسىيا .
14 . قاراختاي خانلىقى تەزكىرىسى .
15 . توققۇز ئوغۇز قاغانلىرى .
16 . تەلفىقۇل ئەخبار .
17 . ئەلكامىل فىي تارىخ .
18 . يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى مەشھۇر شەخسلەر .
19 . نەبىجان تۇرسۇن ئەسەرلىرىدىن تاللانما .
20 . ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى تور بېكىتى .



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

## (2020-يىلى 3– ئاينىڭ 24 – كۈنىدىن 2020 - يىلى 4– ئاينىڭ 24 - كۈنىگىچە)

**24 – مارت:**
«زىمىستان» تورىنىڭ «شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان لاگېر ۋە تۈرمىلەرگە ئالاقىدار تېخىمۇ كۆپ ئىسپاتلار ئاشكارىلاندى» ماۋزۇلۇق خەۋىرىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئاھالىلەردىن ئېرىشىلگەن ئۇچۇرلاردىن خىتاي كومپارتىيەسى مىليونلىغان بىگۇناھ ئۇيغۇرنى قاماش ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتقان مۇئەسسەسەلەرنىڭ تەپسىلاتلىرى ئاشكارىلانغان.

**25 – مارت:**
«كىشىلىك ھوقۇق كۆزەتچىسى» توردا سوفىي رىچاردسوننىڭ «خىتاي يوقىلاڭ باھانىلەر بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى تەكشۈرۈشلەرگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ» ماۋزۇلۇق ماقالىسى ئېلان قىلىندى.
«indiatvnews» تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، تەيۋەن ئاقىللار ئامبىرى خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى تاجىسىمان ۋىرۇس ئەدەۋاتقان ۋەزىيەتتە، شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنى خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى زاۋۇتلارغا يۆتكەپ، شۇ ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كېلىپ بولغاندەك مەنزىرە شەكىللەندۈرۈپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالدىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقان.

**27 – مارت:**
ئەنگلىيە «قوغدىغۇچى» گېزىتىنىڭ تور بېتىدە «شەرقىي تۈركىستاندىن گېرمانىيەگىچە: <ئىسلامدىن قورقۇش كېسىلى> قانداقسىغا دۇنياۋى ھادىسىگە ئايلاندى؟» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنىڭ تۈرمىگە قامىلىشى، بېرمادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ياۋۇزلۇق بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە يۇرت – ماكانلىرىدىن قوغلىنىشى، ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دېھلى شەھىرىنىڭ كوچىسىدا پارچە – پارچە قىلىنىپ چانىۋېتىلىشى ۋە گېرمانىيەدىكى بىر تۈرك مۇسۇلماننىڭ ئاشقۇن ئوڭچى تەرىپىدىن ئېتىۋېتىلىشى دېگەندەك مىساللار كەلتۈرۈلۈپ، بىھۇدە، دەلىلسىز ئىسلام دۈشمەنلىكىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى تەھلىل قىلىندى.
«pen.org» توردا «ئۇيغۇر ناخشىچىنىڭ قاماقتا ھۆكۈم قىلىنىشى خىتاينىڭ ئۇيغۇر كۇلتۇرىنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش ئۇرۇنۇشىنىڭ بىر قىسمى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىنىپ، ناخشىچى رەشىدە داۋۇتنىڭ قىسمىتى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىكى ئومۇمىي زۇلمى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ تەھلىل قىلىندى.

**28 – مارت:**
«aninews» تورىنىڭ خەۋىرىدە، نورۋېگىيەدىكى غەيرىي ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك تەشكىلاتلار، جۈملىدىن ئالتە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى نورۋېگىيە ھۆكۈمىتىگە ئوچۇق خەت يېزىپ، ئۇيغۇرلارنى ئىنسان قېلىپىدىن

چىققان شەكىلدە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنۋاتقان خىتاي شىركەتلىرىگە سالغان مەبلىغىنى قايتۇرۇۋېلىشقا چاقىرىق قىلغان.

**30 – مارت:**
«ئامېرىكا مەنپەئەتى» توربىدا «نازارەتخۇمار دۆلەت (خىتاي)نىڭ ساختا ۋەدىسى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. مەزكۇر ماقالىدە، نۆۋەتتىكى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يۈز تونۇيدىغان كامېرالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇقىرى تېخنىكىلىق كۆزىتىش ئۈسكۈنىلىرى ئارقىلىق پۇقرالىرىنى يېقىندىن نازارەت قىلىپ، ئۇلارنى ئەركىن نەپەس ئالغىلى قويمايۋاتقانلىقى، خىتاي كومپارتىيەسى تۇپلىغان خىتاي خەلقىگە ئالاقىدار ئۇچۇرلارنىڭ تارىختىكى ھەرقانداق ھاكىمىيەت ئۆز خەلقى ھەققىدە تۇپلىغان ئۇچۇرلارنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىنمۇ كۆپ ئىكەنلىكى قەيت قىلىندى ۋە بۇنچە مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە بۇ قەدەر يۇقىرى تېخنىكىنىڭ سەپلىنىشىنىڭ خىتاي خەلقى ۋە پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن بىر قاباھەت ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

**31 – مارت:**
«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە بۆلۈمى «تاجىسمان ۋىرۇستىن يۇقۇملىنىش خەتىرىنىڭ كۈچەيگىنىگە قارىماستىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەكتەپلەر قايتىدىن ئېچىلدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر بەردى ۋە خىتاينىڭ «ۋابانى يەڭدۇق، ھەمما ئىشلار نورماللاشتى» دېگەن يالغان گېپىنى راستتەك كۆرسىتىش ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ھاياتىنىڭ تەھدىتكە ئۇچرىشىغا قارىماستىن، مەكتەپلەردە مەجبۇرىي ئوقۇش باشلاتقانلىقىنى بايان قىلدى.
«گېئوپولىتىك كۆزەتچى» تورى «شەرقىي تۈركىستاندىكى قازاقلار ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار كەلمەكتە» ماۋزۇلۇق خەۋەر بەردى.

**1 – ئاپرېل:**
«زىمىستان» توربىدا «تاجىسمان ۋىرۇس: خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار ئەمگەكچى قۇل سۈپىتىدە ئىچكىرىگە يۆتكەلدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلىندى. خەۋەردە خىتايدا تاجىسمان ۋىرۇس خەۋپى تامامەن تۈگىتىلمىگەن، ھەتتا قايتىدىن ئەدەۋاتقان ۋەزىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكىلىپ، كېسەل خەتىرىگە يۈزلىنىشكە ۋە خورلۇق ئىچىدە ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇرلىنىۋاتقانلىقى بايان قىلىندى.
«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە بۆلۈمى «ئۇيغۇر سەھىيە خادىملىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋاقىتلىق تەكشۈرۈش پونكىتلىرىدا تاجىسمان ۋىرۇس بىمارلىرىنى داۋالاشقا مەجبۇرلانغان» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلدى.

**2 – ئاپرېل:**
«زىمىستان» تورىنىڭ «ئۇيغۇرلارنى يېتەرلىك دەرىجىدە كونترول قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن جازالانغان مېھمانخانىلار» ماۋزۇلۇق خەۋىرىدە، خىتاينىڭ لياۋنىڭ شەھىرىدە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىغا ياتاق بەرگەن بىر مېھمانخانىغا بۇ قىلمىشى سەۋەبلىك جەرىمانە قويۇلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

**3 – ئاپرېل:**
«**asiamedia**» توربىدا «خىتايدىكى مۇسۇلمانلار قانداق قىلىپ زامانىۋى قۇللارغا ئايلاندۇرۇلدى؟» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى ۋە ئاساسلىقى ئۇيغۇرلاردىن تەشكىل تاپقان شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆز ۋەتىنى ۋە خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى زاۋۇتلاردا قۇلغا ئوخشاش مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىندى.

**4 – ئاپرېل:**

«فوربېس» توردا «خىتايدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنىڭ تەقدىرى: قايتا تەربىيەلىنىشتىن مەجبۇري ئەمگەككىچە» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي زۇلمى ئاستىدىكى ئەسلىدىنلا ئېچىنىشلىق قىسمىتىنىڭ بۇ بىر قانچە يىل ئىچىدە تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز ھالغا كەلگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

**5 – ئاپرېل:**

«زىمىستان» توردا «خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىدە ئەسكەر بولۇشنىڭ قورقۇنچلۇق رېئاللىقى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. مەزكۇر ماقالىگە كۆرە، «زىمىستان» تورىغا ئۇچۇر بەرگەن خىتاي جەڭچىلىرى ئىسمىنى ئاشكارىلىماسلىق شەرتى ئاستىدا، ئۆزلىرىنىڭ قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق، ئىچىدە باللىرمۇ بار يۈزدىن كۆپرەك ئۇيغۇر مۇسۇلماننى قىرغىن قىلغانلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان باشقا ۋەھشىيانە قىلمىشلىرىنى ئاشكارىلىغان.

**6 – ئاپرېل:**

«**kharon**» تورى «خىتاي شىركەتلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى نازارەت قىلىش ئىشلىرىدا ئامېرىكانىڭ تېخنىكىسىنى قوللانغان» ناملىق ماقالىنى ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈز تونۇش، **DNA** ۋە باشقا خۇسۇسىي ئۇچۇرلارنى توپلاش جەريانىدا ئامېرىكانىڭ تېخنىكىلىرىدىن پايدىلانغانلىقىغا ئالاقىدار مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«دۆلەت مەنپەئەتى» تورىنىڭ خەۋىرىدە، «خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسىنىڭ شۇنچە كۆپ دەلىلگە كۆز يۇمغان ھالدا، خىتايدا «دىنىي مەھبۇسلار» بارلىقىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلدى» دېيىلدى ۋە رېئاللىقنىڭ بۇنىڭ دەل ئەكسىچە ئىكەنلىكى پاكىتلىق رەۋىشتە ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە سەھىپىسىدە «مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلارغا كۆرە، يوقاپ كەتكەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ تەقدىرىگە ئالاقىدار سوئاللارغا ھازىرغىچە جاۋاب بېرىلمىگەنلىكى ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن قاماقتا ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ» ماۋزۇلۇق خەۋەر بېرىلدى.

**8 – ئاپرېل:**

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە بۆلۈمى «خىتاينىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشىنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا تەيىنلىنىشى دۇنيا مىقياسىدا نارازىلىق قوزغىدى» دېگەن تېمىدا خەۋەر بەردى.

«ئامېرىكا ئاۋازى»نىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ۋە خىتاي ئۆلكىلىرىدە مەجبۇري ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلىقىغا ئالاقىدار خەۋەرلەرنىڭ كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئەگىشىپ، بەزى دۇنياۋى داڭلىق ماركىلار ئۆز ئوبرازىنى قوغداش ئۈچۈن بۇ جەھەتتە ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈشكە باشلىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ھەرقانداق مەھسۇلاتىنىڭ مەجبۇري ئەمگەكنىڭ مەھسۇلى بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان.

**9 – ئاپرېل:**

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى» ئېنگلىزچە بۆلۈمىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر تىجارەتچى غوجائابدۇللاھ ھاجى تاجىسمان خىتاي ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ھاياتىدىن ئايرىلغان. بۇ چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان تۇنجى ۋاپات خەۋىرى بولغان.

**10 – ئاپرېل:**

«**bingepost**» توربىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تارىم ئويمانلىقىدا **100** مىليون توننىلىق نېفىتلىك بايقىغانلىقى خەۋەر قىلىندى.

«**public.tableau.com**» توربىدا «ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندا ئۇچراۋاتقان زۇلۇملار» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىنىپ، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا ئەڭ ئاز دېگەندە «**209** تۈرمە، **182** يىغىۋېلىش لاگېرى، **48** بۇزۇۋېتىلگەن قەبرىستانلىق بارلىقى» تىلغا ئېلىندى ۋە بۇ ئورۇنلارنىڭ خەرىتىدىكى ئورنى كوردىنات سان – سىفىرلىرى بىلەن بىللە كۆرسىتىلدى.

**11 – ئاپرېل:**

«**vice.com**»نىڭ خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترامپ تەرىپىدىن قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن خىتاي شىركىتى «**BYD**»نىڭ ئەمدىلىكتە ئامېرىكا دوختۇرخانىلىرىغا ماسكا ئىمپورت قىلىشىغا يول قويۇلغان. ئامېرىكادىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر مەزكۇر شىركەتنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە ھەربىي دائىرىلىرى بىلەن زىچ ئالاقىسى بارلىقى، شۇنداقلا زاۋۇتلىرىدا ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىۋاتقانلىقى ۋە ئۆتمۈشتە ئامېرىكانىڭ ئالاقىدار قانۇن – بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغانلىق خاتىرىسى بارلىقىنى تىلغا ئېلىپ، مەزكۇر شىركەت بىلەن تىجارەت قىلىشنىڭ خەتەرلىكلىكىنى ئەسكەرتكەن.

**13 – ئاپرېل:**

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە بۆلۈمى «خىتاي كۆچمەنلەرگە بېرىلىدىغان تولۇقلىما: ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدا نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئورۇنۇشى» ماۋزۇلۇق خەۋەر بەرگەن. مەزكۇر خەۋەرگە كۆرە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئارال شەھىرىگە ياكى قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق تۇمشۇق شەھىرىگە كۆچمەن بولۇپ كەلگەن **35** ياشقا توشمىغان بويتاق خىتايلارغا ئۆي ۋە خىزمەت بېرىلىدىكەن. ئەگەر جان سانى ئۈچتىن بەشكىچە بولغان ئائىلىلەر كۆچمەن بولۇپ كەلسە، ئۇلارغا ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي ۋە **40** مو يەر بېرىلىدىكەن، شۇنداقلا بىر يىلغىچە توك – سۇ – گازنى ھەقسىز ئىشلىتىدىكەن.

**14 – ئاپرېل:**

«**Spectator**» توربىدا «خىتاينىڭ قەد كۆتۈرۈشىنى توسۇش ئامېرىكانىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشىدۇر» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىنىپ، خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى رەۋىشتە كۈچلىنىۋەرسە، پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن غايەت زور تەھدىتكە ئايلىنىدىغانلىقى بايان قىلىندى.

«زىمىستان» تورىنىڭ «خىتاي كومپارتىيەسى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈلتۈرى ۋە دىنىنى چەكلەش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاسمىلاتسىيە قىلماقتا» ماۋزۇلۇق خەۋىرىدە، قەشقەر شەھىرىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىتايچە تاماق يېيىشكە مەجبۇرلانغانلىقىغا ئوخشاش بىر قاتار مىساللار ئارقىلىق خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تامامەن ئاسمىلاتسىيە قىلىش قارا نىيىتى پاش قىلىنغان.

**15 – ئاپرېل:**

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى» ئېنگلىزچە بۆلۈمىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆز ئۆلكىلىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى ئاتالمىش «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» سىياسىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە، شەرقىي تۈركىستانغا كۆچمەن بولۇپ بېرىشقا ھەدەپ رىغبەتلەندۈرگەن.

**16 – ئاپرېل:**
«mercatornet» توردا «دۇنيا شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇس قۇرۇلمىسى جاللاتلىقىغا كۆز يۇمۇۋاتىدۇ» تېمىلىق خەۋەر ئېلان قىلىندى. خەۋەردە خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرىغا (هامىلدارلىقنى توسۇش ئۈچۈن) مەجبۇرىي ئۈزۈك سالغۇزۇش ۋە هامىلىنى چۈشۈرگۈزۈۋېتىش ئارقىلىق ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى دەلىللەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

**17 – ئاپرېل:**
«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى» ئېنگلىزچە بۆلۈمىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، غۇلجىلىق تاكسى شوپۇرى شىرئەلى مەمەتئېلى 2018-يىلى 11-ئايدا تۇتقۇن قىلىنغان ۋە «مەلۇم بىر ئاتالمىش قانۇنسىز دىنىي زاتنى ماشىنىسىدا ئېلىپ ماڭغانلىقى» سەۋەبلىك 16 يىل 8 ئايلىق كېسىۋېتىلگەن. ئۇنىڭ ئاپىسىمۇ بۇ سەۋەبلىك ئون يىللىق كېسىۋېتىلگەن.
«زىمىستان» تورىنىڭ «ئۇيغۇرلار ئۈچۈن <نامراتلارنى يۆلەش> كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدە دېيىلىشىچە، تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنز نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان «نامراتلارنى يۆلەش» نامىدىكى سىياسەتنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنى ئۆز كىملىكىدىن مەھرۇم قىلىپ، قۇلغا ئوخشاش مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشنىڭ يەنە بىر ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان.

**18 – ئاپرېل:**
«ئېرۇسالىم پوچتىسى» تورىنىڭ «ب د ت خىتاينى كىشىلىك هوقۇقنى دەپسەندە قىلغانلىقى سەۋەبلىك مۇكاپاتلىدى» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدە، خىتاينىڭ ب د ت كىشىلىك هوقۇق كېڭىشىنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا تەيىنلىنىشىنىڭ قوينى بۆرىگە تاشلاپ قويغاندەك تولىمۇ كۈلكىلىك، بىمەنە ئىش بولغانلىقى تەكىتلەنگەن.

**19 – ئاپرېل:**
«ئاۋانگارت» توردا «ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان، كۈچەيتىلگەن <تەربىيەلەش لاگېرلىرى>» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلىنىپ، خىتاينىڭ ئاتالمىش «تېرورلۇق» ۋەھىمىسىنى تۈگىتىش مەقسىتىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى لاگېرلارغا قامىۋالغانلىقىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى تەھلىل قىلىندى ۋە خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ، دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنى بۇ رېئاللىقلارغا كۆز يۇمۇشقا مەجبۇرلاۋاتقانلىقى بايان قىلىندى.

**20 – ئاپرېل:**
«خەۋەر هەپتىلىكى» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، لوندوندىكى بىر مۇستەقىل كېسىم سوتى ب د ت نىڭ باش كاتىپى ئانتونىيو گۇتېرېسقا مەكتۇپ يوللاپ، جياڭ دۇەن ئىسىملىك خىتاينىڭ ب د ت كىشىلىك هوقۇق كېڭىشىنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. مەزكۇر سوت بۇ يىل ئۈچىنچى ئايدىمۇ خىتاينى «جىنايەتچى دۆلەت» دەپ جاكارلىغانىدى.

**21 – ئاپرېل:**
«Wired» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ماساچۇسېتس تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمانلارنى نازارەت قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەرنى ياساش بىلەن ئەيىبلەنگەن سۈنئىي ئەقىل مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان خىتاي شىركىتى «iFlytek» بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزگەن.
«zdnet» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئالما ماركىلىق تېلېفونلارغا يۈكلەنگەن IOS سىستېمىسىنىڭ 12.3

**22 – ئاپرېل:**

**«Wired» تورىدا «خىتاي ۋۇخەن ۋىرۇسى كىرىزىسىغا پېتىپ قالغان مۇشۇ مەزگىلدىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئايفونلىرىنى نازارەت قىلىشنى توختاتمىدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلىندى.**

**«theconversation» تورىنىڭ «خىتاي كەلگۈسىدە ب د ت نىڭ كىشىلىك هوقۇق خىزمەتلىرىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالماسلىقى كېرەك» ماۋزۇلۇق خەۋىرىدە، بىر خىتاينىڭ ب د ت كىشىلىك هوقۇق كېڭىشىگە دائىمي هەيئەت بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكىنىڭ دۇنيادىكى كىشىلىك هوقۇق ئەهۋالىنى ياخشىلاشقا زىيانلىق ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ خىتاي ئىشغالىيىتى ئاستىدا ئەسلىدىنلا پەۋقۇلئاددە ئېغىر كىشىلىك هوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇنىڭ تېخىمۇ پايدىسىز ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىندى.**

**23 – ئاپرېل:**

**رېيتېر ئاگېنتلىقىنىڭ «ئەنگلىيە خىتاينىڭ <تۈرمە لاگېرلىرى>دا ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا مەهسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلماسلىققا چاقىرىق قىلىندى» ماۋزۇلۇق خەۋىرىگە كۆرە، نۆۋەتتىكى دۇنياۋى داڭلىق ماركىلار ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيانقى، دۇنيادىكى كۆلىمى ئەڭ زور مەجبۇري ئەمگەككە سېلىش قىلمىشى (ئەمگەككە سېلىنغۇچى ئۇيغۇرلار)نى كۆرمەسكە سېلىۋالغان ۋەزىيەتتە، ئادۋوكاتلار ۋە پائالىيەتچىلەر ئەنگلىيە هۆكۈمىتىنى شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان بارلىق پاختا مەهسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشنى توختىتىشقا چاقىرىق قىلغان ۋە بۇ ساهەگە ئالاقىدار H&M, IKEA, Uniqlo قاتارلىق شىركەتلەرنىڭ ئىسمىنىمۇ تىلغا ئالغان.**

هېكمەتيار ئىبراهىم، ئەنۋەر قارا قۇرۇم تەييارلىدى



ئازات ئاباسوۋىچ مامىدىنوف
(2020-1952)

2020-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى ، سانت پېتىربۇرگنىڭ داڭلىق سەنئەتكارى ۋە بىناكار ئازات ئاباسوۋىچ مامىدىنوف ئالەمدىن ئۆتتى.

# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival




ئەگەر تارتقان جاپالار ،تۆلىگەن بەدەللەر بىزنىڭ كۈچلۈكلىكىمىزگە ئايلانمايدىكەن ، ئۇ جاپالار ۋە بەدەللەرنىڭ بىز ئۈچۈن قىممىتى بولمايدۇ.